ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن



# ھېكمەتلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ئىبراھىم ئالىپ تېكىن 1968 ـ يىلى
ئاتۇشتا تۇغۇلغان . 1988 ـ يىلى شىن-
جاڭ ساقچى ـ ئوفىتسېرلار مەكتىپىنى
پۈتتۈرۈپ ، ئاتۇش شەھەرلىك ج خ
ئىدارىسىدا خىزمەت قىلغان . 1996 ـ يە-
لى خىزمەتتىن چېكىنىپ ، يەككە تىجا-
رەت بىلەن شۇغۇللانغان .
قولىڭىزدىكى « ئابدۇشۈكۈر مۇ-
ھەممەتئىمىن ھېكمەتلىرى » ئىبراھىم
ئالىپ تېكىن تۈزگەن يەنە بىر كىتاب ، ئۇ
« ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ھېك-
مەتلىرى » ( 2 ـ قىسىم ) ، « مەمتىلى
ئەپەندى شېئىرلىرى » ، « ئۇيغۇر تە-
پەككۇر خەزىنىسى » ، « ئۇيغۇر يېڭى
مائارىپ تارىخىدىكى ئەزىمەتلەر » ،
« باۋدۇنباي » ( رومان ) ، « ئەنسىز يەر
شارى » ( رومان ) ، « مەمتىلى ئەپەندى
ھەققىدە ھېكايىلەر » ( 1 ـ ، 2 ـ قىسىم ) ،
« ھۆسەينىيە روھى ۋە تەكلىماكاندىكى
ئويغىنىش » ، « قارا ئوت » ( شېئىرلار ) ،
« ئۇيغۇرلارنىڭ بالا تەربىيەلەش سەن-
ئىتى » ، « ئۇيغۇرلارنىڭ توي ئادەتلە-
رى » ، « بۈگۈنكى ئۇيغۇر سودىگەر-
لىرى » ، « ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىي
تەشەببۇسلىرى » ، « تارىخىمىزدىكى خا-
قانلار » قاتارلىق بىر يۈرۈش كىتابلار-
نى ھەر قايسى نەشرىياتلارغا تاپشۇردى .

# ھېكمەتلەر

ئۆز ۋەتىنىڭنىڭ پەرزەنتى بول . قەدىردان تۇپراق بىلەن ئۆزۈڭنىڭ چەمبەرچەس باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىڭنى چوڭقۇر ھېس قىل . ئۇنىڭغا پەرزەنتلىك مۇناسىۋەتتە بول . ئۇنىڭدىن بىر ھەسسە نەرسە ئالغان بولساڭ ، ئۇرنىغا يۈز ھەسسە قايتۇر .

—— ك . د . ئۇشىنسكىي

ھېكمەتلەر

# ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ھېكمەتلىرى

(1)

تۈزگۈچى: ئىبراھىم ئالپ تېكىن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

阿不都绪库尔.买买提依明名言:维吾尔文/阿不都绪库尔.买买提依明著;依不拉音·阿尤甫编。—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.5

ISBN7—228—05757—0

Ⅰ.阿… Ⅱ①啊…②依… Ⅲ.维吾尔语(中国少数民族语言)-格言—汇编 Ⅳ.H215.3

中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第29662号

责任编辑:买买提明·艾拉
封面设计:阿不里米提·肉孜
责任校对:阿达来提·买合苏提

**阿不都绪库尔·买买提依明名言** (维吾尔文)
依不拉音·阿尤甫 编

新疆人民出版社出版发行
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)
新疆工人时报印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 7.875印张 2插页
2000年7月第1版 2000年7月第1次印刷
印数:1——3,000

ISBN7—228—05757—0/H·164 定价:15.00元

# مۇندەرىجە

**ئۇمۇر تەلقىنلىرى** ............................1
1 ـ **باب** ئىنسان ۋە ئىنسانىيەت ............................1
2 ـ **باب** مۇھەببەت ، ھەقىقەت ، نەپرەت ..............................23
3 ـ **باب** ئىلىم ـ مەرىپەت ، بىلىش ..............................35
4 ـ **باب** غايە ، ئىرادە ، ۋىجدان ، ئىپپەت ـ نومۇس .........44
5 ـ **باب** كىشىلىك تۇرمۇش ..............................70
6 ـ **باب** سەنئەت ۋە سەنئەتكار ..............................87
7 ـ **باب** مەدەنىيەت ، تارىخ ، جەمئىيەت ..............................100
8 ـ **باب** ئىنسان خاراكتېرى ۋە گۈزەللىك ..............................123
9 ـ **باب** تۆھمەت ، ھەسەت ، پىتنە ـ ئىغۋا ..............................142
10 ـ **باب** ئايال ۋە ئاياللىق ..............................161
11 ـ **باب** دىن ، ئېتىقاد ، ئىمان ، ئەخلاق ..............................166
12 ـ **باب** ئانا تىل ..............................173
13 ـ **باب** مىللەت ، ئەل يۇرت ، ئانا ۋەتەن..............................183
14 ـ **باب** ۋاقىت..............................195
15 ـ **باب** كىشىلىك ھايات ..............................199
**تۈزگۈچىدىن** ..............................203



# ئۆمۈر تەلقىنلىرى *

## ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

### 1 . قۇتلۇق يىلنامە

«ئەزەلدىن زامانلار ئۆتەر بىپايان ،
تەقۋىملەر تۈپەيلى ھېسابلار ئىنسان .»

ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋاقىتنى تەقۋىم ـ كالېندارغا ئاجرىتىپ ھېسابقا ئالغىنىغا ئۇزۇن بولمىدى . مىلادىيە كالېندارى بىر قەدەر قوبۇل قىلىنغان يىللار تىزمىسى بولۇپ قالدى . مىلادىيە ھېسابى بويىچە يەنە يېرىم مۆچەل ـ ئالتە يىلدىن كېيىن («بېلىق» يىلىنىڭ «قوزى» بۇرجىدا) بىز مۇشۇ تەقۋىمنىڭ ئىككىنچى مىڭ يىللىق ئىراسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ، ئۈچىنچى مىڭ يىللىق ئىرانىڭ بىرىنچى ئەسىرىگە قەدەم قويىمىز . بۇ ، كىشىلەر ئېيتىۋاتقاندەك ئاددىيغىنا ئەسىر ئالمىشىشى بولماستىن ، بەلكى خاسىيەتلىك ئىرا ئالمىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

تارىخ بېسىپ ئۆتكەن نەچچە تۈمەن يىللار ۋە ئۇ زامانلاردا ئالەمگە كەلگەن شۆھرەتلىك كىشىلەر بىزگە ئەپسانە ـ رىۋايەت تۇمانلىرى ئىچىدە روشەن كۆرۈنمەيدۇ . بىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدا ئېتىبارلىق ئورۇن ئالغان ساكيامۇنى ، كوڭزى ، سوقرات ۋە ئەپلاتون قاتارلىق زامان مۆتىۋەرلىرى مىلادىيە كالېندار سىزىقىدىن بەش ، ئالتە ئەسىر ئىلگىرىلا زېمىن سەھنىسىدىن چاقناپ ئۆتكەن . مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى مىڭىنچى يىللاردا ، شەرقتە غەربىي جۇ



سۇلالىسى ، غەربتە «دىئونۇس» ئويۇنلىرى خۇددى كۆدەك خىياللاردەك ئۆتۈپ كەتتى . بۇ چاغلاردا تيەنشۇيلۇك ئاتباقارنىڭ ئوغلى چىن شىخۇاڭ ۋە بۆرىنى ئېمىپ ئۇلغايغان ئىتالىيىلىك بولغۇسى ئىمپېراتور رىمس تېخى دۇنياغا كەلمىگەنىدى . ئەگەر مىلادىدىن ئىلگىرىكى ئاخىرقى مىڭ يىلدىن مىلادىيە ئىراسىغا ئاتلىغان كىشى دېيىش توغرا كەلسە ، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بىلەن ۋىداۋىنى ئەمەس ، بەلكى بۈۋى مەريەم ۋە رىم تارىخىنى بېزەندۈرگەن ئېمپېراتور ئاۋگۇست ئوكتاۋىئاننى بۇ خاسىيەتلىك تەقۋىمنىڭ قۇتلۇق ساھىبى دېيىش مۇمكىن .

شۇنىڭدىن كېيىن ئالەم ئۇپۇقىدا ئاجايىپ دانالار ، ئەۋلىيالار ، قەھرىمانلار بىلەن گۈزەللىك نامايەندىلىرى زامان ھالقىلىرىغا شۆھرەت بېزەكلىرى تاقىغان بولسىمۇ ، پەقەت ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى (934 ـ 1025) ، ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا (980 ـ 1037) ، ئەبۇلپەزىل بەيھەقى (995 ـ 1086) ۋە ئۇلارنىڭ زامانداشلىرىلا بىرىنچى ئىرادىن ئىككىنچى ئىراغا ئۆتۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولالىدى . زامانىسىنىڭ شاھىنشاھلىرى بىلەن ئەررازى ، ئەل فارابىدەك ئىلىم ساھىبقىرانلىرى ئۆز نەپەسلىرىنى بۇ قۇتلۇق رەقەمگە يەتكۈزەلمەي «ئاناسىر ئەربە ( تۆتزات)» غا قايتىشتى . شۇنىڭدىن بېرى شەرق ۋە غەربتە زېمىن قەسىرىنىڭ بۈزرۈكۋارلىرى ، تارىخ سەھنىسىنىڭ ماھىر ھۈنەرپەزلىرى ، ئىجادىيەت قەلئەسىنىڭ جاۋاھىر غەۋۋاسلىرى ، گۈزەللىك گۈلشىنىنىڭ نەفاسەت چېچەكلىرى بۇ «رابات» (قونالغۇ) غا كېلىپ كېتىشتى . ئۇلارنىڭ قەلەملىرىدىن تامغان ، تۆھپىلىرىدىن بىنا بولغان مىراس ـ يادىكارلىقلىرى تۈپەيلى زېمىن يورۇدى . ئۇلارنىڭ نام ـ شەرەپلىرىنى تىلغا ئېلىش قەلبىمىز قېتىدا ئىزگۈ ھۆرمەت ۋە يۈكسەك ئىپتىخار تۇيغۇسىنى

ئويغىتىدۇ! ئەمما، تارىخ ئۇلارغا ئەمەس، بەلكى جىسمىدا ئەسىـرىمىزدىن ھالقىش قۇربىتى ۋە قەلبىدە ئەلگە ھەدىيە قالدۇرۇش قىممىتى بولغان زاماندىشلىرىمىزنى ئىككىنچى ئىرادىن ئۈچىنچى ئىراغا بوسۇغا ئاتلاپ ئۆتۈشنى نېسىپ قىلماقچى. بۇ پەقەت مىڭ يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان بىقىياس ئامەت ۋە بىتەققاس شاراپەت، ئەلۋەتتە! كېيىنكى ئۆتىنچى ئىرا بوسۇغىسىغا قەدەم قويىغۇچى بەختلىك ساھىبقىران تېخى نامەلۇم. ئۇ، ئىنسانىيەتنىڭ ئالەم بوشلۇقىدا «يىپەك يولى» ئاچقان ئىراسىمۇ ياكى بۇلغىنىۋاتقان زېمىن مۇھىتى تۇپەيلى ئادىمىزات خۇددى قۇرۇپ قالغان پىلە غوزىسى ئىچىدىكى كېپىنەكتەك ئەبەدىيەتلىك ئۇيقۇغا كەتكەن زامانمۇ، بۇلار بىردەك مۇمكىنلىك ئىچىدىكى تىلسىمدۇر. شۇنداق، تەبىئەت مۇھىتىنى ھېسابقا ئالماي، كىشىلىك كامالىتى ھەققىدە مەنتىقىي مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن مۇتەپەككۇر خىيالىي مۇتەپەككۇردۇر. مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھەممىسى «بۇخارا دەرۋازىسى» دىن ئاتلاش شەرىپىگە ئىگە بولالمىغاندەك، «بۇخارا دەرۋازىسى» دىن ئاتلىغانلارنىڭ ھەممىسىلا مۇتەپەككۇر بولىۋەرمەيدۇ. ئەگەر تاشقى ئالەم ھادىسىسى بولغان مۇشۇنداق ئىرالار ئالمىشىدىغان يۇلتۇز بۇرجلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈش ئامىتى ئىچكى ئالەم ھادىسىسى بولغان ئۆز ـ ئۆزىنى يوقلاپ بىلىش بىلەن، جۇملىدىن ماكان چالغۇسىدىن زامان ناۋالىرىنى تۈزۈۋاتقان تارىخ يۈزلىنىشلىرىنىڭ ئەسرارى بولۇش شاراپىتى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەندە ئىدى، ئۇ، مىسلىسىز ئالىي ماقامدىكى خاسىيەتلىك قۇت مۆجىزىسى بولغان بولاتتى. ئۆزى تۇپراقتىن بىنا بولغان بەندە تۇرۇپ، يەنە ئۆز ئىقتىدارى بويىچە تەگرى بىلەن سىردىشىدىغان ۋە ئۇشبۇ پەزىلىتى ئۈچۈن نادانلىق ھەسەتلىرى ۋە جاھالەت غەيۋەتلىرى كاساپىتىدىن كرېست دارىغا مىخلانغان ئېيسانىڭ مىلادىيىگە تەقۋىم بېشى بولغانلىقى



يوللۇق بولسا كېرەك !

## 2 . ئارىفلىق يېشى

«يىللار تۇزانىدىن باشقا ئاق كىرەر ،
شۇ باشنىڭ پەرقىدە ئاسمان بىلەن يەر .»

مىڭ يىللار كىرەلىشىدىغان تەقۋىم مۆجىزىسىكە يېرىم مۆچەل قالغاندا مەن ئاتمىش ياشقا كىرىمەن .

ئاتمىش ياش — ھايات مەنزىلىدىكى ئۆزلۈكنى يوقلاش قونالغۇسى، ئاتمىش ياش — يۈكسەك سۈكۈنات ، تېرەن تەلقىن پەللىسى، تەگرى لايىدىن ئاتا قىلغان ۋە ئانا قارنىدىن پەرزەنت قىياپىتىدە تۆرەلدۈرگەن ئىنسان ئۆزىنى دۇنيا مەشىقەتلىرىگە بۇرما مىختەك بارغانسېرى كۈچەپ كىرگۈزۈپ ئاتمىش يىلنى تاماملىشى مۇمكىن . سىرتقى تۇسى پەرىزاتتەك ئەپسۇنكار ، ئىچكى ماھىيىتى تۈگمەن تاشلىرىدەك بىۋاپا ، ياۋۇز ، ھىيلىگەر بۇ قەدىمكى دۇنيامۇ ئاتمىش يىل ئىچىدە ئۆز سىرلىرىنى ئىنسانغا يەتكۈدەك ئاشكارىلاپمۇ ئۈلگۈرىدۇ . ئۇ نادان ، خەسىسكە يىغا ، دانا ۋە ئارىفقا بىر سوغۇق كۈلكە ئاتا قىلىدۇ . ئۇنى بوياپ ـ سىرلاپ دوك بولۇپ «زاھىد بولما ، ئابىد بولما ، ئاشىق بولغىن» دەپ تەلەپ قىلىدۇ . ئۇ ۋەسلى ئىلاھنى بىلىش ۋە ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلاشنى ئويغانماق ، دېسە ، جالالىدىن رۇمى ئىنساندا تەگرى قىممىتى ۋە ئەقىدە ماقامىنى كۆرۈشنى ئويغانماق دېدۇ . نيۇ ـ يورك شەھىرىنىڭ سابىق باشلىقى جون لىنسي بولسا : ئاتمىشتىن ھالقىغاندىن كېيىن ھېچقانداق نەرسىنىڭ تەمەسىدە بولماسلىقنى ھەقىقىي ئەركىنلىك ، دەپ قارايدۇ .

شۇنداق ، مەن ئويغىنىش يېشىمغا ـ ئارىنى يېشىمغا كېلىپ قالدىم . ئىرىك ۋاقتىمدا ئۆلۈمنى ئويلاپ ، مۆتىۋەر چېغىمدا تۇپراقلىق زاتىمنى تونۇپ ، كىبىرۇ ـ ھاۋانى قايرىپ قويۇپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە مۇنكىر ـ نەكىر سورىقىنى سورىغىم بار . ئۆمۈر مەنزىللىرىمدىن ئۆمىد جاۋاھىراتلىرى تېپىش نىيىتىدە تەرمەچلىرىم سېلىنغان سەپەر خۇرجۇنۇمنى تەلقىن داستىخىنىغا تۆكۈپ ، ئۇلارغا ئەقىل بىلەن نەزەر تاشلىماستىن ، بۇ ماقامغا قەدەم قويالمايمەن .

شۇنى شەرت قىلىمەنكى ، مەن ئىنسانىيەت تېخى يوقاتقان ئۆزىنى ، ئۆز ماھىيەتلىرىنى تاپالمىغان ئىرادا تۇغۇلدۇم . مەن يەنە «يېپەك يولى ئىللەتلىرى» مېنىڭ كىشىلىك مۇھىتىم بولۇپ تۇرغان ئەسىردە ياشىدىم . ھايات سەرۋىمگە زامان توزانلىرى بىلەن قاپلانغان چىپار يۆگىمەچلەر چىرماشقان . ھازىرقى زامان روھىي كېسەللىكلىرى ئالىملىرىنىڭ : پۇقرادىن پرېزىدېنتقىچە ھەر خىل دەرىجىدە غەيرىي نورمال روھىيەتكە گىرىپتار بولغان ، دېگەن شۇ كېسەلچانلىقتىن مەنمۇ خالىي ئەمەسمەن . ئەلدىن مەغپىرەت تىلەش ، ئەقىل پاكلىقىنى ئىزدەش ــــ مانا بۇ مېنى قىزىقتۇرۇۋاتقان پىداكار تېما . «ئۆمۈر تەلقىنلىرى» ئارقىلىق ، ئۇنىڭ ئۇچۇرىدىن ئۇچۇر قىلماقچىمەن .

## 3 . تەقدىر چەمبىرى ۋە ئىرادە ھۆرلۈكى

«زامان ـ ماكان ـ تۆركۈمدىن پىچىلۇر تەقدىر ـ قىسمەت .
ئاقىۋىتىنىڭ بېكىتەر سەندە ئىرادە ـ ھىممەت» .

ئادەم ئۈچ نەرسىدىن ھالقىيالىشى تەس . ئۇ ماكان ، زامان ۋە ئۆزى تەۋە بولغان مەدەنىيەت تۆركۈمىدىن ئىبارەت . مەن مىلتىق



بىلەن كەتمەن تۇرمۇشىنىڭ يىلتىز ۋە شېخى قىلىنغان ماكان ـ زامان تۇركۇمىدە ياشىدىم . قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا قانىلى ـــ تارىم ۋادىسىدا كونا ـ يېڭى مەدەنىيەتلەر ئارىلاشقان ، تارىخىي ئەپسانىلەر بىلەن كەلگۈسى خىياللىرى رېئاللىقتىن شۇنچە يىراق بولغان ، ۋەزىيىتى خۇددى تراكتور ئارقىسىغا چېتىلغان كوزۇپتەك ئۆزىدىن سىرتقى قۇدرەتلىك داۋالغۇشلار تەسىرىدە تېز ئۆزگىرىدىغان زامان مېنىڭ نەپەس خەزىنەم بولدى . ئەتراپىمدا ئالىيجانابلىق بىلەن خەستىلىكنى ئۆز روھىيىتى قىلغان خەلق ھەركەتلەنگەنىدى . مەن تۇغۇلماستىن ئىلگىرى باشلانغان يېڭىچە ماتارىپتىن بارغانسېرى شۇنچە كۆپ كىشى تەربىيىلىنىپ چىققان بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ ئارىفلىرى ئاز ۋە بەختسىز ئىدى . خۇددى خەلق چۆچەكلىرىدە ئېيتىلغاندەك ئۇلارنىمۇ «بارسا كېلەر» ، «ياكى كېلەر، ياكى كەلمەس» ، «بارسا كەلمەس» ھايات يولى ئىككىلەندۇرۇپ تۇراتتى . پۇل ـ بايلىق ـــ بارسا كېلەر ، ھوقۇق ـــ يا كېلەر ، يا كەلمەس ، ماتارىپ ـ بىلىم يولى ـــ بارسا كەلمەس يولغا ئوخشاپ قالغان . ھوقۇق تۇتقانلار ۋەزىيەت مۇقىم زامانلاردا «پەيتۇن ھارۋا» غا ئولتۇرۇپ ، بىر قەپەس دەۋران سۈرمەتتى . ئەمما بىر ئۆمۈر دەۋران سۈرگەنلەر ئاز ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ھوقۇقنىڭ تۆپىسىدىمۇ ، تېگىدىمۇ ئىككى قورقۇنچلۇق كۈچ تۇرغاچقا ، بىر قارىسا يالغان نەرسىدەك ، ئەمما ئۇ ھەر ھالدا ھاڭ ئالدىدا يىلتىزى ئېچىلىپ قالغان دىقماق دەرەختەك ئەنسىزلىكتىن خالىي ئەمەس ئىدى . پۇل ئىگىلىرى پاتقاقتىن مەرۋايىت يىغقاندەك ھەپىلىشىش بىلەن ئۆتەتتى . ئۇلار ھوقۇقنىڭ قوغدىشىنى ، ھوقۇقمۇ پۇلنىڭ بېقىشىنى شەرت قىلغانىدى . بايلارنىڭ مازارلىرىمۇ تام چۆرۈلگەن ، بەزىلىرى شامكۆر قىلىنغان ئالتۇنلۇقلار ئىدى . ھېلىقى

ھوقۇقدارلارنىڭ قەيەرلەردە قانداق ئۆلۈشىنى خۇدا ئۆزى بىلەتتى .

قەغەز ـ قەلەم ئەھلى ، بولۇپمۇ ئىلىم ۋە مائارىپ ساھەسىدىكىلەرنىڭ تەقدىرى ئومۇمەن ئېغىر ئىدى . بايلار ياكى ھوقۇقدارلارغا ياللانغانلىرى ، ھەتتا ھوقۇقدار بولۇپ قالغانلىرىمۇ ھۆرلۈك پەللىسىدىن يىراقتا تۇراتتى . زىندانلاردا چىرىپ كەتكەنلەرنى ھېسابلىمىغاندا ، زاماندىن زامانغا دومىلاۋەرگەنلىرىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغان بىلەن ، باغرى ئالا ـ يېشىل بويۇلۇپ كەتكەنىدى . كۆپچىلىك زىيالىيلار تۇرمۇشنىڭ تۆۋەن نېسىۋىسى بىلەن خۇددى مېيىپ كىشىلەردەك تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ كۈن ئۆتكۈزەتتى . ئۇلارنى بايلارمۇ ، ھوقۇقدارلارمۇ ، قارام ـ لۈكچەكلەرمۇ ، زاھىد ـ ئىشانلارمۇ خەتەرلىك تۈركۈم ھېسابلىشاتتى . سىياسىي كاززاپلار ئۇلار ئارىسىغا ئوۋ تايغانلىرىنى سېلىپ جاھاندارچىلىق شىكارلىرىنى قىلىشاتتى . يۈرەك ۋە سىل كېسىلى ، ھاقارەت ۋە تەھدىت ئۇلارنى قورقۇتالمىدى . ئۇلار ھەر ھالدا تارىختىن ، دۇنيادىن ، ھەقىقەت ۋە ئادالەتتىن خەۋەردار ئىدى . ئۇلار يېڭىلىقنىڭ بولۇپ تۇرۇشىنى ، مۇئەييەن تەرتىپ قېلىپى تولىمۇ سۆرىلىپ كەتمەسلىكىنى ناھايىتى ئاددىي ، ئەمما ئۈمىدۋار خاھىش قىلىشقانىدى . مەن مۇشۇ جۈملىلەرنى يېزىۋېتىپ ، ئۆز ئۇستازلىرىمنى ، ئۇلارنىڭ ئۇچقۇر كۆز ، تېرەن پىكىر ، كەم سۆز ياكى ناتىق ، پەقىر ـ مىسكىن ھالىتىنى ، ئۇلارنىڭ كېسەلچان ھەم تىرىشچان ئاياللىرىنى ، ئۇلارنىڭ ئەقلى تېز يېتىلگەن لاچىن مىجەز گۆدەك پەرزەنتلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم . مانا مەن ئاتمىش ياشقا كىرگىنىمدە ئۇلارنىڭ تولىسى ھايات مەنزىللىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولغان . ئەمما ئۇلارنىڭ كۆزىدىن چاقنىغان نۇر ، سۆزلىرىدىن لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت تېخى ئۆچمىگەن ، ئۇ ــ پۈتۈن تارىخ ۋە



پۈتۈن دۇنيادىكى شۇ خىل نۇر ۋە ئوتلار بىلەن بىللە ئىنسانىيەت ئارىسىدا مەدەنىيەت قۇياشىنى بەرپا قىلىدى . ئۇلار چۆلدە كۆرۈنـمىگەن ئالۋۇندەك ، بار دېسە بار ، يوق دېسە يوق قىسقا ئۆمۈرلۈك ھوقۇق ئەھلىگە قارىغاندا خەلق تۈركۈمى قوينىدا يالتىراپ تۇرغان بىباھا گۆھەرلەر ئىدى . ئۇلار يۇقىرىنىڭ قولى ، تۆۋەننىڭ خوجىسىلىق ماھىيەتلىرىنى ئۆزگەرتمىگەن ئوتىغاتسىز ئەمەلدارلارغا نىسبەتەن ۋىجدان مۇختارىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن مەغرۇر ئىدى .

## 4 . قەترىدىن قۇياشنى ئىزدەپ

«زامان ، ماكان بىپايان ، كېزىپ چىقالماس ئىنسان ،
كىتابەت قەترىسىدە بىلىم قۇياشى ئايان .»

مېنىڭ ھايات يولۇم پۇل چېكى ياكى ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىنى ساناش بىلەن ئەمەس ، بەلكى كىتاب ـ ژۇرنال سەھىپىلىرىنى ۋاراقلاش بىلەن ئۆتتى . مېنىڭ ئۆمۈر پائالىيىتىم ئائىلىدىن مەكتەپكە ئۆتۈش بىلەن داۋاملاشتى . ئوقۇتقۇچى بولۇش ماڭا ھەم تەقدىر ، ھەم ھىممەت ـ ئىختىيار ئىدى . بۇنىڭدىن باشقا ئالۋۇن مەنسەپ ، ۋاپاسىز تاپاۋەت مېنى ئۆزىدىن سەسكەندۇرەتتى . نېمىشقىدۇ ئىزگۇ ۋە مۇڭ بىلەن گىرەلەشكەن سۆكۈنات شەكلىدىكى تەپەككۇر مېنىڭ قۇياشىنى ـ يورۇقلۇقنى ئىزدەش مەشغۇلۇم بولۇپ ئادەتلەشكەنىدى . ماكان ـ زامان ـ تۈركۈم ساپاسىنىڭ تارىـخـي قاتلىمى تۆپىلى مەنمۇ خۇددى «يېپەك يولى» بېكىتلىگەن زامانلاردىكى دادام ، بوۋام ھەم چوڭ بوۋىلىرىمدەك تەقىپ ، تۇتقۇن ، بوھتان ۋە باغلاق رېيازەتلىرىدىن خالىي بولالمىدىم . مەن بۇ



جەمئىيەتتە ھېچبىر رەقىبىم ياكى خالاسكارىم بولغان شەخسنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمەيمەن . قورققاق دوستلىرىم بىلەن شەپقەتتىن ئادا ـ جۇدا بولغان ھوقۇقدار تۇغۇشقانلىرىمنى نامەردلىكتە ئەيىب ـ لىيەلمەيمەن . نامەردلىك مەلۇم مەنىدە ساناقسىز كىشىلەر پادىسى ـ نىڭ روھىيەت ھالىتى بولۇپ ، ئۇنىڭ يىلتىزى ماكان ـ زامان ـ تۈركۈم ساپاسىدىن تەركىب تاپقان مەسخىرىلىك تارىخىي قاتلامدا ئىدى . ئېسىمدە بارىدا ئېيتىۋالاي : مۇشۇ تارىخىي قاتلامغا قانداق مۇناسىۋەت ، مېنىڭچە ، كەلگۈسىنىڭ ئۆز ئۆتمۈشىدە يارىتىلغان قەغەز ـ قەلەم دۆۋىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشىدىكى مىزانىغا ئايلى ـ نىشى تولىمۇ تەبىئىي .

كىتاب ماڭا ئىلىم ، يورۇقلۇق ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرچان پىكىر بېغىشلىدى . بۇلا ئەمەس ، كىتاب يەنە مېنىڭ تۇرمۇشۇمدىكى بىرقاتار بىگۇناھ سۇيىقەست ۋە ئىجتىمائىي پاجىئەلىرىمگىمۇ يول ئاچتى . ماكان ـ زامان ـ تۈركۈم ئۈچ بۇرجىكىدە ماگىلان كېمى ـ لىرىنىڭ غەرق بولىدىغانلىقىنى ، «بېكىنمىچىلىك» تامغا قى ـ لىنغان تارىخىي قاتلامدا تېپەككۇر ئۇچقۇرلۇقىدىن بابارەھىم مەش ـ رەپ ، مۇھەممەد سىددىق زەلىلى ، ئابدۇللا خاراباتى ، يەنە ئابدۇقادىر (داموللا) ئەزىزى ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ، لۇتپۇللا مۇتەللىپ پاجىئە ـ لىرىنىڭ زەنجىرسىمان دولقۇن ھاسىل قىلىدىغانلىقىنى ماڭا بې ـ شارەت قىلدى . دەرۋەقە ، قۇمۇلدا قايسىدۇ بىر دانا : «ھەقنى دې ـ مەكلىك ، ئاچچىق يېمەكلىك» دېگەنىكەن .

مەن چەككەن رىيازەتلىرىمگە سەۋەب بولغان تارىخىي مۇقەر ـ رەرلىكنى ھېس قىلىش بىلەن بىللە ، مۇشۇ ئوت ـ تۈتەكلەرنىڭ ئۈستىگە ئېسىلغان پولات شالاسۇن ۋە چويۇن قازاندا پىشقان ئە ـ قىل ـ ئارىق غىزاسىنىڭ قىممىتىنى قەدىرلىدىم . مېنىڭچە ،



ھەممە نەرسە— توپان بالاسى، قۇياشنىڭ كۆيۈشى، دەشت- چۆللىنى جەسەتكە تولدۇرۇۋەتكەن جەڭ، ئېيسانى ئاسقان دار، بۇزۇلغان مۇھىت، ئايرىلىپ كەتكەن ئۆلپەت ... يەنە نېمە- نېمىلەر — قىس- قىسى، پۈتكۈل ئاپەت ۋە قاباھەت خۇددى ھەسەل ھەرىسىدەك بىر قىيامى شەربەتنىڭ — ئىزگۈلۈك، بىلىم ۋە يورۇقلۇقنىڭ يېتىل- شىنى تېزلىتىدۇ! چۈنكى، ئۇمۇ جىددىي ئۆچۈردىن ئىبارەتتۇر. تۇرمۇش شۇنداق نېمە، ئۇنىڭدا كۈش يەپ، چىش كولاش بىلەن ھۇزۇرلىنىپ لەيلەپ يۈرمىسەڭلا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى «پەرداز قىلىنغان پەرى» قىياپىتىنى ساڭا ئېچىپ كۆرسىتىدۇ. شەرت شۇكى، نەپسىڭنى پىكىر ئىلھامچىسى، مەئىشىتىڭنى رەڭلىك كۆزئەينەك قىلىۋالما!

مەن ئوقۇدۇم! خۇددى يېقىندا كاتتا ئىمتىھان بولىدىغاندەك، خۇددى يېقىندا يېڭى بىلىم كورزىنت سىزىقى ئېچىلىپ ساۋات- سىزغا ئايلىنىپ قالىدىغاندەك جىددىيلىك، ئالىم سىرلىرى ئۇس- تىدە ئۆتكەن ئالىملاردىن دەرس ئالغاندەك كىچىك پېئىللىك، ھەممە مۇتلەق خۇلاسىلەرگە ئىسيان كۆتۈرىدىغاندەك گۇمانىي تۇيغۇ، يېڭى بوغۇننىڭ ئەلچىسىدەك جىددىي جاۋابكارلىق بىلەن ئوقۇدۇم. مەن ھېلىمۇ ھەر كۈنى ئوقۇيمەن. پارك- خەۋەر مەن- بەلىرىگە قارىغاندا، ئاساسىي بىلىش مەنبەلىرىگە مايىلمەن. قا- چانكى كىتابتىن مەن بىلمەيدىغان يۇقىرى قاتلام بىلىملەر، بې- شارەتلەر، ناتونۇش ئىبارىلەر چىقىپ مېنى لۇغەت ئىزدەشكە مەجبۇر قىلسا ئالاھىدە روھلىنىپ كېتەتتىم. ئۆز سەۋىيەمگە لايىق ياكى مەن ئۈچۈن «ئاتام ئېيتقان بايىقى» قىممىتىدىكى كىتابلارنى بىر قۇر ۋاراقلاپلا نېپىز ئەگلەكتىن ئۆتكۈزۈپ قوياتتىم. ئىبن سىنا كىتاب ئوقۇپ چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن كايىمىغان بولسا فارابى

بىلەن باغلانمىغان، ئارىستوتېل پىكىر ئېقىمىغا قەدىم قويمىغان ۋە
«شەيخۇل رەئىس» بولمىغان بولاتتى. كىتاب — ئۇ تېلېفوندىكى
سۆزلىشىش ئەمەس. ھۇررۇنلۇقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بەلگىسى ۋە
غەپلەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئالامىتى، مېنىڭچە، كىتاب داستى-
خىنىدا مۇئەللىپنى تائامنى چايناپ بېرىشكە بۇيرۇشتۇر. مەن ئە-
زەلدىن بىلىمگەنلەرنىڭ ناتوغرىلىقىنى ئاشكارىلاپ بىلىم ھەققىدە
سۆزلەشنى زادىلا خالىمايتتىم. بىلگەنلىرىنى بازلاش ھاماقەتلىك
ۋە تەنتەكلىك دېگەن قارىشىم دەسلەپتىلا چۈشەنچە شەكلىدە ئە-
مەس، ئادەت شەكلىدە مېنى سۈكۈناتچان قىلىپ كەلدى. ناتوغرا
سۆزلىگەنلەردىن پات - پاتلا ھەقىقەت ئامىللىرىنى ئاقتۇرغۇم،
بەلكى ئۇنىڭ بىرەر ئاساسى بارمىكى، دېگۈم كېلەتتى. چۈنكى
مەن ئىلىمنى بەيگە ئېتى، بايۋەچچە قولىدىكى ئالماس كۆز ئۈزۈك،
موللام ئاغزىدىكى پەتىۋا دەپ ئەمەس، بەلكى پەقەت باشلانغان،
داۋام قىلىۋاتقان، تۈگەللەنمىگەن ئالەمشۇمۇل — تارىخىي ئىزدى-
نىش بىناكارلىقى دەپ قاراپ كەلدىم.

ئىلىم پىداكارلىرىنىڭ تەزكىرىسىنى بىلىش مېنىڭ دائىملىق
«پاكلىنىش» دەرسىم بولدى. ئۇ سەلتەنەت ساھىبلىرىنىڭ تاسا-
دىپىي ۋە تەۋەككۈل شەجەرىلىرىگە زادىلا ئوخشىمايتتى - ئىلىمگە
ئەمەس ئالىملىقا، ھېكمەتكە ئەمەس ھاكىملىققا، ئىزگۈ يۈك-
سەكلىككە ئەمەس ساختا شۆھرەت ۋەسۋەسىگە، پاكلىققا ئەمەس
سۇيىئىستېمالغا بېرىلىپ بۇ قۇياش قەلئەسىگە قەدەم قويغانلارنىڭ
قولىدىكى قەلەم، زامانلار ئۆتتۈپ ئۇلارنى ھەشەمەتلىك ساختا لە-
ھەتلىرىدىن ئىرغىتىپ مەسخىرە مەيدانىغا تاشلايدىغان پولات كۆ-
رەك بولىدىغانلىقىنى مەن ئاشۇ قۇتلۇق تەزكىرىلەردىن بىلدىم.

مەن فارابى، ئىبنى سىنا، ئەلىشىر نەۋائىيدەك بىلىش يولىدا



نىكاھسىز ئۆتۈشنى راۋا كۆرمىدىم. شۇنىڭدەك سەيفۇل دەۋلە، نوھ ئىبن مەنسۇر، ھۈسەيىن بايقارانىڭ ھامىيلىق قىلىشىنىمۇ مۇناسىپ كۆرمىدىم. ئالاقىلانە ـ پىداكار ئائىلە ۋە غېرىبانە سىياسىي تەنھالىق مېنىڭ ئىككى ئامىتىم بولدى. ئۇ قەلبىمنى قىزدۇرۇپ، زېھنىمنى سوۋۇتۇپ تۇردى، روھىي ئەسەبىيلىكتىن «يەكچەشمە» بولۇپ قالمىدىم. تەرسا رەشكى ھەسەت بىلەن ناھەق رىيازەت مېنىڭ مۇشۇ ئۆمۈر مۇھىتىمدا ئېرىشەلىشىم مۇمكىن بولغان ۋە مېنى قەھۋەخانىغا ئەمەس، زېھىن خىلۋەتگاھىغا باشلاپ بارىدىغان نوبېل مۇكاپاتىم ۋە ئوسكار مۇكاپاتىم بولدى. ئۇ ماڭا ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە: «ماتارىپ قەسرىسىدىن شاھادەتنامە ئالغانلارنىڭ ھەممىسىلا ‹ ئارىف › بولىۋەرمەيدۇ!» دېگەن پىكىرنى قايتا ئەسلىتىدۇ.

## 5. ھېسسىياتخۇمار ئىرسىيەت

« مۇشۈكنى ھارۋىغا قوشساڭ كاڭغا سۆرەيدۇ. »

ـــــقۇمۇل خەلق ماقاللىرىدىن

ئىنسانشۇناسلىق بىلەن جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ كېيىنكى نەتىجىلىرىدىن بىرى مىللەتلەرنى «ئېتنىك مەنىدىكى مىللەت»، «ئىجتىمائىي مىللەت»، «سىياسىي مىللەت» دېگەن ئۈچ كاتېگورىيىگە ئايرىتىش بولدى. ئۇلارنىڭ بۇ كاتېگورىيىلىرى ۋە ئۇنىڭغا مىسال كەلتۈرگەن مىللەتلىرى ھەققىدە بۇ يەردە توختىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئەمما، شۇنىسى روشەنكى، مىللىتىمىز پارلاق مەدەنىيەت «ئەلئېھراملىرى» نىڭ بىناكارلىرى بولۇشى بىلەن بىللە، ھازىرقى «ئېتنىك مەنىدىكى مىللەت» لىك كاتېگو-

رىيىسىدىن ھالقىپ چىققىنى يوق . ئۇلار چەت ئەللەرگە تارقى-
لىشىنى خالايدۇكى ، يەھۇدىيلاردەك چەت ئەللەردىن كېلىپ توپ-
لىنىشىنى خالىمايدۇ . ئۇلاردا بىر ئېتنىك — تەبىئىي مىللەتكە
خاس پۈتۈن ئالامەت ، مەدەنىيەت ۋە ئەۋزەل سەنئەت ، مىللىي ئا-
دەتلەر تولۇق . ئۇلارنىڭ ئۇتۇق ۋە ئىللەتلىرى ، ئالىم ۋە شائىرلىرى
، سەركە ۋە جامائىتى تۆكۈل ھەتتا ئىپتىخار - نومۇس ، مۇھەب-
بەت - نەپرەت ، باھا - پاراڭ جۇغلانمىلىرىمۇ ئۆز كاتېگورىيىسىگە
لايىق . ئۇلار قۇم - بوران ۋە سۇ ئاپىتى بىلەن ئوقۇش ۋە خىزمەت
سالاھىيىتىدىن يۈرەكزادە بولۇپ ، مول ھوسۇل ياكى توي - تۆ-
كۈندىن مەشرەپ قۇرۇپ كېلىشتى . ھەتتا ئۇلارنىڭ يۇرت كاتتى-
لىرىمۇ سەنئەتتىن ئىبارەت بۇ ئىككىلەمچى نەرسىنى ، مۇقامدىن
ئىبارەت بۇ «دەستىنىسى ساتاردا ، بەستىنىسى ئەيتاردا» بولغان ئىك-
كىنچى زۆرۈرىيەتنى خەلقنىڭ توپ خۇمارى قىلىپ ، بىر - بىرى-
دىن بەكرەك سۆرەن سېلىشتى . مەن ئۈستىگە مال - يۈكتىن ئى-
بارەت «توقام» سېلىنغان تۆگىدە ئولتۇرۇپ قەدىمكى «يىپەك يولى»
دا مۇقام ئويناپ كېتىۋاتقان بەش سەنئەتچى تەسۋىرلەنگەن رەڭلىك
ساپال ھەيكەلنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم . ئۇلار ئاڭسىز بولسىمۇ ،
تارىخىي ماتېرىيالىزمغا ئەمەل قىلىپ «توقام» بىلەن «مۇقام» نى
تەڭ تۇتقان ، «توقام» نى ئاستىغا بېسىپ تۇرۇپ ، بەرباپ تارىسىغا
ناخۇن سوققانىكەن . بىزچۇ؟ !

گۆدەكلىكىمدە مەنمۇ سەنئەت خۇمار بولۇپ قالدىم . ماڭا تەسىر
قىلغىنى ، ئالماتادىن كىرگەن ئوقۇش كىتابلىرىدا تىلشۇناس ۋە
ئەدىبلەرنىلا شۆھرەتلىك ئالىملىرىمىز دەپ تونۇشتۇرغانلىقى ،
بىزدە ھېكمەت ۋە تەبىئىي پەن ئالىملىرى ھەققىدە خەۋەرسىزلىك
ھۆكۈم سۈرگەنلىكى ئىدى . ئەكسىچە ، مەن يېڭى زامان



«ئەدەبىيات» ۋە «ئالماناخ» لاردىن ئەمەس، ھېسسىياتقا باي خەلق قېنى، تۇرمۇش مۇڭى، تەسەۋۋۇر يالقۇنى بىلەن كونا شېئىرىي دىۋانلار تەسىرىدە كىلاسسىكلىرىمىزدىكى شېئىرىي ئىرسى ئامىللارنى چاقماق قىلىپ، قەلب چېقىنداقلىرى چېقىشقا مايىل بولدۇم. كېيىنچە شېئىرىي ھېكمەت ئۇستىلىرى — نەۋائىي، شىرازىي، كىيوتى، ئۆمەر ھەييام بىلەن مەشرەپ ئەسەرلىرىدىن شېئىرىيەتنىڭ ئىنسانىي ياۋۇزلۇقتىن قۇتۇلۇشقا مەدەت قىلىدىغان مۇمكىنلىكىگە ھەيران بولىمەن. بۇ مۇمكىنلىك تەلپكار مۇمكىنلىك ئىدى. شۇنداق قىلىپ، مەن ھادىسىلەرگە كۆپرەك تۇتاشقان ھېكايەتچىلىككە قارىغاندا دەبدەبىسىز، شادىيانە چوقانلاردىن يىراق ياۋا شېئىرىيەت يولىغا كىرىپ كەتتىم. ھەر خىل گۈللەردىن، چىلان تۇپراقتىن ئاقىدىغان ئېرىق بويىغا ئۆسكەن رەيھان ۋە يالپۇزلاردىن پەرقلىق مېنىڭ شېئىرىي ھېسسىياتلىرىم يۇلغۇن چېچەكلىرىگە ئوخشاش تەنھالىق مۇڭى، ئۇسسۇزلۇق چاڭقىقى ۋە بوران ئەنسىزلىكى بىلەن تولغاندى. ئۇنىڭدىن سەتەڭلەرگە ئوسما، گۈلخۇمارلارغا تەشتەك گۈلى چىقمايتتى. خۇش پۇرىقى ۋە ئەتىرگۈلىدەك يۇمران- نەپىس بەرگى بولمىغان بۇ ھالدىكى چېچەكلەر ئۆز ئىزىغا تۆكۈلۈپ، ئۆز شېخىدا ئەسىرلەرنى ئۆتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ ئەۋجىنى يالقۇنلۇق تونۇردا ياكى گۈلخان ئۆركەشلىرىدە كۆرۈش مۇمكىن.

يازغان ھېكايىلىرىم كۆپ ئەمەس. «زۇلۇم ئوچىقى»، «ئاق خالات»، «كېسىلگەن قۇلاق»، «كىچىككىنە ئاسكۇل»، «نېلۇپەر»، «تاش پەرى» ھېكايىلىرىنى يازدىم. نىمە ئۈچۈندۇر، ماكان- زامان ھادىسىلىرى بىلەن تۇتىشىدىغان چوڭراق ۋە كۆپرەك نەسرىي ئەسەرلەرگە مەيلىم بارمىدى.

ھازىرغىچە ئېلان قىلىنمىغان تارىخىي دراممىلىرىمدىن يەتتىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىمەن. ئۇلار: «سۇمۇرغ قوشىقى»، «قەدىمكى يىپەك يولى»، «ئوردىدا باھار»، «پىلە مەلىكىسى»، «مەلىكە كۆلىيۇز»، «تەگرىتاغ ناخشىسى»، «دات باسمىغان قىلىچ» تىن ئىبارەت. «مەرۋايىت مەلىكە» نامىدا ئۇسسۇل سىپكتاللىمۇ يازدىم. ئېمىشقىدۇ 30 ياشلاردا يازغان بۇ تارىخىي دراممىلارنى ئىشكاپىمدىن چىقارغۇم كەلمىدى.

شېئىرلىرىمنىڭ ئوندىن بىرى ئېلان قىلىندى. ئېلان قىلىنمىغان شېئىرلىرىمنى «باھارىيات»، «ئاق توز»، «ئۇچقۇن بىلەن شەبنەم»، «كۆكۈل كۆيلىرى»، «ۋىسال بېغى»، «سىرىن چېچىكى»، «ئېزكۈلۈك كۆز يېشى» قاتارلىق توپلاملارغا ئايرىدىم. شېئىرلىرىمنى ئومۇمەن بەش تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن:

لىرىك شېئىرلارنى بارماق ۋەزنىدە قىسقا يېزىشقا مايىل ئىدىم. ئۇلار ئىككى، ئۈچ، بەش كۇپلېتنى ئاساسىي شەكىل قىلغان بولۇپ، يۈرەكتەك چاققان بولسا، ئۆپكىدەك سوزۇلما بولمىسا، دەيتتىم، مەسىلىنى قويۇپ يەشمەسلىك، ماجازى غۇۋالىق، ھەممىنى ئىراكىبىدەك تۇستە ياساندۇرۇش، چاقماق چېقىپ قويۇش، كۆز يېشىنى مىسرا قىلىپ قاتۇرۇش مېنىڭ ئىزدىنىشىم بولسىمۇ، ناباپ شېئىرلىرىمۇ ئاز ئەمەس، ئۇلاردا ياكى گۈزەل بىر پىكرىي روشەنلىك ماقامىغا يېتەلمەي قارا قۇلۇلە قارىنىدىكى مەرۋايىتتەك قامىلىپ قالغان ياكى ئەرزىمەسلىك ئىچىگە ۋاز كېچەلمەس ئىبارىلەر يوشۇرۇنغان. بۇلارنى قايتا ئىشلىمىدىم. مەن ئاسادىيىي، كوچىدا ئىترەك ياكى مېيۇسلۇك كۆز يېشىغا چۆمۈپ شېئىر «قۇسقان» لىقىم ئۇچۇن، شائىرلىق ئىستىكى ۋە تەھرىرلىك تەلىپى بىلەن تەكرار ئىش ئېلىپ بېرىشقا ھەۋەسلىنىپ كۆنمىدىم.



نەتىجىدە ، شېئىرلىرىم يوشۇرۇن ، تەبىئىي ، ئىپتىدائىي جاڭگال پېتى قالدى . بۈگۈن ئۇنى تۈزەي دېسەم ، ئەينى زامانىدىكى ئىلھاملىرىمنىڭ چىنلىقىنى ئەسلىيەلمەيمەن ۋە كۆدەككە ئاتمىش ياشلىق چوڭ دادىسىنىڭ قېنىدىن ئوكۇل بېرىشنى مۇناسىپ بىلمەيمەن . مۇزىكىغا تەرجىمان ، شېئىرغا تەھرىرنىڭ ھاجەتسىزلىكى ھەققىدە مۇتلەق بىر نېمە دېگۈم يوق .

غەزەل ـ قەسىدىلىرىم «شەيدائى» تەخەللۇسىدا يېزىلدى . «گۈلزار ئاشىقى» ، «بۇلبۇل ئازادى» نامىدىمۇ ئازغىنا غەزەللەرنى يازدىم . «ھەمراھى» تەخەللۇسىدا ئانامنىڭ غەزەللىرىنى رەتلىدىم ۋە ئۇنىڭغا غەزەللەر قوشتۇم . غەزەلنى بەش ـ يەتتە بېيىتلىق ئەنئەنىدىن ئاشۇرماسلىقنى ، پىكىر بىلەن سىمۋولنى بىرلەشتۈرۈشنى خالىساممۇ ، ياۋا مېۋىلىرىمنىڭ ھەممىسى بىردەك چىقمىدى . ياقتۇرمىغان ، زاكاز تەلىپىدە ئېلان قىلىنغان غەزەللىرىمدىن تېنىۋالالمايمەن . ئەمما ، غەزەللىرىمگە پۈتۈن خەلقنى قەلبىگە يوشۇرغان روھىيىتىم يوشۇرۇنغان . ئۇلارنىڭ قانچىكى روشەنلىكتىن مەھرۇملىرىدا بۇ سىر ئۆز زامانىسىغا لايىق مۇساپىدە قاتمۇقات ماجىرالاشقان . ئەنسىرەيدىغىنىم ، بۇ قېلىن پوستلۇق بادامىلارنىڭ سىنەم لېۋىدىن چەتتە قېلىشىدىن ئىبارەت . كىمكى ئېرىنمىسە ۋە تىلسىم ئاچقۇچىنى تاپالىسا ، بۇ غەزەللەر ئىچىدىكى مېغىزنى ئاچىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن . مەيلى ئۇ بىر قانچە كىشى بولغاندىمۇ !

«رۇبائىيات» نامىدا ھازىرچە مىڭ پارچىدىن ئارتۇق پارچىلەرنى ئېلان قىلالىدىم . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز پىكرىنى يېتەرلىك ئىخچاملىغان غەزەلنىڭ توختىشىدىن ، بەزىلىرى كۆزۈمگە چۈشكەن ھايات ماھىيەتلىرىنىڭ ئېچىلىپ قالغان روجەكلىرىدىن ، بەزىلىرى تەلۋە قۇيۇندىن ئاپىرىدە بولغان . مەن شائىر ئەمەس ،

رۇبائىيچىمۇ ئەمەس . شۇڭا ، رۇبائىيچىلىقنىڭ شەكلەن تارىخىغا ،
تېماتىك پىكىرنىڭ تەقلىدىي تەكرارلىنىشىغا نەزەر سالغىنىم يوق .
مەن ئۆزۈمنى ۋە ئەينى زامانىدىكى ئۆز قەلبىمدىكى خەلق روھىيـ
تىنى «كالتە غەزەل» شەكلىدە يازدىم . پىكىرنىڭ سۈيۈلدۈرۈلۈشى
ياكى تەكرارلىنىشىنى كەچۈرۈشكە بولغاندا ئىدى ، ھەر بىر رۇبائىيـ
لىرىمنى غەزەل قىلغىلى بولاتتى . بۇ ، رۇبائىيلار ئۈچۈن ئۆلۈمدىن
ئىبارەت ئىدى . رۇبائىيلىرىم 80 ـ يىللاردا رۇبائىي قىزغىنلىقى
پەيدا قىلدى .

لىرىك نەسىر نامىدىكى «سەۋدالىق تەنتەجۈپنامىسى» 10 يىلـ
لىق (1966 ـ 1976) پارچە ـ پارچە «سەۋدالىق خاتىرىلىرى» دىن
توپلانغان . ئۇنىڭ بەزىلىرىنى جىددىي ئاقتۇرۇش ، قاماش ۋە
سوراق قىلىش مۇھىتىدا يوقىتىۋەتكەنىدىم . مەن «كاككۇكنامە»
دىكى 100 نەسىر ئارقىلىق ھۆرىيەتنى ، «مارجاننامە» دىكى يۈز نەسىر
ئارقىلىق دېڭىز ئاستىغا تاشلانغان مارجانلارنى ئاسمان يۈزىگە
چاچمىغۇچە ئۇيۇق يورۇمايدىغانلىقىنى ، «سۇمۇرغنامە» دىكى يۈز
نەسىر ئارقىلىق تارىخ ھېكمەتلىرىنى ، «جاھاننامە» دىكى يۈز نەسىر
ئارقىلىق رېئاللىق ئىبرەتلىرىنى ، « ئىجادىيەتنامە» دىكى يۈز
نەسىر ئارقىلىق ھايات يولىنى يىغىنچاقلىماقچى بولدۇم .

«قارلىق تاغ شەجەرىسى» ئۈچ قىسىملىق شېئىرىي تىرىلوكـ
يىلىك رومان سۈپىتىدە يېشىم 30 غا يەتمەستە يېزىلغان . كېيىن
ئىككى قىسمى ئېلان قىلىندى .

ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ياكى تارىخىغا ئائىت ھېچقانچە تەتقىقات
ئېلىپ بارالمىدىم . شېئىرىيەت ئېستېتىكىسى ھەققىدە يازغان
قولىيازمام يوقىلىپ كەتتى . «پوئېتىكا» نامىدا كىتابنى پىلانلىغان ،
ھەتتا مۇقەددىمىسىنى باشلىغان بولساممۇ ، ئۇ شۇ پېتى قالدى .



شېئىرىي تەسىراتلار بويىچە بىر قانچە ماقالىلەر يازغىنىمنى ھېسابلىمىغاندا ، ئاساسلىقى «ئومۇمىي ئېستېتىكا» بىلەن «قاتـلاملىق ئېستېتىكا» ناملىق ئىككى كىتاب يازدىم . بۇ ئىككى كىتابتا ، بولۇپمۇ «قاتلاملىق ئېستېتىكا» دا ئۆزۈمنىڭ قاتلام قاـرىشى ، ئېستېتىكا سىستېمامنى بىر قەدەر روشەن بايان قىلدىم . ئۇ گۈزەللىك بىلەن ئېستېتىكىلىقنى ۋە ئېستېتىكا ئوبيېكتلىرىنىڭ كۆپ قاتلاملىقىنى ئاساس قىلغان .

شېئىرلىرىم ئۇستەل ئۈستىدە شائىرانە ئوبراز بىلەن يېزىلمىـغان . ئۇ ، كوچىلاردا ، ھارغىن ئەمگەكتىن كېيىن ئەۋرەز يولىدىن چىقىپ ھاقارەت ئۆتكەندە ، بىرەر خاتىرە ئورنىغا بېرىشتىن بۇرۇن ، ماشىنىدا ، ئويغىنىپ كەتكەندە يېزىلغان «سەرگەردان» شېئىرلار بولدى . مېنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرىمنى ئىشقى ـ مۇھەببەت نۇقتىسىدىن ئىزاھلىغۇچىلارغا كۆرە ، ئۇنى رۇبائىيلار ، غەزەللەر ، لىرىك نەسىرلەر ۋە روھنى پاكلاشتۇرغۇچى ، كەلگۈسكە ئىنتىلـگۈچى تېمىدىكى ماقالىلىرىم ئىچىدە گەۋدىلەنگەن سىمانتىك پىـكىر ـ ھېسسىيات بىلەن تەرىپلىگۈچىلەر مېنىڭ مۇددىئايىمنى چۈشەنگەن بولۇشى مۇمكىن . مەن ھەر خىل ئەسەرلىرىمگە ، ھەر خىل تېمىدىكى قوليازمىلىرىمغا ، ھەتتا ئۈنگۈدىكى بىر تال قىزىل رومال ياكى ئاق توپلىيغا بىر پۈتۈن روھىيەت دۇنيارىمنىڭ قەترە ياكى زەررىلىرىنى سىڭدۈرۈشكە تىرىشتىم . بۇ ماڭا ئۆمەر ھەييامغا مەي ، ئەلىشىر نەۋائىيگە مۇغەپچە ، بابارەھىم مەشرەپكە ئىشىق ئىبارىلىرى قانداق ماجازى ۋاستە بولسا ، خۇددى شۇنداق ماجازى ۋاستە ھەم تەمسىللىك ئۇسۇل ئىدى . ئابستراكت غايىلەرنىڭ غەمكىن ، ئەمما ئۈمىدۋار شەكلى مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن ھاۋالە سىمۋوللىرى تېپىشقا ھەمىشە موھتاج بولۇپ كەلگەن . شېئىرلىـ

رىمدىن بىرەر سىمانىنىڭ پىكىر مەرۋايىتىنى تېپىشنى ئىزدىگەن كىشى ئۇنى قارا لايغا مىلىنىپ تۇرغان قۇلۇلە قېپىنى يېرىپ ئې-چىشى مۇمكىن .

مەن شائىرلارنىڭ مۇتەپەككۇر بولۇشىنى ۋە بۇ ساھەگە قىزىق-قۇچىلارنىڭ كەمرەك بولۇشىنى ، ئالىي ماقاملىق كەسپىي شائىر-لاردىن باشقىلىرىنىڭ پەلسەپە ، قانۇن ، ئىقتىساد ، تەبىئىي پەن ، تېبابەت ، ماشىنىسازلىق ، تېخنىكا پەنلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئاساسىي ئىقتىدار ۋە تۆھپىكارلىق ئورنىغا قويۇشىنى ، رەڭلىك شار قويۇۋېتىش ۋە ساليۇت زەمبىرىكى ئېتىشنى ئاساس قىلىۋالغان مەيخانا ئىشىكىدىكى قىزىل كاستيۇملۇق «خۇش كەلدى جانان» بولۇپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن . مەن رىقابەت ياكى ھەسەت بىلەن ئەمەس ، بەلكى خەلققە ، خەلقنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى بولغان مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىغا ، مەسئۇلىيەت بىلەن شائىر ۋە ئەدىبلىرى-مىزنىڭ «ئاز» ۋە «ساز» بولۇشىنى ئېغىزغا ئالدىم . چۈنكى بىزگە شېئىر مۇسابىقىسى دۇچ كېلىۋاتقىنى يوق !

## 6 . «ئۈچ خەزىنە»

«ئۈچ خەزىنە ئېيتىخار ، مىڭ ھېكمەت ئۇندا چاقنار ،
ئۇ ئۇنتۇلسا زىمىستان ، ئۇ تېپىلسا نەۋباھار .»

« ‹ قۇتادغۇبىلىك › خەزىنىسى» ناملىق كىتابىم 1956 ـ يىلى ئىككى يىلدا ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمىنىڭ خاتىرىسى» دېگەن ماقالەم بىلەن باش-لانغان ئىنتىلىش ۋە ئىزدىنىش ئاساسىدا شۇ مۇئەللىپنىڭ يېشىدا يېزىلغان . بۇ ئارىلىقتا «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئىلمىي قىممىتى» ،



«ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يېتۈك قامۇسى — «قۇتادغۇبىلىك» »(ياپونىيىدە ئېلان قىلىنغان) قاتارلىق يەتتە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدىم ۋە باشقا كىتابلىرىمدا بۇ ھەقتە توختالدىم . بۇ كىتابنى يېزىشقا بەش نەرسە تۈرتكە بولدى ، ئۇلار : رەشىد رەھمىتى ئاراتنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نى ئېچىلمىغان خەزىنە ، دېيىشى ؛ بار تولدىنىڭ بۇ كىتابنى تۆۋەنلەشتۈرگەن سۆزلىرى ؛ ئاپتور قەبرىسىنىڭ قايتا ياسىلىپ يوپيۇقدالغانلىقى ؛ بۇ كىتاب تەتقىقاتىنىڭ شېئىرىي «يەشمە» نۇسخىسىنى ئاددىيلا ماقالە شەكلىدە تەكرار يېشىپ بېرىشنى قېلىپ قىلغان ئاسان يولغا كىرىپ قالغانلىقى ؛ بۇ كىتابنىڭ مىللىي ۋە تىل تەۋەلىكى ھەققىدىكى تالاشلاردىن ئىبارەت . دەرۋەقە ، بۇ كلاسسىك «نوم» غا شەرھنامە كېرەك ئىدى . بۇ ئەبەدىيلىك يوپيۇق ھېسابلىناتتى . مەن «مەڭگۈ تاشلار» ، «تۇرپان تېكىستلىرى» ، «قاراخانىيلار ھۆججەتلىرى» ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ «قۇتادغۇبىلىك» تىلى ۋە پىكرىنىڭ يىلتىزى ھەققىدە ئىزدەندىم . ئارستوتېل ـ فارابى ، فىردەۋسى ـ كەيكاۋۇس ئەسەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلدىم . كىتابنى سىياسىي نۇقتىدىن ئىزاھلاشتىن ساقلاندىم . ئۇنى كېسىۋالماي ، بىر پۈتۈن ھالەتتە ئىزاھلاشقا ئۇرۇندۇم . نەتىجىدە تالىشىپ يۈرگەن تىل ۋە مەدەنىيەت «ئىرسىيىتى» ھەل بولدى . يۈسۈپنىڭ تىلى سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ تىلى بولۇپ چىقتى .

« غەربىي دىيار تاشكېمىر سەنئىتى» ناملىق كىتابىم شىنجاڭدىكى بۇددا دەۋرى سەنئەت خەزىنىسى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىم ئاساسىدا يېزىلدى . بۇ كىتابنى يېزىشقا تۆت نەرسە تۈرتكە بولغان ، ئۇلار : بۇ خەزىنىلەرنىڭ سۇ ئامبىرى ياساش ، ئوغۇت

توپلاش ۋە ۋاقىت ئىنكەكلىرىدە بۇزۇلۇپ بېرىشى؛ ستەيىن ۋە شاگدا ئەپەندى قاتارلىقلارنىڭ تارىمدا ئەسلى مەدەنىيەت بولمىغان، تارىم مەدەنىيىتى ھىندىستان مەدەنىيىتى ئېقىندىلىرىدىن تەركىب تاپقان دېگەن قارىشى؛ بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئۆز زامانىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك بەدىئىي قىممىتى؛ خەلقتىكى ئۇنتۇلۇش روھىيىتى. مەن بۇ خەزىنىنى كىتابتىن ئىبارەت توپان باسماس «تۇر» تېغىغا يۆتكىگۈم ۋە قايتا ئىزاھلىغۇم كەلدى. ئىككى قېتىم قەلەم ئېلىپ تاشلاپ قويدۇم. بۇددىزمنى تەتقىق قىلىش، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە ۋە رۇسىيىگە ئېلىپ كېتىلگەن تاشكېمىر جاۋاھىراتلىرىنىڭ رەڭدار فوتو سۈرەتلىرىنى ئالدۇرۇش ئارقىلىق ئاندىن كىتابنى راۋان يېزىشقا كىرىشتىم ۋە ئۇنىڭ خەزۇچىسىنىمۇ ھازىرلىدىم. بۇنداق بىر يۇقىرى مالىيە- مەدەنىيەت فوندى ئاساسىدا يارىتىلغان ئۇلۇغ خەزىنىنىڭ بىر مۇختەسەر ئۆرنەك كىتاب شەكلىدە بولسىمۇ «ئۆلمەسلىك» سۈيىدە چۆمۈلدۈرۈلۈشىنى ۋە ئەبەدىيلىك مومىياسى ھالىتىدە ساقلىنىشىنى قانداق قىزغىنلىق بىلەن ئىزدەندىم-ھە: بىر مۇسۇلماننىڭ بۇددىزم تەتقىقاتىدا قانچە-قانچە كىتاب كۆرۈشى، قانچە-قانچە بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى زىيارەت قىلىشى، قانچە-قانچە ئېكون (بۇت) لار بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىغا توغرا كەلدى.

«ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ئىككى ئايدىلا يېزىلدى. بۇ كىتابنى مەن دوختۇرخانىدا تاماملىدىم. ئەمما بۇ 70-يىللارنىڭ ئاخىرىدا باشلانغان تەتقىقات، زىيارەت ئاساسىدا، ئىككى كىتاب، 16 ئىلمىي ماقالە ئاساسىدا مەيدانغا كەلدى. «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە»، «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى» دېگەن ئىككى كىتابىم 1980-يىلى



بېسىلىپ تارقىتىلدى . ئۇنىڭ بىرىنچىسى ئىككى تىلدا تۆت قېتىم بېسىلدى ، خەلقئارا كۆرگەزمىگە قويۇلدى ، ياپونىيە دۆلەت كىتابخانىسىغا ساقلاشقا ئېلىندى . ئارىدىكى 13 يىل ئىچىدە «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبە ـ ئېقىملىرى» ، «كۇسەن مەدەنىيىتى ۋە ئۇسسۇل سەنئىتى» ، «ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ تارىخىي تەسۋىرىي ئۇچۇرلىرى» (كېيىنكى بۇ ئەسەر ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان . مۇھەررىردىن) قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدىم . نېمە ئۈچۈندۇ ھەر قېتىم مېنىڭ مۇقام ھەققىدىكى چۈشەنچەم خۇددى كولومبودىن ئىلگىرىكى سەيياھلارنىڭ زېمىن ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىچىلىكلا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم . ھېلىمۇ بۇ زېمىن تىلسىمىدەك ئۇشبۇ كاتتا خەزىنە يورۇتۇلۇپ پۈتكىنى يوق .

ئۇيغۇر مەدەنىيەت سىستېمىلىرىدا يۇقىرىدىكى ئۈچ خەزىنە ئالەمشۇمۇل تەسىر ۋە ھۆرمەت قوزغىغان ئۇلۇغ مەدەنىيەت ئەلئېھرامى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ مۇقەددەس ئابىدىمىز !

## 7 . كۆمۈلگەن ئىز ، ئۈزۈۋېتىلگەن زەنجىر

«كۆكتىن ئىزدىگەننى يەردىن تاپ ،
سىرتتىن ئىزدىگەننى ئەردىن .»

ـــقۇمۇل خەلق ماقالىسى

مەن ئەسلىدە كىچىككىمدىن ھەر خىل كىچىك ، ئۇماق ھايۋان باللىرىغا ئامراقلىقىم تۈپەيلىدىنمىكىن ، بىئولوگىيە ـ خىمىيە فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەنىدىم . تەپەككۇر تۇرمۇشى مېنى ئىن-

سان ۋە گۈزەللىك تېمىسى بويىچە ئىزدىنىشكە باشلاپ كەلدى . كۆزۈمگە كۆرۈنگىنى ئالىملىق ئۇنۋانى ئەمەس ، كۆمۈلگەن ۋە ئۈزۈپ ـ پارچىلاپ ئىزاھلانغان مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى ئىنسان تۈركۈمى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت گۈزەللىكى بولدى . يەرلىك كىتابلاردا ، ھەتتا نەۋائىي ھەزرەتلىرى بىلەن مىرزا ھەيدەر كىتابلىرىدا يىراق تارىخ ئۇنتۇلغان ، ئۇنىڭ ئورنىغا نوھ بىلەن ياپەس ، چىڭگىز بىلەن تۇغلۇق تېمۇرخان مۇقەددىمە قىلىنغان بولسا ، ئۆزگە يېزىقتىكى كىتابلاردا پەقەت «شاھنامە» رىۋايەتلىرى بىلەن خانلىق سالنامىلىرى كۆكلەرگە كۆتۈرۈلگەنىدى . مەنمۇ تەييار داپقا پېرىخونلۇق قىلىشنى خالىمىدىم . چۈنكى كىشى پەيتۇن ھارۋا بىلەن زىمىتۇن ئوتىغا كىيىپ كېتىش ئۈچۈن بۇ قىسقا «رابات» قا كەلمىگەن .

مەركىزىي ئاسىيا — ئاسىيا ـ ياۋروپا تۇتاش قۇرۇقلۇقىدا ئىپتىدائىي مىتال مەدەنىيىتى ۋە «ئات مەدەنىيىتى» ئەڭ دەسلەپ باشلانغان ۋە تارىختا تۇنجى خەلقلەر ئالاقە قىزغىنلىقىنى ئاچقان خاسىيەتلىك زېمىن ئىدى . ئۇنىڭسىز ئات بىلەن زەپەر قۇچقان ئېمپېراتورلار ۋە ناتونۇش خەلقلەر زېمىنلىرىنى تۇتاشتۇرغان قەدىمكى قاتناشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ .

نۇقتىنى بىلىش ئۈچۈن چەمبەردىن خەۋەردار بولۇش لازىم . بۇ ، ماكان تۇتاشلىقى چۈشەنچىسى . ھازىرنى ۋە كەلگۈسىنى بىلىش ئۈچۈن ئۆتمۈشنى روشەنلەشتۈرۈش كېرەك . بۇ ، زامان ئىزچىللىقى ئۇقۇمى . راستىنى ئېيتقاندا ، دۇنيادا ھەقىقىي مەنىدىكى «ئۆلگەن مىللەت» ۋە «يوقالغان مەدەنىيەت» بولغان ئەمەس . مەن مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيىتىنى ئىزدەش جەريانىدا «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» ، «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» ،



«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» قاتارلىق كىتابلىرىم بىلەن بىر قاتار ئىلمىي رىسالە ــ ماقالىلىرىمنى مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتى بويىچە يېزىپ چىقتىم . بۇ ماقالىلەر : «ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېللىنىزم مەدەنىيىتى» ، «ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇياش ئىلاھىيەتچىلىكى» ، «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ تۆتىزات قارىشى» ، «نەۋرۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلاملىقى» ، «مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان مەدەنىيەتشۇناسلىقى مەسىلىلىرى» ، «سىكتاي ــ ساك ــ ئۇيغۇر كىيىم مەدەنىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى ئىزچىللىق» ، «سىكتاي مېتال ھۈنەر سەنئىتى» ، «ئۇيغۇرلاردا مەي مەدەنىيىتى» ، «يىپەك يولىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى» ، «مانىزم تەسۋىرىي سەنئىتى ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان مانىزم يادىكارلىقلىرى» ، «غەربىي دىيار تىياتىر سەنئىتىنىڭ مەنبەلىرى» ، «ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى» ، جۇملىدىن فىردەۋسى ، ئىبن سىنا ، ھاپىز شىرازى ، خوجا باھاۋىددىن نەقشىبەندى ، خوسرەۋ دىھلەۋىي ، ئەھمەد يەسەۋىي قاتارلىق يىپەك يولى ئەزىمەتلىرى ھەققىدە خاس باھا ۋە قاراشقا ئىگە ماقالىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى . مېنىڭ مەنسۇر ھەللاجى ھەققىدىكى ماقالەم شۇ خىل خاس مەنىدىكى ماقالىلەردىن ئىدى .

مەن تولاراق مەركىزىي ئاسىيانىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى ، مانىزم ۋە بۇددىزم دەۋرىدىكى ، ئىسلام مەدەنىيەت ئويغىنىشى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت تارىخىغا قىزىقتىم . بۇ بىر مەدەنىيەت چەمبىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە ئېتىباردىن چەتتە قالدۇرۇلدى . «غەرب مەركەز» نەزەرىيىچىلىرى ئۇنى گرېك ــ ئىران ــ ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ ساقىندىلىرىغا باغلاپ ئىزاھلاشتى . يەرلىك تەتقىقاتچىلار پەقەت كونا ئۇيغۇر يېزىقى تېكىستلىرىنىلا ، تۈركىي لۇغەتنىلا ئۆلچەم قىلىشۋالدى . مەن تولىمۇ يىراق بۇ مەدەنىيەتنى

ئېچىش ئۈچۈن بىر چاغلاردا تېخىمۇ كۆپ كىتابلارنى يېزىشنى ئويلىغانىدىم . ئۇنىڭ بىر قىسمى «مەركىزىي ئاسىيا مىللەتلەر كۆچۈش تارىخى» ، «مەركىزىي ئاسىيا ئىدېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت تارىخى» ، «تارىختىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرى تەزكىرىسى» ، «يەكەن خانلىقى تارىخى» ، «شىنجاڭ سەنئەت تارىخى» قاتارلىقلار ئىدى .

«قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» — ئاساسلىقى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى بۇ زون ( رايون ) مەدەنىيەت تارىخىغا قارىتىلغان بولۇپ ، 30 يېشىمدا ، 53 يېشىمدا ، 59 يېشىمدا بىر قۇر قايتا ئىشلەندى .

«فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» نى يېزىش ئۈچۈن بېيجىڭغا ئىككى قېتىم ، تاشكەنتكە بىر قېتىم باردىم ، ھەتتا ئوترارنى زىيارەت قىلدىم . مېنىڭ :

«ئىككى ئاقباشنى يازىپ ، ئاق چۈشتى بۇ باشىمكە» دېگەن شېئىرىم فارابى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەتقىقاتىغا قارىتىلغانىدى . بۇ كىتاب ھەققىدە ئۆزبېكىستاندىكى دۆلەتلىك ژۇرنال — «ئۆزبېكىستاندا ئىجتىمائىي پەنلەر» نىڭ 1992 ـ يىللىق 5 ـ ، 6 ـ سانلىرىدا ئابدۇلھەق ئابدۇروسۇل ئوغلى مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلىپ ، يۇقىرى باھا بەردى . مەن فارابى ئىدىيىلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇكە ـ ئۇگىلىرى كىرىشىدىغان ، بىر يىلتىزدىن شاخلىنىدىغان سىستېما ھالىتىگە كىرگۈزۈپ ، ئۇنىڭ ئىسخېمىسىنى سىزىپ تامغا چاپلاپ قويۇپ يازدىم . قولغا چىققانىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىدىيىسى بولۇشى مۇمكىن ، بىراق چېچىلاڭغۇ ئىدىيىلەرنىڭ سىستېما يىلتىزلىرىنى ئېنىقلاش باشقا ئەمگەك ئىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە غەربىي ئاسىيادا روھانىيەتكە ، خىرىستىئان ئەللىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ماددىئونچىلىققا مايىل قىلىپ ئىزاھلانغان



بۇ زاتنى ھالال خاراكتېرلەشمۇ مەسىلە ئىدى . جۇڭگو ۋە ئۇيغۇرلاردا تۇنجى بولغان بۇ تەتقىقات بۇ تېمىنىڭ خاتىمىسى بولماي ، مۇقەددىمىسى ، ئەلۋەتتە . مېنى خۇشال قىلىدىغىنى ، فارابى شېئىرلىرىنىڭ مەن ئىشلىگەن ئارۇز تەرجىمە شەكلى ، خۇددى تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي دىيارغا ئائىت شېئىرلارنىڭ تەرجىمە نۇسخىسىدەك جامائەتچىلىك ياقتۇرۇپ مىسال قىلىدىغان شېئىرىي يادىكارلىق بولۇپ قالدى .

«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ناملىق كىتابىم ئەسلى «ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە تارىخى ئوچېرىكى» دېگەن نامدا يېزىلغان . بۇ كىتابىچە مەن ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىنىڭ يىراق مەنبەلىرىدىن تاكى يېقىنقى زامان نامايەندىلىرىگىچە بىرقاتار ماقالىلەرنى ئېلان قىلدىم . مەقسىتىم نوقۇل ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى پەلسەپە تارىخى تەتقىقاتىنى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرگە بىر قەدەم ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي ئالەم ۋە كىشىلىك قاراشلىرىغا يەنە بىر قەدەم ئىلگىرى سۈرۈش ئىدى . بۇ خىل پەلسەپە تارىخى تەتقىقاتى ئۇزاق چەكلەندى . ئۆزبېكىستاندا 2 ـ جاھان ئۇرۇشىدىن كېيىن خەلقئارا مۇتەپەككۇرلار —— خارەزمى ، فارابى ، بىرۇنى ، ئىبن سىنانى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ ھەقتىكى تەتقىقات 2 ـ رەتتىكى پەلسەپە تارىخى كاتېگورىيىسى سالاھىيىتىدە باشلاندى . بۇ ئىشتا ئاكادېمىك ئىبراھىم مۆمىنوف «ئىزچى» —— يول ئاچقۇچى ئىدى . خەيرۇللايوف مۇزەپپەر مۇھەممەدىن ئوغلى ، ئېسوف قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭدى . بۇ بىر پەن تارمىقىنى ئېچىش ئۈچۈن 1956 ـ يىلى «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردە ياشىغان ئىككى بۈيۈك ئالىمىنىڭ خاتىرىسى» ناملىق ماقالىنى يېزىشىم بىلەن «ئوگچى» قالپىقىدا 20 يىل سىياسىي



ھوقۇقتىن مەھرۇم، زۇلۇم كۆرۈشكە مەنزۇر بولغانىدىم .

«فارابى پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ تارىخىي قىممىتى» ، «كومىراجىۋانىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى» ، «ئەلشىر نەۋائىينىڭ پەلسەپە قاراشلىرى» ، «پەلسەپىنى ئىسلاھ قىلىش تىزىسلىرى» ، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى ئىدىيىسى» ، «كۇسەن رەسساملىرىدىكى ئېستېتىك ئاڭ توغرىسىدا» (بۇ ئەسەر ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان . مۇھەررىردىن) قاتارلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلغىنىمدىن كېيىن «ئۆزبېكىستاندا ئىجتىمائىي پەنلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 3 ـ ، 4 ـ سانىغا ئا . خ . خوجايوفنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىنى ئۆگىنىش ھەققىدە» دېگەن ماقالىسى ئېلان قىلىندى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەپەككۇر تارىخى تەتقىقاتىدىكى ئەمگەكلىرىم باھالاندى .

مەن «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» نى يېزىشنى تاللىمىدىم . چۈنكى بۇ ھەر بىر ئوقۇتقۇچى يۇرتلىرى دائىم يېزىپ يېڭىلاپ تۇرىدىغان دائىمىي دەرسلىك قۇرۇلۇشى ئىدى . «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە تارىخى» نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولدۇم ۋە خەنزۇچە يېزىلغان بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى قىسمىنى يېزىپ چىقتىم . «شىنجاڭ پەلسەپە تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ ئۇيغۇر ، ئۆزبېك ، قىرغىز قىسمىنى يېزىپ چىقتىم . قىرغىز پەلسەپە تارىخىنى يېزىشتىن شۇنچە باش تارتسامۇ بولمىدى ، بۇ ساھەگە مېنىڭ قول تەككۈزۈشۈم ئەڭ نامۇناسىپ ئىش ئىدى .

مېنىڭ پەلسەپە تارىخىدىكى پىكىرلىرىم ھەمىشە بىر قاتمال ھالەتتە تۇرمىغانلىقىدىن پەخىرلىنىمەن . بۇ جەھەتتىكى قاراشلىرىمنى ئىلمىي ـ ئەدەبىي ئەسەرلىرىم بىلەن «ئارىفنامە» («ئارىزنامە» ـ «تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر» ماۋزۇسىدا



ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغانىدى . مۇھەررىردىن) دىن كۆرۈش مۇمكىن .

## 8 . بىر مىللەت ئۈچۈن بىرىنچى زۆرۈرىيەت روھنى پاكلاشتۇرۇش بىناكارلىقىدۇر

«ئىزىڭدىن تىكەن ئۈنسە ،
ئەۋلادىڭنىڭ پۇتىغا سانجىلار .»

——قۇمۇل خەلق ماقالىسى

مىللەت ئۈچۈن ، مەيلى ئۇ قايسى ئېتنىك تۈركۈم بولسۇن تارىخى سەھىپىسى ۋە دۇنيا سەھنىسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتا زۆرۈرى شەرتلەر ناھايىتى نۇرغۇن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ بىرىنچىسى ۋە ھەممە ۋاقىت بىرىنچى ئۆتۈشكە تېگىشلىكى ئۇنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىدۇر . مىللەت تەشكىلى ئۆزىنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرلىرىدىلا دىنىي ـ ئېتىقاد ، مۇراسىم ـ ئادەت ، ئالەم ۋە كىشىلىك قاراشلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ روھىيەت رىتىمىنى تۈزىدۇ . مىللەت ئۈچۈن ئۇنىڭ يۇقىرى كامالەتكە قەدەم قويۇشى بۇنداق بىناكارلىقنى تەقەززا قىلىپلا قالماستىن ، ئۇنىڭ ھەتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ، ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلىشى ئۈچۈنمۇ بۇنداق روھىيەت قۇرۇلۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ . روھىيەت بىناكارلىقىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ، مال ـ دۇنيا تاپاۋىتىگە بېرىلگەن يۇرتنىڭ تەقدىرى ۋىزوۋىي يانار تېغى ئاستىدا قالغان ئالتۇن سودىسى شەھىرى——پومپېينىڭ تەقدىرىدىنمۇ پاجىئەلىك بولۇشىنى قەتئىي ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن . ئىبن سىنا توغرا ئېيتقان : كېسەل ئېغىزدىن بولىدۇ . بىزمۇ كېسىپ ئېيتىمىز : پاجىئە —— ئاچ كۆزلۈكتىن



ئاپىرىدە بولىدۇ . بىپىشقا روھىيەتنى قۇربان قىلىشنى بەدەل قىـ لىۋاتقان خەلق بىلەن ، قۇربىتى يەتكۈچە ئۆزىنىڭ روھىيەت قۇـ رۇلمىسىنى پاكلاشتۇرۇۋاتقان خەلقنىڭ ئالدىدا نېمە تۇرۇۋاتقانلىـ قىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس .

مەن ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسى ، ئىقتىسادى ۋە ئىنـ سانپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى تۈرتكىسىدە ئۇيغۇر زېمىنىنىڭ بېـ كىنمىچىلىكتىن قۇتۇلۇپ ، دۇنياغا يۈزلىنىشى مۇقەررەرلىكىنى ھېس قىلغانىدىم . مېنىڭچە ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مۆچىلى ئويغىنىش يىللىرى بولۇش كېرەك ئىدى .

شېئىرلىرىمدىكى يېڭى ئەسىرگە كىرىۋاتقان چاغدا كەلگۈسكە تەلپۈنۈش ، ئىنتىزارلىق روھىيىتى ئىپادىلەندى . بىر قاتار ماقالـ لەر يازدىم : «تارىخىي قايتا ئويلىنىش» ، «خەلقنى ئوبرازلىق تەـ پەككۇر ۋاسىتىسىدە ئىپادىلەش» ، «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» ، «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار» ، «مىللەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى بىـ لىشى ۋە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئۈچ بۇرجىكى» ، «ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىدىكى پاجىئەلىك زىددىيەت» ، «كەلگۈسى بۇ يەردىن باشلىنىدۇ» ، «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» ، «يىـ پەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» ، «مىللەتنىڭ بىرلىك ـ ھەمـ دەملىكى ۋە ئۇنىڭ يۇرتبازلىقتا يەملىكى» ، «ئارىفنامە» ( بۇ ماـ قالە ـ ئەسەرلەردىن كېيىنكى توققۇزى ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنـ غان . مۇھەررىردىن) ۋە «يىپەك يولى ۋە تۆكە قۇشى روھى» ، «يىپەك يولىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى» ، «ئائىلە ۋە كىشىلىك تېمىسىدىكى ماقالە ـ كىتابلار ئەنە شۇنداق مەيدانغا چىقتى .

بۇ ماقالە ـ كىتابلار يۇقىرى قاتلام زىيالىيلار ئىچىدە قىزغىن



ھېسداشلىق قوزغىغاندىن باشقا بىرقاتار ئىپتىرازلارنى پەيدا قىلدى . بەزى ئاق كۆڭۈل ۋە مىللەتنى ھېسسىي مۇھەببەت بىلەن سۆيىدىغان كىشىلەر مىللەتتىكى ئىللەتنى سۆكۈشنى «مىللەتنى سۆككەنلىك» ، «مىللەت ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرگەنلىك» دەپ قاراشتى . بەزى تارىخچىلار مېنىڭ ئۇيغۇر روھىيتى قۇرۇلۇشى بىلەن كەلگۈسى تارىخنى كۈتۈۋېلىش چۇقانلىرىمنى «كەلگۈسى بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس ، يەنىلا تارىخ تەتقىقاتى ماقالىلىرىنى كۆپرەك يېزىڭ» دېيىشتى . بەزى ئەدىبلىرىمىز مېنى : «بىر ئەسىردىن كېيىنمۇ تەقەززا قىلىنمايدىغان نەرسىنى سۆزلىگەن خىيالپەرەس» دېسە ، بەزىلىرى : «مەرىپەتچىلەرنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى چىللاۋاتامسىز؟» دېيىشتى . بۇلاردىن باشقا ، كېزىت تەھرىرلىرىدىن مېنىڭ ماقالىلىرىمنى خالىغانچە سولغا بۇرايدىغان جۈملىلەر بىلەن ئىپلان قىلغان كىشىلەرمۇ چىقىشتى . شۇنداق قىلىپ ، مەن بىر مەزگىل غەلىتە ئادەم ، يات ئىنسان بولغاندەك بولدۇم .

ئەمما ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان زامان دەرھال تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە مىللەتنى ئەقىل بىلەن سۆيۈشنى ئۆگەتتى . مەدەنىيەتكە قارشى پىسخىك ـ روھىي ئىللەت بىلەن رەشكى ـ ھەسەت بىر ـ بىرى بىلەن قاتتىق بىرلەشكەندە ئويغاتقۇچىنى چۈشەنمەسلىك ، تىل ـ ھاقارەت ، بۇرمىلىنىش ۋە تەنھالىق ئازابىنى چېكىدىغانلىقىنى بىۋاستە كۆزەتتىم . كۆپ ئويلىدىم : بىر مىللەت ئومۇمىي ئويغىنىش دەۋرىدە بىر كۈن كېچىكىپ ئويغانسا ، بىر يىل ئارقىدا قېلىشى تەبىئىي ! بىر مىللەت ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر خۇرسۇندى ئىللەت ، ئۇنىڭ جاسارەتسىزلىكى ، ساختا ئىپتىخار ۋە بىكار تەلەپلىكى ! تارىخنىڭ ئەڭ ئېغىر جازاسى ئۆلۈم ئەمەس ،

بەلكى مەڭگۈلۈك لەنەت تاختىسىغا مىخلىنىشتىن ئىبارەتتۇر. ئاـ
رىنى ـ ئويغانغان ئىنسانىنىڭ خىزمىتى ئويغىتىشتىن ئىبارەت.
ئۇنىڭ ئىندەشە قىلىدىغىنى ئۆز پاجىئەسى ئەمەس، بەلكى مىلـ
لەتنىڭ ئومۇمىي، تارىخىي پاجىئەسى!

## 9 . يېڭى نەزەرىيىۋى يەكۈنلەر

«باغدىن مېۋە ئۈزگىنىڭدە يېڭى كۆچەت قويۇپ بار،
كۆچۈرۈپ، يادلاش بىلەن ئەقىل تاپماس ئېتىبار» .

مەن بىرەر نوپۇزلۇق ئېتىقاد ۋە غايىنىڭ يوقلۇقىنى نۆۋەتتە ئاـ
لەمشۇمۇل پاجىئە دېيىش بىلەن بىللە، بۇنى «چەكسىز پىكىر ئەركىنلىكى» دەپمۇ قارايمەن. بۇ مەندىكى غايىسىزلىك مايىلـ
لىقى بولماي، بەلكى كامالەتلىك غايىنى ئىزدەش قىزغىنلىقىدىن ئىبارەت. مەن كىتاب ـ ماقالىلىرىم ئارقىلىق بىر قاتار يېڭى تەـ
پەككۇر تۈزۈلمىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. ئۇنىڭ مۇھىملىرىنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

1 . «قاتلام نەزەرىيىسى» مېتودولوگىيىسى. بۇ تەبىئەت، جەمئىيەت، روھىيەت ھادىسىلىرى تۈزۈلمە ۋە جەريان، ماكان ۋە زامان جەھەتتە ئەسلىدىكى ئونتولوگىيىلىك (ئەسلىزاتلىق) قاتـ
لاملىقىغا ئىگە، ئۇنى بىلىش ۋە ئىزاھلاش ئۇسۇلىمۇ كېنوسئوـ
لوگىيىلىك (بىلىش نەزەرىيىسى) جەھەتتىنمۇ قاتلام مېتودولوـ
گىيە پرىنسىپىنى قوراللىق قىلىشى لازىم، دېگەن تىزىسقا مەركەزـ
لەشكەن.

2 . «ئۆز ئۆچۈرى ئارقىلىق تارىخ تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى» . بۇ تارىخنى تارىخ يازغۇچىنىڭ كونكرېت تاشقى بېسىم ۋە ئىچكى



خاھىشچانلىق ئاساسىدا يېزىق بىلەن يېزىشىدىن ئىبارەت يېزىقنى ئۇچۇر قىلىش ئەنئەنىسىگە قارشى قويۇلغان يېگىچە ئۇسۇل . بۇ ئۇسۇل بويىچە ، تارىخنىڭ ئۆز ئۇچۇر سىستېمىسى ساقلانغان بولۇپ ، ئۇ ھەقىقىي تارىختىن ئىبارەت . بۇ مۇھىمى ماددىي بۇيۇم ، يېزىق ـ ۋەسىقىلەرنى ئاساس قىلىپ تارىخ بايان قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇنداق بولمىغاندا ، تارىخ ھەر خىل يېزىلىپ ، ئەسلى ئۆز ئۇچۇرى چەتتە قالغان بولىدۇ . بۇ سىماچىيەن ، ھې- رىدوتتىن باشلانغان ئۇسۇلدىن كۆپ چىنلىق ، ئىلغارلىقىقا ئىگە . بۇ ئۇچۇر مەنبەلىرىنى ئاساس ، يېزىقنى قوشۇمچە قىلغان يېڭى تارىخ تەتقىقات ئۇسۇلىدۇر .

3 . «تارىخنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى» قارشى . ھەرقانداق تارىخ پۈتۈنلەي ئۆتمۈشكە ئايلانمايدۇ ، ئۇنىڭ بىر قىسمى ھادىسە ، ۋەقە سۈپىتىدە ئۆتمۈشكە ئايلىنىدۇ ، ئۇنىڭ يەنە بىر قىسمى ئىنسانى- يەت تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى شەكلىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ ، يېڭى قاتلامنىڭ ئۇلىنى تۈزىدۇ ، ماھىيەت ۋە ئۇسلۇبتا يىراق جايلارغىمۇ كېڭىيىپ ، ساقلىنىدۇ . بۇ تارىخنىڭ جېنى ، بىلىش جۇغلانـ ـمىسى ، مەدەنىيەتنىڭ ھەقىقىي فوندىدىن ئىبارەت .

4 . «قىسمەنلىكتە ئومۇملۇقنىڭ كۆرۈنۈشى» قارشى . بۇ ھەر بىر مىللىي مەدەنىيەت دېتاللىرىدا ، مىللىي فولكلور مەدەنىيىتى- نىڭ شاخچىلىرى ، تارماقلىرى ، ھۈجەيرىلىرىدە ئۆزىگە خاس قىسمەنلىكتىن تاشقىرى، پۈتۈن مىللىي مەدەنىيەت ـ سەنئەت ۋە مىللىي پىسخىك ئومۇمىي ئالامىتىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىد- غانلىقىغا قارىتىلغان قاراش .

5 . «مىللىي مەدەنىيەت ئىرسىيىتى قارىشى» . بۇ مىللىي مەدەنىيەتنىڭ قەدىمكى گەۋدىسى ، ھەرقايسى تارىخىي شەكىللىرى



(فورماتسىيىلىرى)نىڭ ھازىرقى ھالىتىدە ئىزچىل يوسۇندا ئۇنىڭ ئېتنوگېنېزىسى ، گېنېئولوگىيىلىك (پەيدا بولۇش ئىلمى) ئۇرۇقى ، تىپى ، ئالاھىدىلىكى ساقلانغان ۋە داۋاملاشقان بولىدۇ ، دېگەن پىكىرگە ئاساسلانغان قاراش .

6 . «مىللەت ۋە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئۆلمەسلىكى ۋە يوقال-ماسلىقى قارىشى» . بۇ ، تارىختا ئەسلىدىكى نامى ، تارىخىي قاتلام شەكلى «يوقالغان» مىللەت ۋە مەدەنىيەتلەرنى «ئۆلگەن مىللەت» ۋە «ئۆلگەن مەدەنىيەت» دېيىدىغان قاراشلاردىن پەرقلىق بولغان قاراش بولۇپ ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى قاتلامدىكى ئېتنىك تۈركۈم ۋە مەدەنىيەت تۈركۈمىدە ئىزچىل داۋام قىلغانلىقى ۋە ساقلانغانلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىشنى ئاساس قىلىدۇ .

7 . «ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى قا-رىشى» . بۇ ھەر قايسى خەلقلەر تارىخىنى مۇتلەق ياكى پەۋقۇلئاددە يوسۇندا پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخىدىن ئۈزۈۋېلىپ ، خەلقئارا ئىل-غار پىكىر ئېقىمى ۋە مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە ئۆز ئالاھىدىلىكى باھانىسىدە چەكلىمە قويۇشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ھەققىدىكى يېڭىچە قاراش . ئۇ ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ماھىيىتى مەدەنىيەت تارىخى ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭدىكى ئالاھىدىلىك ۋە ناتەكشىلىك-نىڭ بىردەكلىككە زىت ئەمەسلىكىنى تەۋسىيە قىلىدۇ .

8 . «مىللىي مەدەنىيەتنىڭ قاتلاملىق — سىنكرېتىك تەرەققىي قىلىش قانۇنى» قارىشى . بۇ مىللىي مەدەنىيەتنىڭ باشقا مەدەنى-يەتلەرنىڭ تەسىرسىز ئۆز ئاساسىدا راۋاجلىنىش نەزەرىيىسى — «تەدرىجىي راۋاجلىنىش نەزەرىيىسى» بىلەن ، ئۇنىڭ ئەكسى بولغان ، مىللىي مەدەنىيەتلەرنىڭ دۇنياۋى مەدەنىيەت مەركىزىدىن «تەبىئىي مىللەتلەر» گە تارقىلىشى ئاساسىدا راۋاجلىنىش نەزە-



رىيىسى —«دىففۇزىيە نەزەرىيىسى» كە ئوخشاشمايدىغان مەدە-
نىيەت تەرەققىياتى ھەققىدىكى يېڭى قانۇنىيەت - قاتلام سىڭى-
رىتىك راۋاجلىنىش قارىشىدىن ئىبارەت . بۇ قاراش ، بىر مىللەت-
نىڭ مەدەنىيىتى ئۆز مىللىتى ئىجادىيىتىدىن چوڭ بولىدۇ ؛ ئۇ ،
ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ئاساسىدا باشقا مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىگە
لازىملىق تەسىرىنى چەككىلەپ ، بويسۇندۇرۇپ ، ئۆزگەرتىپ قوبۇل
قىلىدۇ ؛ بۇنداق راۋاجلىنىش ۋە سىڭىكرىتىك (قوشۇلما) ھالەت
ئارقىلىق يېڭى مەدەنىيەت ۋە ئۇسلۇب يارىتىش جەريانى تارىخىي
قاتلام بويىچە داۋام قىلىدۇ ، دېگەن تىزىسقا ئاساسلانغان بولۇپ ،
ئالدىنقى ئىككى خىل نەزەرىيىدىن ئىلمىي ۋە ئەۋزەللىككە ئىگە .

9 . «ئىككى مەدەنىيەت ۋە بەش مەدەنىيەت تىپى قارىشى» .
چەكسىز ، رەڭگارەڭ مەدەنىيەتلەرنى «يەرلىك مەدەنىيەت» ۋە
«خەلقئارا (دۇنياغا يۈزلەنگەن) مەدەنىيەت» تۈرىگە ئاجرىتىش بى-
لەن بەش مەدەنىيەت تىپىنى دۇنياغا يۈزلەنگەن كلاسسىك مەدەنى-
يەت تىپى دەپ ئاجراتقان قاراش . بۇلار : «گرېك - رىم مەدەنىيەت
تىپى» ، «كۇسەن - كوشان مەدەنىيەت تىپى» ، «سۇي - تاڭ مە-
دەنىيەت تىپى» ، «ئەرەب يېزىقى مەدەنىيەت تىپى» ، «مەدەنىيەت
ئويغىنىشىدىن كېيىنكى زامان مەدەنىيەت تىپى» دىن ئىبارەت .

10 . «شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ ئۈچ باسقۇچى» دەپ
ئوتتۇرىغا قويۇش . بۇ ، ئىسلام خەلىپىلىكىدە 9 — ، 12 - ئەسىر-
دىكى مەدەنىيەت دولقۇنى ھادىسىسى (بۇ ئىبتىراپ قىلىنغان قاراش)
نى ئۈچ باسقۇچقا ئاجراتقان ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ، مەھمۇد
قەشقەرىنى ئۈچىنچى دەۋر - باسقۇچنىڭ مۇقەددىمىلىك ۋەكىلى
دەپ كۆرسىتىدىغان پىكىر شەكلىدىن ئىبارەت .

11 . «يېڭى شەرق رېنېسانسى بېشارىتى قارىشى» . بۇ شەرق خەلقلىرىنىڭ ئويغىنىشى ، يېڭى يېپەك يولى ئالاقىلىرىنىڭ كۆپىيىشى ، غەرب ـ شەرقنىڭ يېقىنلىشىپ ۋە تەڭپۇڭلىشىپ بېرىشى ، غەربنى مەركەز قىلغان ئاساسىي پەن نەزەرىيىلىرىنى تېخنىئولوگىيىدە قوللىنىشتىن شەرقتە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ۋە مالىيە ئەۋزەللىكىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن شەرقتە يېڭى شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى دەۋرى يېتىپ كېلىدۇ ، دېگەن بېشارەتلىك ھۆكۈم .

12 . «كەلگۈسى بۇ يەردىن باشلىنىدۇ» دېگەن ھۆكۈم . بۇ ھازىرقى زامان ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى يۈزلىنىشى — پەن ـ تېخنىكا ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدىكى يېڭى ئىستىقبال بويىچە ، دېڭىز ـ ئوكيان قاتنىشى ئۈستۈنلۈكى ئورنىغا يېڭى ، زامانىۋى چوڭ قۇرۇقلۇق ھەر خىل قاتناشلىرى ئۈستۈنلۈكى ئىراسى باشلىنىدۇ ؛ ئىنسانىيەت بايلىق ، ئەمگەك ۋە بازارلىرى قويۇق توپلاشقان چوڭ قۇرۇقلۇق — يەنىلا يېپەك يولى بويلاپ كېڭەيگەن ئاساستا يېڭى گۈللىنىشكە يۈزلىنىدۇ ؛ نىسپىي مەنىدە دېڭىز ـ ئوكيان قاتنىشى ۋە پورت ـ پىرىستان گۈللىنىشى كېيىنكى ئورۇنغا چۈشىدۇ ، دېگەن ھۆكۈم .

13 . «مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ يېپەك يولىدىن ئىلگىرىكى دەۋرى ۋە كېيىنكى ئۈچ تارىخىي دەۋرى» نىڭ قويۇلۇشى . بۇ يېپەك يولىدىن ئىلگىرىكى سومېر ـ سىمىيان ـ سىكتاي دەۋرى بىلەن يېپەك يولىنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 16 ـ ئەسىرگىچە گۈللىنىشى ، خارابلىشىشى ۋە قايتا ئېچىلىشىدىن ئىبارەت ئۈچ دەۋرگە ئاجرىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .



14 . «قاتلاملىق ئېستېتىكا سىستېمىسى» . بۇ گۈزەللىكنى تەبىئەت ، جەمئىيەت ، بىلىش سۇبيېكتى ۋە مۇجەسسەم قاراشتا ئىزاھلاشتىن پەرقلىق گۈزەللىك ۋە گۈزەللىك ھادىسىلىرىنى ئونتولوگىيىلىك (ئەسلى گۈزەللىك) ، بىلىش نەزەرىيىسىلىك (ئېستېتىكىلىق) ، سەنئەت گۈزەللىكى ، زوق ۋە باھا ، ئېستېتىك تەربىيە ، ئىنسان گۈزەللىكى ، مەنىۋى گۈزەللىك ، ئىقتىدار گۈزەللىكى قاتارلىق قاتلام ۋە تارماق قاتلاملارغا ئاجرىتىپ ، ئۆز سۈپىتى ۋە ئالاھىدىلىكى بويىچە كونكرېت ئىزاھلايدىغان ئىلمىي سىستېما .

15 . «يېڭىچە ئاڭ ئىنقىلابى» قارىشى . ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكا ، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر تۈرتكىسىدىكى ھەر خىل ئاڭ-ئىدىيە قېلىپلىرى بوھرانى ئاساسىدا شەكىللەنگۈسى ئىنسان مەقسەت قىلىدىغان مۇجەسسەم گارمونىيىلىك يېڭىچە سىۋىلىزاتسىيە قارىشىنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇقەررەرلىكى ھەققىدىكى ھۆكۈم .

16 . «پەلسەپىنى ئۆزگەرتىش تىزىسى» . بۇنىڭدا ئىجتىمائىي فورماتسىيىدىن باشقا يەنە بىلىشنىڭ تارىخىي فورماتسىيىسى-ئانىمىزم ، تېئىزم ، پانتىزم ، ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم بەش بىلىش تىپى ؛ ئاڭنىڭ مەنتىقىي تىپى ۋە تارىخىي تىپى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر بىلەن پەلسەپىنىڭ ئوبيېكتىپ ، تۈپ مەسىلىسى ، ئالىي مەسىلىسى ، مەۋجۇتلۇق قىممىتى ، تۈركۈم كاتېگورىيىلىرى يېڭىچە قويۇلغان .

17 . «مۇقام مەدەنىيىتىنىڭ نوقۇل مۇزىكا مەدەنىيىتى بولماي ، بىر پۈتۈن ئېتنىك فولكلور مەدەنىيىتى خاراكتېرى قارىشى» .

18 . «مۇئەييەن مىللىي ئاسسىمىلاتسىيە دەۋرىنىڭ بولماسلىقى ۋە ئاسسىمىلياتسىيە ھەم دېسمولاتسىيە (ياتلىشىش) ھادىسىسىنىڭ قىسمەن ، نىسپىي ، دائىمىي ۋە قاتلاملىقى قارىشى» .

19 . «جەمئىيەتنىڭ غايىۋى سېۋىلىزاتسىيىسى ھەققىدىكى مەنتىقىي مۇھاكىمە تىزمىسىنىڭ نوپۇس ، ئېكولوگىيە ، ھايات شارائىتىنىڭ بۇلغىنىشى قاتارلىق تۆپ ئالدىنقى شەرتلەردىن ئايرىم ئېلىپ بېرىلىشىنىڭ غەيرىي ئىلمىيلىكى قارىشى» .

20 . «بىر دۆلەتتە سوتسىيالىستىك ھاكىمىيەت قۇرۇشنىڭ مۇمكىنلىكى ۋە كوممۇنىستىك جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى قارىشى» .

21 . «باراۋەرلىكنىڭ ماھىيىتى ۋە مەۋجۇتلۇقى قۇرۇلما ۋە كۆچلەر نىسبىتى مۇۋازىنىتىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدىغانلىقى قارىشى» .

22 . «مائارىپ ۋە ساغلام ـ سالماق مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ بېتىبارسىز قالدۇرۇلۇشى بىلەن قولغا كەلتۈرۈلىدىغان ماددىي ـ ئىقتىسادىي ئىلگىرىلەشنىڭ داۋالغۇش ۋە بوھران پەيدا قىلىشى مۇقەررەرلىكى ھۆكۈمى» ۋە باشقىلار . بۇ قانۇنىيەت ، سىستېما ، ھۆكۈم ، يەكۈن ۋە تىلغا ئېلىش شەكىللىرى ئالاقىدار كىتاب ـ ماقالىلەردە روشەن ئىزاھلانغان . ئۇ داۋاملىق تۇرمۇش سىنىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك . بۇ نەزەرىيىۋى يەكۈنلەرنى دەرھال تەنقىدلەش ئاسان . قىيىنى ، ئۇنىڭ ئاساسلانغان ھادىسىلىرىنى ئىنكار قىلىش . ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىش ، قانۇنىيەتلەرگە خىلاپلىق ، مەيلى تەبىئىي ياكى ئىجتىمائىي ـ تارىخىي جەھەتتىن بولمىسۇن كىشىلەرنى جازالايدۇ ، جەمئىيەتتىن ئېغىر تارىخىي



بەدەل تۆلەم قىلىدۇ!

## 10. شەخسىنىڭ قىممىتى

«ئادەمگە ئالەمنىڭ سىرى جۇغلانغان،
ئادەمسىز سىرىنى بىلەلمەس جاھان».

ئۆمۈر مەنزىللىرىمدە توپلىغان تەرمەچلىرىمگە بىر قۇر نەزەر سېلىپ چۆچۈپ كەتتىم: ئەل بىلەن سۆھبەتلەشكىنىم تەنھا پىكىر قىلىشلىرىمدىن ئاز بولدى؛ سەيلى ـ ساياھەتتە كۆرۈپ بىلگەنلىرىم تەييار كىتابەتتىن ئوقۇپ تەسەۋۋۇر قىلغانلىرىمدىن ئاز بولدى؛ كەلگۈسى بوغۇنغا قالدۇرغانلىرىم ئۆتمۈش ئۇستازلاردىن ئالغىنىمدىن ئاز بولدى؛ ئەقىلگە بېرىلىپ ھېسسىياتتىن ئايرىلىپ قالغان ۋە ھېسسىياتقا بېرىلىپ زېمىن تەگشىكىنى بۇزۇۋالغان ئىشلىرىم بىر تالاي بولدى؛ مەغرۇر ۋە ئۆزىنى ئەرزىمەس تۇتقان روھىي ھالەتلىرىم ھەرقايسى دەۋرلىرىمدە كۆرۈندى؛ ئۆزىنى تىزگىنلىگەن سۈكۈناتلىرىم بىلەن جۈرئەت قىلالمىغان سۈكۈناتلىرىم ئارىلىشىپ كەتتى؛ خېلىغىچە كېچىكىپ ئويغاندىم ۋە تولۇق ئويغىنالمىدىم؛ دەۋر ۋە مۇھىت ھاۋاسىدا ئۇزاق مەست بولۇپ، تەنتەك چۈشەكەپ، مۇستەقىل ۋە بىۋاسىتە كۆزىتىپ تەپەككۇر قىلىشتا مۆچەل ـ مۆچەللەپ كېچىكتىم؛ ئوقۇتقان ئوقۇتقۇچىلىرىمدىن داۋاملىق نەسىھەت ئاڭلاپ، ئوقۇتقان ئوقۇغۇچىلىرىمدىن يېمىرىلمە مەرىپەت كارۋىنى ئۈيۈشتۇرالمىدىم؛ ئۆزى چۈشىنىدۇ، قايتا چۈشىنىشكە پۇرسەت بېرىش كېرەك، دەپ مېنىڭ قاراشلىرىمنى راسا چۈشىنەلمىگەن زاتلارغا پاتال يېقىنلىشىپ پىكىرلە-

شەلمىدىم؛ تېماتىك تەسەۋۋۇرۇم تۇرغۇن جەمئىيەتلەردە تار، قاتمال، زەئىپ بولۇپ قالدى. قىسقىسى، زامان ـ ماكان ـ تۈركۈم ـ ئىندىۋىدۇئال چەمبەر ـ توساق ـ زەنجىرلىرىم ئىچىدە ياشىدىم. قوللاش ئىمتىيازى، نەشرىيات ھامىيلىقى، يۇقىرى قاتلام زىيالىيلارنىڭ ھەمدەملىكى، پائالىيەتلىرىمنىڭ ھەمكارلاشقۇچى كاتىپلىرىغا مۇيەسسەر بولالمىدىم. زاماننىڭ خوراتقۇچى دولقۇنلىرى بىلەن زىققا خەستىلىكى خېلى كۆپ ۋاقتىم ۋە كۈچۈمنى يەپ كەتتى. مېنىڭچە، ئالاھىدە ئىلتىپات دەۋگاتىلى ۋە تۇرمۇش ماھارىتىگە مۇيەسسەر بولمىغان زامانداشلىرىمنىڭ «تەپەككۇر تۇرمۇشى» قىسمەتلىرىمۇ مۇشۇ تىپقا كىرىدۇ.

ئەكسى جەمئىيەتتىن ئالغاندا، ئىنساننىڭ ھايات قىممىتى «ئوڭۇشسىز مۇھىت» بىلەن ئېلىشىش ئارقىلىق رويابقا چىقىدۇ. راھەت، «تەييارغا ھەييار» مۇھىت يالتىراق كۆرۈنۈش يارىتىشى مۇمكىن. ھومېر ۋە رۇداكى قارىغۇ بولغاچقا، ۋىنا ۋە ئۇد چالغۇسىغا ئۆزىگە خاس ماھىر بولغان. سىكتايلار ئات كۆندۈرۈش جاپاسى ۋە چەۋەندازلىق قورقۇنچىلىقىنى يەڭگەچكە، ياۋروپا ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي جەنۇبىي قىسمىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. كىچىك ئاسىيا، پەلەستىن ۋە ئەرەب زېمىنىدىكى كۆپلىگەن ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار پادىچىلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. تاشنى سىلىقلاپ ئىشلەش يوللىرى ئىگىلەنمىگەندە مېتال ھۈنەرۋەنچىلىكى بولمىغان بولاتتى. ئېيسا كىرېستقا مىخلانمىغاندا، ئۇنىڭ ھېسداشلىق قوزغاتقۇچى ئېزگۈ خىسلىتى يۈكسەكلىك قوزغاشتا مۇنچە كۈچلۈك بولمىغان بولاتتى. يالتىراق مەرۋايىت ـ قارا قۇلۇلە پەرزەنتى، ھەقىقەت ـ خاتالىق چېچىكى، غەلىبە ـ مۇشەققەت ھالۋىسى، رىقابەت ۋە كۈشەندىلەرنىڭ



ــــ سېنىڭ نازارەتچىلىرىڭ ۋە ئۆز ـ ئۆزۈڭنى تىزگىنلەش سىڭنال ـ بەلگىلىرىڭ . ھاپىز شىرازىي توغرا ئېيتقان : تەگرى نادان ۋە ئىقتىدارى ئاجىزلارنىڭ غېمىنى ئالدىن يەيدۇ ، ئۇلارغا ئامەت توقاچلىرى تاشلاپ بېرىدۇ ، ئۇلار كىشىلىك سارىيىنىڭ ئەتىۋارلىق مۇشۇكلىرى . تەگرى قەيسەر ۋە قابىللارغا پۈتۈن رىيازەتلەرنى قالدۇرغان ، چۈنكى ئۇلار تۆكمەن تېشىدىن گۈل ئېچىلدۇرغۇچى كىشىلەر ، ئۇلارنىڭ غېمىنى يېيىش ھاجەتسىز !ئۇلار ئۆز قىممىتىنى ، كىشىلىك قىممىتىنى ياراتقۇچىلاردۇر !

شەخسنىڭ قىممىتى ـ شەخسنىڭ كىشىلىك تارىخىدىكى قىممىتىنى ئەڭ يۇقىرى قىممەت تىپى قىلغان ! بۇ شەخسنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ جىسمانىي مەۋجۇتلۇق قىممىتى ، گۈزەللىك بەخش قىممىتى ، ئاتا ـ ئانىلىق مېھرىبانلىقى قىممىتىدىن ھالقىغان ، شەخسىي ئۆمۈر قىممىتىدىن ھالقىغان تارىخىي قىممەت ۋە ئومۇم كىشىلىك تۆھپىكارلىقى قىممىتى دېگەن سۆز يېشىپ كەلگەندە ، بۇ :

ــــ شەخسنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ نەسەب ـ سالاھىيىتى ، ئىگىلىگەن ئىمتىياز ۋە بايلىقى بىلەن ھېسابلانمايدۇ ، دېگەن سۆز .

ــــ بۇ يەنە ، شەخسنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ھاياتلىق ۋاقتىدىكى ئېرىشكەن مەدھىيە ياكى ھاقارەتلىرى ، غەلىبە ياكى مەغلۇبىيەتلىرى ، ئۆزى ياكى باشقىلار چوقۇنۇپ ياسىغان ئوبراز ، ھەيكەللىرى بىلەن بەلگىلەنمەيدۇ ، دېگەن سۆز .

ــــ بۇ يەنە ، شەخسنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ھاياتلىق مەزگىلى ، ھايات ياكى ئۆلگەنلىكى بىلەن بەلگىلەنمەيدۇ ؛ ئۆلۈم ــــ تەگرىنىڭ ئەڭ ئالىي جازاسى ئەمەس ، تەگرى ۋە پۈتۈن مۇتلەق تەبىئەت ئۈچۈن ئۆلۈم ئەڭ ئاخىرقى چەك ئەمەس ، شەخسنىڭ قىممىتى ئۆ-



زىكە ئۆلۈمنى ئاخىرقى مەۋجۇتلۇق چېكى قىلمايدۇ، دېگەن سۆز. بۇ ئۈچ قاتلاملىق مەنىگە پەقەت تولىمۇ خامۇش، پىكرى ئاجىز، تەنتەك كىشىلەرلا ھەيران بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەيرانلىق ئۇلارنى ئەخمىقانە تەمەننا قىلغۇچىلار، ئەخمىقانە چوت سوققۇچىلار ۋە ۋاپاسىز پەلەككە كولدۇرلاپ ئالدانغۇچىلار قىلىپ قويغان!

بىز ئۈچۈن ئىنسان ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيىتى، بەخت ـ سائادىتى، مۇجەسسەم تەپەككۇرى ئومۇم جۇغلانمىسىغا ئۆزىگە خاس تارىخىي قاتلام ئۇلى ھەسسىسىنى قوشقان، ئۆتمۈشنى كەلگۈسىگە ئۇلاي- دىغان روھىيەت تارىخى ۋە مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىگە خاسلىقتا ئىگە تۆھپە قوشقان، تەپەككۇرى ۋە مۇئامىلىرى كىشىلەر تەرىپىدىن داۋاملىق قايتا ئېتىبار بىلەن قاراشقا ۋە ھەر قېتىم يېڭى مەنىدە جۇلالىنىدىغان ئىلھام ئۇچقۇنلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشقا مۇناسىپ بولغان كىشىلەرنىڭ قىممىتى ھەقىقىي ئۆلمەس قىممەتتۇر. بۇ قىممەت مەلۇم مەنىدە ئۇلارنىڭ ھامىي ۋە قوللىغۇچىلىرىغا «رەھ- مەت سۆيى»، ئۇلارغا قەست قىلغۇچىلارغا خىرە شولا، ھەتتا تا- رىخىي مەسخىرە ئېلىپ كېلىدۇ.

ھەممە ئۆلىدۇ، ئۆلۈمنىڭ ۋاقتى، شەكلى ھەر خىل، دېمەك مۇراسىملىرىنىڭ دەبدەبىسىمۇ بىر خىل بولمايدۇ، ئەمما ئۆزۈل- مەس دولقۇن ـ مەرىپەت تارىخى، روھىيەت تارىخى ئۆزى خالىغان شەخسلەرنى قايتىدىن «تىرىلدۈرىدۇ»! بۇنى زاكاز قىلغىلى، ئۆزى قىلىۋالغىلى، ئاپاق خوجىدەك يۈز مىڭلىغان قەسەملىك مۇرىت ـ مۇخلىسلىرى ۋە قەبرىگاھلىرى بىلەن «ئەبەدىيلىك ئا- بىدىسى» گە ئايلىنىۋالغىلى بولمايدۇ! نېمە چارە، تارىخ ئەنە شۇنداق نەرسە! بۇ پۈتۈنلەي بولمىسىمۇ، خەلق تېپىشماقلىرىدەك: «تەگ دېسە تەگمەيدىغان، تەگمە دېسە كېلىپ تېگىدىغان»



تىلسىم.

مەن تۆت پەسىلگە، تۇغۇلۇۋاتقان، ئۆلۈۋاتقانلارغا، ھەر خىل مەئىشەتتە ياشىغانلارغا، غالىب ۋە مەغلۇبلارغا... ئانچە تەئەججۇپلەنمەي ياشىدىم. قەتئىي مۇتلەقلەشتۇرۇۋەتكەن «ھەقىقەت» دېگەنلىرىمدىن، داۋاملىق قايتا ـ قايتا كۆزىتىشكە قالدۇرغان ئوبيېكتلىرىم كۆپ بولدى. بىر قېلىپ، بىر فىكىرا، بىر مودېل ئەتراپىدا مۇخلىس ـ پەرۋانە بولغىنىم ۋە ھەر بىر ئاتالمىنى ئۇنىڭ گۈزەل ياكى ئۇنىڭ نامى بىلەن ماھىيەتلەشتۇرۇۋەتكىنىم يوق. مەن تۇغۇلغاندىن تاكى ئۆلگۈچە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پىكىر نۇسخىلىرىنى تەكرارلاپ ئۆتكۈچىلەر بىلەن ئۇنى يەڭگىلتەكلىك رەۋىشتە ئىنكار قىلغۇچىلاردىن پەرقلىنىشنى خالىدىم. تارىختا مەيلى دىن ئەۋلىيالىرى ياكى بىرەر كەشپىيات ئىگىلىرى بولسۇن ئۆزلىرى يېڭى پىكىر سىستېمىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىلگىرى بۇ خىل قاراشلارنىڭ نامايەندىلىرى بولمىغانىدى. ساكيامۇنى بۇددىزمنى، ئېيسا خرىستىئانچىلىقنى، پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلامنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىلگىرى بۇ ئەقىدىلەرنىڭ نامايەندىلىرى ئەمەس ئىدى. پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئەت پەنلىرى تارىخىدىكى يېڭىلىق ئىگىلىرى ھەققىدىمۇ شۇنى دېيىش كېرەك. ئوتتۇرا ياكى ئارىغلىق يېشىدا ئۆز زامانىسىنىڭ يېڭى پىكىر ئېقىمى ۋە ئىلمىي تەقەززالىرىدىن يىراقتا قالىدىغانلار كۆپ، ئەلۋەتتە، چۈنكى ھەممە ئادەم ئېينىشتېين بولۇۋەرمەيدۇ. ئەمما، تارىخ پىكىر بوھرانلىرى ۋە ئىلىم تەقەززالىرى مۇئەييەن پەللىگە يەتكەندە تارىخىي شەخسلەر ئارقىلىق ئۆز يولىنى يورۇتقۇچى مۆجىزىلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇلار مۇشەققەت ئىچىدە ئىلگىرىلەيدۇ ۋە كىشىلىك روھىيىتىگە نۇر

بېغىشلايدۇ . تارىخ ئۇلارغا مۇشكۈللۈك ئارقىلىق يۈكسەكلىك بەخش ئېتىش بىلەن بىللە قارشىلاشقۇچىلارنىڭ چوقانلىرىغا يول قويىدۇ ۋە ئۇلارنىمۇ يەنە مەسخىرە توزانلىرى بىلەن كۆمۈۋېتىدۇ . ئالىم پەقەت ئەبەدىيلىك جاۋاھىراتلىرى ۋە بۇ يولدىكى ھەر بىر تارىخىي قاتلام تۆھپىلىرىنى روھىيەت بايلىقى قىلىپ ، ئۇنىڭدا يېڭى ئەۋلادنىڭ كىشىلىك مۇھىتىنى يارىتىشقىلا مەپتۇن . ئۇ- نىڭدىن باشقا ھەرقانداق شەخسنىڭ ھاياتى ، روزىغارى ، شەخسىي تۇرمۇشىغا بىۋاپا! چۈنكى ھالاكەت قانۇنى دەل ۋاپاسىز پەلەكنىڭ تۈپ قانۇنى ، ئالەم دىئالېكتىكىسىنىڭ پولات مەنتىقىسىدىن ئى- بارەت .

ئاتمىشقا كىردىم . ئالەم سىرلىرىدىن پىنىندەك بىلىۋالدىم ۋە بۇ قىسمەتلىكتىن ئالەمنىڭ ئومۇمىي مىجەزىنى ھېس قىلدىم . ئاتمىشقا كىردىم . كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ جىسمانىي جەھەتتە قىسقا مەزگىللىكى ۋە روھىيەت ئىزچىللىقىنىڭ چەكسىز تارىخىي زەنجىرىدىن خەۋەردار بولدۇم . ئۆلۈم ماڭا قورقۇنچلۇق ئۇچۇر ئە- مەس ، بەلكى ئۇ ھاياتنى قەدىرلەش ، ئۇنى «ئالتۇن شۆپۈك» ۋە «يالتىراق پۆپۈك» كە تېگىشىپ قويماسلىق ئۈچۈن تىرىشىشقا ئىلھام بېرىپ ، چوقان سېلىپ تۇرغان ۋەھىي! مەن ھاياتنى ئۆلۈم تارازىسىدا ، روھىيەت جاۋاھىراتلىرىنى تارىخ مىزانىدا ئۆلچەيمەن . قالغانلىرى مەيلى قەسىر ياكى خەزىنە بولسۇن پەقەت بىۋاپا ئالەم كىرپىكىدىكى چاڭ ـ توزاندىن ئىبارەت .

ئۆمۈر تەلقىنلىرىم ئاخىرلاشمىدى . مەن ئۇنى ھەر بىر ھۆ- جەيرىلىرىم نۇرغا تولغۇچە داۋاملاشتۇرىمەن . ئىشىنىمەنكى ، ئۇنى مەندىن كېيىن يەنە مىڭلىغان ئالىم سىرلىرى ۋە كىشىلىك



تىلسىملىرىنى ئىزدەنگۈچى روھىيەت مۇخلىسلىرى ئىزچىللاشتۇرىدۇ .

ئۈمىدىم ، غەلىتە پىكىرلىرىمنىڭ ھەقىقەتكە يېقىنلىقىنى ، غەلىتە سېزىلمىگەن تەپەككۇر ئادەتلىرىڭىزنىڭ ئەقىدە ۋە ئادەتكە بېقىنغانلىقىنى ھېس قىلىشىڭىزدىن ئىبارەت .

*1993 ـ يىلى 28 ـ سېنتەبىر ، توخۇ يىلى،تاروزا بۇرجى*

---

* بۇ ماقالە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن ئېلىندى .



# 1 ـ باب

## ئىنسان ۋە ئىنسانىيەت

— ※ —

سەنئەتچى ــ تەپەككۇر ئۆلگىسى بولۇش لازىم . ئۇ ئىپادىلىگەن چىن ھېسسىيات ئۇنىڭ ئۆز ھېسسىياتى بولماستىن ، بەلكى بىلىپ يەتكەن ئىنسانىيەت ھېسسىياتىدىن ئىبارەت بولۇشى ، بۇ خىل ئىنسانىيەت خاراكتېرلىك مەزمۇنىنى سىنىپىي ، مىللىي ۋە تارىخىي چەكلىمە ئىچىدىمۇ گەۋدىلەندۇرۇشتە تىرىشىشى كېرەك .

«قاتالاملىق ئېستېتىكا»

سەنئەت ــ نوقۇل «سەنئەت ئۈچۈن» بولماستىن ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈندۇر . ھەقىقىي سەنئەت جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەينەك ، دەرسلىك ، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ .

«قاتالاملىق ئېستېتىكا»

ئىنسان ئۆز ـ ئۆزىنى ئۆز روھىيىتىدە سىزىدىغانلىقىنى ، خۇشاللىق ياكى قايغۇ ، غەزەپ ياكى ئۈمىد ، ئىسسىق ـ سوغۇقلىرىنى ئۆز روھىيىتىدە تەلقىن قىلىدىغان ، باھالايدىغانلىقىنى ، ئۇنىڭ مەركىزى ، ئوچۇق ۋە راستچىل ئىنسانىي كىنەزلىكى ئۇنىڭ روھىيىتىدە ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز .

ئىنسانىنىڭ روھىيەت دۇنياسى ــ مانا بۇ تۇرمۇش چوڭكىلىرى بىلەن بولدۇقلاپ قايناۋاتقان چىنلىق .

«قاتالاملىق ئېستېتىكا»



ئىنسانىيەت ئۆزى ياراتقان ئاجايىپ سۈرەتخانىغا كىرىپ قالدى . ئۇ : رەسىملەرنىڭ تىرىلىپ ، ھەيكەللەرنىڭ جانلىنىپ ئۆز ئىختىيارچىسىغا «شاھ !» دېيىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈپ ، ۋەھىمىلىك چۈش ، شۈبھىلىك مۇھاكىمە ئىچىگە قامىلىپ قالدى .

«كاككۇكنامە»

ئىنسان كائىناتنىڭ ئۇلۇغ مۆجىزىسى ۋە ئالەمنىڭ تەڭداشسىز زىننىتى .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ئىنسان تەپەككۇر قۇياشى ۋە ھېسسىيات سەييارىلىرى تۇپەيلى ، ئۆز روھىيىتى ۋە ئۆز ھاياتىنى كامالەتكە يۈزلەندۈرەلەيدىغان مۇجەسسەم ئىقتىدارلىق ئىجتىمائىي ھايۋان .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

گۈزەللىكسىز ئىنسانىي كامالەتنى ۋە بەخت ـ سائادەتنى قىياس قىلىش مۇمكىن ئەمەس .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

گۈزەللىك ـــ مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ جازىبىكار مەلىكىسى ، ئىنسان روھىيىتىدىكى جىلۋىلىك يۇلتۇز .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ئۆزلۈكسىز كامالەتكە قاراپ ئىلگىرىلەش خاھىشى ئىقتىدارى ئىنسان كەۋدىسى ھەمدە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ماھىيەتلىك ئالامىتىدىن ئىبارەت .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»



ئىنسان — بىردىنبىر ۋە يېگانە ، نۇتۇق ۋە تەپەككۇر ، ئەمگەك ۋە تەجرىبە ، ئەقىل ۋە بىلىم ، ئەخلاق ۋە پائالىيەت ئىقتىدارىغا ئىگە ئۇلۇغ ئوبيېكت ۋە ئۇلۇغ سۇبيېكت سۈپىتىدە ئالەم سىرلىرىنىڭ جاھاننەمىسى ۋە خەزىنىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ئىنسان — دۇنيا . ئىنسان دۇنيانى بىلگۈچى ۋە شەرھلىگۈچى قامۇس .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ئادەم ئۆزىنىڭ ئالەمنىڭ بېزىكى بولغان ھەقىقىي ئىنسانلىقىنى بىلىشى كېرەك .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ئىنساننى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇنى سۆيۈش كېرەك .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

بىز ئۈچۈن ئىنساننىڭ يۇرتى ، نەسەبى ، مەنسىپى ئەمەس ، بەلكى ئىنسانلىقى ، بولۇپمۇ ئىنسانلىق قەدرىنى بىلىش پەللىسىگە يەتكەن ئىنسانلىقى قىممەتلىك .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ئىنساننىڭ قايغۇسىغا ھېسداشلىق ، خۇشاللىقلىرىدىن روھلىنىش قەلب پاكلىقىنىڭ ئادىمىي شەرتى .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»



دۇنيادا ئىنسان ئەڭ كونكرېت ھەم غارايىپ نەرسە ، ھەر بىر كىشى بىر دۇنيا ۋە بىر كىتاب .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

بىر ئىنسانغا سەمىمىي ، راستچىل مۇئامىلىدە بولۇش پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە راستچىل ، سەمىمىي قاراشتۇر .

**«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»**

مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە ــــ ئىنسان ھاياتىنىڭ تىنىقى ، ئىنسان ئىستىقبالىنىڭ قانىتى .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

ئىنسانىيەتنىڭ ئاڭلىق ئىلگىرىلىشى ئىنسان گۈزەللىكى توغرىسىدىكى بىلىش ۋە مەشغۇلاتتىن ئايرىلىشى مۇمكىن ئەمەس .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

ئىنساننىڭ تاشقى شەكىل گۈزەللىكى ۋە ئىچكى قەلب گۈزەللىكى ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ ئىككى مۇھىم تەرىپىنى ھاسىل قىلغان . بۇ بەدىئىي ۋە ئىجتىمائىي ، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلغان ئىنساننىڭ تەبىئىي ۋە مەنىۋى گۈزەللىكىدىن ئىبارەت .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

ئىنسان مۇئەييەن ئىجتىمائىي مۇھىت قاتلىمىنىڭ تارىخىي مەھسۇلى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجتىمائىي تارىخىي مۇھىتنىڭ ياراتقۇچىسى .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**



ئىنسانىيەت ئەڭ ئىپتىدائىي دەۋرلەردىن تارتىپ ئۆز پەرزەنت-
لىرىنى مۇئەييەن تەلەپ بويىچە ئىسكەت قېلىپىغا سېلىپ ئۆس-
تۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ئىنساننىڭ قەددى ـ قامەت گۈزەللىكى ئادەم ئورگانىزمىنىڭ
ھەل قىلغۇچ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ . بۇ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە
باغلىق بولمىغان تەبىئىي ، بىئولوگىيىلىك قانۇنىيەت .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ھېسسىياتچان تۇرقى ھالەت كىشىدە سېھرى كۈچ ، جەلپ
قىلىش كۈچى پەيدا قىلىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ئىنسان تۇرقى ھالەت ۋە تۇرقى ھالەت ئۇسلۇبىنى گۈزەللەش-
تۈرەلەيدۇ ، بۇ مەنىۋى يۈكسىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ، ئو-
چۇق ـ ئازادە ، ئۇزۇن مۇددەتلىك مەشىق قىلىش ۋە تەدرىجىي ئا-
دەتلىنىش بەدىلىگە قولغا كەلتۈرۈلۈشى مۇمكىن .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

تۇرقى ھالەت ۋە تۇرقى ھالەت ئۇسلۇبى گۈزەللىكى شەخسنى ۋە
جەمئىيەتنى گۈزەللەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر ساھەسى .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

بەختكە ئېرىشىش ئىنساننىڭ ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مۇ-
قەددەس ھوقۇقى . ھەرقانداق كىشىنىڭ ۋە ئىجتىمائىي كۈچنىڭ



ئىنساننىڭ بۇ مۇقەددەس ھوقۇقىنى ئۇزاق مۇددەت قامال قىلىۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس .

«قاتلاملىق گېستېتىكا»

ئىنساننىڭ بىلىش ھوقۇقى ، ئىنقىلاب ۋە ئىسلاھات ھوقۇقى ، كىشىلىك ۋە ياشاش ھوقۇقى ئىختىرا ۋە ئەمگەك ھوقۇقى بىر جۈملىگە ئىخچاملانغاندا مۇقەددەس ، ئۇلۇغۋار بەختكە ئېرىشىش ھوقۇقىدىن ئىبارەت .

«قاتلاملىق گېستېتىكا»

ھەقىقىي سەنئەتكار تۇرمۇشنى بىلىشى لازىم . سەنئەتكار تۇرمۇش مۇتەخەسسىسىدۇر . ھەقىقىي سەنئەتكار ئۆز ئەسىرىنى ئىنساننىڭ دائىمىي تۇرمۇشى زېمىنىدىن ئېلىپ ئىجاد قىلىدۇ .

ئىنسانىيەت تۇرمۇشى سەنئەتكار ئىجادىيىتىنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس بۇلىقى ۋە ئۆز ئەسىرى ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىدىغان بىردىنبىر پائالىيەت ئوبيېكتىدىن ئىبارەت .

«قاتلاملىق گېستېتىكا»

ھەقىقىي ئادەمدە بىرقەدەر ئالىي مەنىۋى تۈزۈلمە ۋە مەنىۋى سۈپەت بولۇش لازىم .

«قاتلاملىق گېستېتىكا»

ئىنسان ئۈچۈن ئەخلاقتىن مۇھىم قورال مەۋجۇت ئەمەس .

«گىزگو مالاگىكە»

ئۇيغۇر 12 مۇقامى يالغۇز ئۇيغۇر خەلقىنىڭلا مۇقامى بولماستىن ،

بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مۇقامىدۇر .

«مۇقام تارىخى»

سەنئەت — ئىجتىمائىي مەدەنىيەت بىناسىنىڭ بىر تارمىقى ، تەلىم ـ تەربىيە سىستېمىسىنىڭ بىر قىسمى ، ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەللىك ۋە گۈزەل كەلگۈسى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ مۇھىم بىر پىرونتى . شۇ سەۋەبلىك ، ھەقىقىي سەنئەتكار ئىشىك تاقىۋېلىپ «غىلاپ بەندىسى» بولالمايدۇ . ئۇ تۇرمۇش پەرزەنتى ، كۈرەش لاچىنى ، خەلق جەڭچىسى ، ھەققانىيەت ۋە گۈزەللىك ھامىيسى بولۇشقا توغرا كېلىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ئىنسان پائالىيىتىنىڭ مەڭگۈلۈك ئابىدىسى بولغان مەدەنىيەت ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ، تارىخىي ـ ئەنئەنىلىك ، ئىجتىمائىي تۈزۈلمىلىك تەسىرىگە ئۇچرايدۇ ، مۇشۇ ئاساستا ئۆزىگە ، ئۆز ئەنئەنىسىگە خاس مەدەنىيەت سىستېمىسى ۋە چەمبىرى ھاسىل قىلىدۇ .

«ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»

مەركىزىي ئاسىيا يالغۇز ئىنسان ئاپىرىدە بولغان ئانتروپولوگىيىلىك رايونلارنىڭ بىرى بولۇپلا قالماي ، يەنە بىرقانچە قاتلام مەدەنىيەت چەمبىرى تۈزگەن ئېتنولوگىيىلىك رايون بولۇپ ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت چەمبىرى ئۇنىڭ ئۆلگىلىك جازىبىكار بىر بوستانلىقى ھېسابلىنىدۇ .

«ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»



سەنئەتكار ئۆزىنى خەلق ئىچىدە يوقاتقان ۋە خەلق ھېسسىيات قاتلىمىدا ئۆزىنى تاپقان بولۇشى لازىم . سەنئەتكارنىڭ ئۆز ھېسسىياتى ، شەخسىي تۇيغۇلىرى يوق ، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ھېسسىياتىدا ياشايدۇ ۋە ئىپادىلەيدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

تارىخ ، ئىنسانىيەتنىڭ ئەۋزەللىككە قاراپ تاكامۇللىشىپ بارىدىغانلىقىنى ، ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ ئەۋزەللىككە قاراپ ئۇيۇشىدىغان ۋە تەشكىللىنىدىغانلىقىنى ، ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ ئۆز ئەۋزەللىكلىرى بويىچە ئۆز ئەجدادلىرىدىن ئۈستۈن كەلگەنلىكىنى ، ئېتنولوگىيىلىك مەنىدىكى ئەۋزەللىك ئۆزگىچە ئۆزلەشكەن ۋە تەسىر كۆرسەتكەن ئەۋزەللىكلەرنى جەملەپ ئىلگىرىلەشتىكى ھاياتىي كۈچ بولىدىغانلىقىنى داۋاملىق ئىسپاتلاپ كەلمەكتە .

«ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»

سەنئەتكارنىڭ ھېسسىياتى ئالەمشۇمۇل تارىخىي خاراكتېرلىك ئىنسانىي روھىيەت چىنلىقىدىن پۈتۈلگەن مەشئەل — دانكو يۈرىكىنىڭ يالقۇنى .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ئىنسان ئۆزىنى ئۇنتۇپ ، ئۆزىدىن باشقا تەسۋىرىي ئالەم ھەقىقەتلىرىگە شۇنچىلىك ئىزچىللىق بىلەن ئىچكىرىلەپ كىرىدىكى ، ئۇ يېپەك غوزىسىغا قامالغان زات ـ پىلە قۇرتىغا ئوخشاپ قالدى ! روھىي زېمىندا ئىپتىدائىي ئىنساندىن تاكى تەقۋادار كائىنلار ياكى ھازىرقى زامان مۇتەخەسسىسلىرى ۋەزخانلىق قىلىپ كەلگەن زا-



مانلارغىچە نەچچە تۈمەن يىلدىن بېرى ، ئىنسان تۈركۈملىرى خۇددى ئۆلگەن بۇغا بەدىنىدە قىمىلداپ يۈرگەن ئاچ چۈمۈلىلەردەك ئەۋلادمۇئەۋلاد تىنىم تېپىشمىدى . بۇنداق بۇغا جەستىدىن نەپ ئېلىش پەن ۋە ماھارەت تارماقلىرىغا ئايرىلىپ ، زېمىننى بارغانسېرى مۈرەككەپ ۋە ئىنچىكىلەشكەن قۇرۇلمىلار قاپلىۋالدى . ھەسرىتى شۇكى ، ئىنسانىيەت تېخى ئۆزى ھەققىدە ، ئۆزىنىڭ كائىناتتىكى ماھىيىتى ، ئورنى ھەققىدە ، بولۇپمۇ ئۆز ماھىيەتلىرىنىڭ ئۆز پائالىيەت ھادىسىلىرىدىكى قىممىتى ھەققىدە ھېچقانچە ئىزدەنگىنى يوق .

**« سۆزلۈك ئەينەك»**

ئىنسان ھاۋا كۆلدۈرلىكىدە ئولىشىپ ـ توۋلىشىپ مۇناجات قىلىشتى . ئۇ ئەمدى كۆكتە پەرۋاز قىلىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى بىلدى . ئىنسان يۇقىما كېسەللىككە زار يىغلاپ قۇربانلىق قىلىشتى . ئۇ ئەمدى ئۆزىنى داۋالاشنىڭ ئىمكانلىرىنى كۆردى . ئالاھىزەل مۇمكىنلىكنىڭ مۇقەررەرلىك بىلەن بولغان ئالاقىلىرى ئۇنىڭغا پىچىرلىماقتا .

**«گۆھەرگە دەسسەپ تۇرغان كور ئادەم»**

يورۇقلۇق ۋە ياخشىلىق ـــ ئىنسانىيەتنىڭ كامالەت يولى بەرىبىر تارىخنىڭ ئاساسىي ئېقىمى . ئۇ بۇلغانغان جەسەتلەرنى چەيلەپ ئىلگىرىلەيدۇ .

**«يېپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»**

ئىنسان ـــ دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق مەھسۇلى . ئىنساننىڭ



ھاياتلىقى مۇتلەق ۋە چەكسىز دۇنيادىن ئارىيەت ئېلىنغاندەك ، ئىنسانىنىڭ ماددىي مەئىشىتى ۋە بايلىقىمۇ دۇنيادىن ئارىيەت ئېلىنغان . ھېچكىم ئۇنى مۇتلەق ئېلىپ كەلمىگەن ھەم ھېچكىم ئۇنى مۇتلەق ئېلىپ كەتمەيدۇ .

**«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»**

ئادەم ئۆزى خاتىرجەم بولغان نەرسىنىڭ ئۆزىدىن خاۋاتىرلىنىدۇ . چۈنكى : كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئۆز تىياتىرىنى كۆرسىتىدىغان سەھنىسى بىرلا ئاسمان .

**«مارجاننامە»**

ئىنساننىڭ قىممىتى — ئاتىنىڭ سورتىنىڭ باھاسى ئەمەس ، بەلكى ئات مىنگۈچىنىڭ ماھىيەت ۋەزنى ! ئۆزۈڭگە ئات باھاسىدا ، ئويناقلاپ تۇرغان ياكى پۇشۇلداپ ياتقان ئات نەرقىدە قاراپ تەمەننا ياكى غەمكىنلىك يولاتما ! بەلكى ئات مىنگۈچى قىممىتىدە قاراپ نەپرەتلەن ! ئۆزىدىن نەپرەتلىنىشنى بىلمىگەن ئىنسان ئۆزىنى بارغانسېرى نەپرەتلىك سىماغا ئايلاندۇرۇۋاتقان غاپىل ئىنساندۇر . ئات چەيلەپ پىتىقلىۋەتكەن بۇ ئىنسانىي قىممەتتىن ساڭا يەنە قانداق تەقدىر نېسىپ بولاتتى ، ئەي نادان !

**«ئات بىلەن ئات مىنگەن كىشى»**

ئىنسان ھېلىمۇ بۇغا بەدىنىدىن ئايرىلىپ ، ئۆزلۈك خەزىنىسىگە دادىل قەدەم قويۇپ : «مەن كىم» دېگىنى يوق ! مەئىشەت ئېجىللىقى خىرۇسىن خۇمارىدا ئۇنى دومىلىتىپ ، ئاللىقاچان ئۆزىنى ئۇنتۇغان مەجنۇن دەلدۈشكە ئايلاندۇرۇپ قويغان .

ئېسىل بىنالار ، ھەر خىل شەكىلدىكى ئايروپىلانلار ، ئالتۇن

قەلەملەر ، ئوتلۇق قوراللار تۇتقان قايسى ئادىمىزات ئۆزىنى ئۆز قولىدىكى يالتىراق «نام ـ ئەمەل كارتوچكىسى» دىكى مەن ئە-مەسمەن ، مەن بۇنىڭدىكى ئىبارىلەر ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان بىر پۈتۈن روھىيەت دۇنياسىمەن ، دەپ بۇ كارتوچكىنى مەسخىرە قى-لالايدۇ؟ !

«سۆزلۈك گىلەمچى»

تەقدىرىگىدىن زارلانما ! تەقدىرىڭ ئەزەللىك لەۋھەسىدە ، يۇلتۇزلار سەيلىسىدە ۋە پاكى تەگرىنىڭ رەھىم ـ شەپقىتى ، قەھرى ـ غەزىـ پى ئۇچقۇنلىرىدا ئەمەس . ئۇ مۇھەببەت نەپرىتكە تولغان بۇ ئا-لەمدە ! بەلكى ئۇ سەن يوقاتقان ، سەن ئىزدەپ يۈرگەن نەرسىدە ـــ ئىنسانىي قىممىتىڭنىڭ قىسمەتلىرىدە ، قەلب دەرىخىنىڭ مېۋى-لىرىدە .

«گۆھەرگە دەسسەپ تۇرغان كور ئادەم»

ئىنسانىيەت بىر قەترە سۇدىن ئاپرىدە بولغىنىدەك ، ئىنسانىيەت دۇنياسىمۇ بىر جاسارەتلىك ئىسيانىدىن باشلانغان . ئۇ : قىلما دې-گەننى قىلىش .

هاۋا بىلەن ئادەم ئەگەر خۇدانىڭ بەلگىلىمىسىنى بۇزمىغان بولسا ، ئىنسانىيەت تارىخى ھەقىقەتكە ئايلانمىغـان ۋە تـېخى ئەپسانىۋى ئىرەھىيسىغىدا چۈشەپ تۇرغان بولاتتى . ھازىرقى زامان «تەۋرات» لىرىغا كەلگەندە ، ئادەم ئەۋلادى ئۆزىنى تەدبىـرسىـز ھېسابلىمايدۇ .

«تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»



قۇياش ئىنسان ، تارىخچى ئىنسان ،
ئىدراك بىلەن كۆككە بالقىغان .
ئاقار دەريا ئۇ زەنجىرسىمان ،
ئەسىر ئاتلاپ ، كۈن ئاتلاپ راۋان .

**«قۇياش ، ئىنسان ، تارىخ»**

ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتى مەيلى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ياكى مەنىۋى ئىجادىيەت پائالىيىتى بولسۇن ، ئىنساننىڭ ئاڭلىق ، مەقسەتلىك ئىدىيە ، تەپەككۇر ، غايىسى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . بۇنداق ئىجادىيەت ئېگى يەنىلا ئەنئەنىۋى ئىجادىيەت ئۆلچەملىرى ، ئەنئەنىۋى ئېستېتىك غايە ئاساسىدا ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كەلگەن يېڭى (زامانىۋى ياكى سىرتتىن كىرگەن) ئېستېتىك ئىدىيىلەرنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرگەن ئاساستا ئېلىپ بېرىلىدۇ . پۈتۈنلەي ئىجادىيەت ئەنئەنىسى ، ئىجادىيەت ئېڭى ۋە ئۇنىڭ يېڭى تارىخىي سەۋىيىسى بولمىغان ئەھۋالدا ، سىرتتىن كىرگەن ئىجادىيەت ئىدىيىسى ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش مۇمكىنلىكى بولمايدۇ . روشەنكى ، ھەرقانداق قوبۇل قىلىش ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن بولىدۇ . ئۆزلەشتۈرۈش يېڭىلىق يارىتىش بىلەن ئۆلچىنىدۇ . بۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە قوبۇل قىلغۇچىنىڭ ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارى ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئاساسى ۋە ئۇنىڭ سەۋىيىسىدە ئەكس ئېتىدۇ .

**«كۈسەن رەسساملىرىدىكى ئېستېتىك ئاڭ»**

ئىنساننىڭ ئىجىمائىي پائالىيىتى ، مەيلى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ۋە مەنىۋى ئىجادىيەت پائالىيىتى بولسۇن «كۈ-

زەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ ، مۇنداق ئىشلەپ چىقىرىش پائالىيىتى ۋە ئىجادىيەت پائالىيىتى ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا ، ئىنسان مېڭىسىدە ئېستېتىك چۈشەنچىلەر ، ئېستېتىك ئاڭ سىستېمىسى شەكىللەندۈرىدۇ . ئۇنىڭ ئەڭ ئالىي كۆرۈنۈشى سەنئەت ئىجادكارلىرىدىكى ئېستېتىك ئاڭدىن ئىبارەت .

**«كۈسەن رەسساملىرىدىكى ئېستېتىك ئاڭ»**

قەھرىمان ، ھاكىم ، غالىبلارغا نەزەر سال ئۇلارنىڭ قايسىلىرى ئۆز ئايىغى بىلەن ، قايسىلىرى كىشىلەر يەلكىسىگە مىنگەنلىكى بىلەن ، يەنە قايسىلىرى ياغاچ ئاياغلىرى بىلەن سەندىن ئېگىز . ئۇنى ئۆز پەزىلىتى ، كىشىلەر يەلكىسى ۋە ياغاچ ئاياغلىرى بويىچە بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرگىن . شۇ چاغدا ، ئىنساننىڭ بىر ـ بىرىگە چوقۇنۇش ۋە چوقۇندۇرۇش ھېيلىلىرىنىڭ قاچاندىن داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىسەن .

**«ھاكىم»**

ھەقىقەت يول بويلاپ ئېچىلىدۇ .

**« يول »**

ئەي ، گۆھەرگە دەسسەپ تۇرغان ۋە گۆھەرنى پەرق قىلالمىغان ئەما ، بىچارە تىلەمچى . سېنى گۆھەر زېمىنغا ، گۆھەر سېزەر ئىقتىدارغا ئىگە قىلغان دۇنيا ، سېنى ئىنسان ، گۆھەرنى تاش دەپ ئاتىمىغانمىدى .

ئەمدى مۇھىتىڭغا قارا : ۋەھىمە بىلەن بىخوتلۇق ، تەمەخورلۇق بىلەن بېسىمخورلۇق ، قۇللۇق سوكۇتى بىلەن قۇلدارلىق كىبىرى ھاۋاسى ، ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئىسراپخورلۇق ــ قىسقىسى كامالەت



مىزانىدىن چەتنىگەن غەلىتە روھىيەت ، مانا سېنىڭ ئۆمۈر مۇ-
ھەسىتىڭ! بۇ مۇھەببەتتىكى سەن قاتىل بىلەن ئۆلگۈچى ، ئوغرى بى-
لەن بۇلانغۇچى ، ياللانغۇچى بىلەن زوراۋان ، جىنايەتكار بىلەن
راھىب ! سېنى ئۆلگەن ياكى كىشىلىك دۇنياسىغا تېخى تۆرەلمە-
گەن دەۋالاي دېسەم ، سېنىڭ تاشلىغان زەھەرلىك قالدۇقلىرىڭ
ھايات چىمەنزارلىقىنى بۇلغىۋەتتى ! غەلىتىلىكى شۇكى ، بۇ تاش-
لاندۇقلار ئاداشتۇرغۇچى ساختا كىرىستاللاردەك ، قەلبى ئاجىز كۆز-
لەرگە جىلۋە قىلىپ ، ئۇنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ !

«گۆھەرگە دەسسەپ تۇرغان كور ئادەم»

ئەقىل – پاراسەت ئىنسانىيەتنىڭ نۇرى .

«كومىرا جىۋا»

ئىنسانىيەت ئومۇمىي ئۇچۇر دەۋرىگە قەدەم قويۇش ھارپىسىدا
روھىيەتتىكى مىسلىسىز بوھرانغا دۇچ كەلمەكتە .

«ھايات دانىشمەن»

ئىنسان —— پۈتكۈل كائىنات سىرلىرىدىن تۈزۈلگەن ئۇلۇغ ئەۋ-
رىشكە . ئىنساندا كائىنات مۇمكىنلىكلىرىنىڭ ھەممە قاتلاملىرى
بىلەن كۆرۈنمىلىك سۈرەت ۋە يوشۇرۇن تىلسىمات نەمۇنىلىرى
ساقلانغان .

«سۆزلۈك گىينەك»

ئاقىل ۋە ئارىغلىقىنىڭ مىزانى «توخۇ بىلەن تۇخۇمنىڭ قاي-
سىسى بالدۇر» دېگەن مۇئەممانى يېشىشتە ئەمەس ، بەلكى ئىن-
سانىنىڭ ئالەمنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مۆجىزىسى ، تۇرمۇشنىڭ ئەڭ



ماھىيەتلىك مېلودىيىسى ئىكەنلىكىنى بىلىش بىلەن ئىنسان ۋۇجۇدىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان تەگرىدەك پاك ، ئالىيجاناب ، مۇقەددەس ، قۇت بەخش ، ئىنژكۇ ، قابىل ، قادىر ، مېھرىبان ، مۇرمۇۋۋەتچان سۈپەت ۋە ئىقتىدار مۇمكىنلىكلىرى تىلسىمىنى ئىنساننىڭ ئۆزىگە ئېچىپ كۆرسىتىش ۋە يېشىپ چۈشەندۈرۈشتۇر .

«تەگرى»

ئىنسان ئۆز ـ ئۆزىدىن تولۇق غەلىبە قىلغان ، ئۆز ـ ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ھەم تىنژكىنلىكەن ، ئۆز ماھىيەت ۋە سۈپەتلىرىنى گۇمانسىز چۈشەنگەندىن كېيىن،مەنسۇر ھەللاجنىڭ «ئەنەلھەق» يەكۈنىنى ئالەم كېمىنى قىلىشى مۇمكىن .

بۇ مەنىدە ، ئىنسان تەگرىدىن ئەمەس ، ئۆزىنىڭ غەيرىي تەگرىلىكلىرىدىن ۋاز كېچىدۇ ، خالاس !

«تەگرى»

ئىنساننىڭ ئىنساننى ئويغىتىشى ـــ مانا بۇ «ۋەھىي» ۋە مەرىپەت !

«گەلچى»

ھاكىم ـــ سەلتەنەت ئىگىلىرىدۇر . ھاكىملار توغرۇلۇق ئوقۇلغان ھەمدوسانالار بىلەن ئۆتكۈر مەسخىرىلەر بۇ تائىپىنىڭ شۈبھە تۇمانلىرى ئارىسىدىكى ھالىتىدىن بىر دېرەك . ئادىل پادىشاھ ، پەيلاسوپ پادىشاھ ، رەئىيەت (خەلق) پەرۋەر پادىشاھ ھەققىدىكى نەسرىي ، شېئىرىي تەپسىلاتلار كۆپ قېتىم چاپىنالدى . ۋەھالەنكى ، ھاكىم مەۋجۇتلۇقى زۆرۈر بولغان مۇھىتتا ، يەنىلا ھاكىم مەۋجۇتتۇر .

«ھاكىم»



جاھان سېنى ئەقىل ـ ئىدراك كۆلى قىلىپ ئىچىلدۇرغۇچە قانچە ـ قانچە يۈلتۇز ئۆمرى كەتتى . سەن جاھاننىڭ ئۆزىنى تې ـ پىش يولىدىكى بىر پارچە ھېكمەت ئەينىكى بولمىقىڭ جائىز ئى ـ دى . سەن بارلىقىڭنىڭ گۈلشىنى ، سىرلارنىڭ ئاچقۇچى نەسىپى ـ سىدە ئالەمگە كەلدىڭ . ھەممە ئىقتىدارىڭنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ، ئۆز تىزگىنىڭنى ئۆز ئەركىڭگە بەرگىن .

**«گۆھەرگە دەسسەپ تۇرغان كور ئادەم»**

سەلتەنەت ــ ھۆكۈمرانلىق تەختى ۋە ھاكىملىق قورالى بولۇپ ، ھاكىم قانداق فازىل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئىنسان قەلبىدىن سىرت ۋە ئىنسان پىشىغا ھۆكۈمرانلىق ئۇچۇن تىگىلغان تۆمۈر دوبۇلغىدۇر .

ئۇ ئۆزىنى ئۆلچەم ، ئۇل ۋە تۈۋرۈك دەپ بىلىدىغان ، ئەركىن ئىرادە ۋە ئەركىن پىكىرگە ھېسداشلىق قىلمايدىغان ، ئىلىم ئەھ ـ لىگە شۈبھە بىلەن قاراشتىن خالىي بولالمايدىغان ، ئۆز ئىرا ـ دىسىنى تۇغ ۋە قانۇن قىلغان قايراق تاشتۇر .

**«ھاكىم»**

سەلتەنەت مەنىسىدە ، ئىنسانغا ھاكىملىق قىلىشقا يۈلىنىپ ، ئىنساننىڭ ماھىيەتلىك كامالىتىنى ئىنسانغا بەخش ئېتىش شۈب ـ ھىلىكتۇر . ئۇ ھەقتە «سەلتەنەت تەختىدىن ھەقىقەت ئىزدەش ، چۆلدە يوقاتقان تۆگىنى پادىشاھلىق ئوردىسىدىن ئىزدىگەنگە ئوخشاش» دېگەن تەمسىل بار . بۇ ھاكىملىققا خۇشتار كىشىلەرگە تەنبىھ .

**«ھاكىم»**

بىلگىنىكى، ئىنساندىن ئۇلۇغ نەرسە يوق. ھاكىمغا يېقىن- لاشقاندا، نىچۈندۇر كۆڭلۈڭ غۇۋالىشىدۇ، ھەقىقىي ئىنسانىي قەلبىدىن يىراقلىشىپ، ئۇنىڭ بىرەر قوشۇمچىسى بولۇشقا يۈزلە- نىسەن. سەندە ئۇنى «بۈزرۈكۋار»، ئۆزۈڭنى «كىچىك پىداكار» دېگەن روھىيەت گەۋدىلىنىدۇ. ئېيتىش كېرەككى، ھەرقانچە ئا- دىل پادىشاھنىڭ كۆز ـ قۇلىقى بولۇشتىن كۆرە، ئازاد ئىنساننىڭ ھامىيسى، دوستى، مۇرەببىي بولغىنىڭ ئەلا.

«ھاكىم»

سەلتەنەت ئەھلى مەۋجۇت ئىكەن، ئۇنى ئەقىل، ئەدىلكە دەۋەت قىل! ئۇلار بىلسۇنكى، ئادىل پادىشاھقا قوشۇن ئۇنچە ھاجەت ئەمەس! زالىم پادىشاھقا قوشۇن ئۇنچە كاپالەتمۇ ئەمەس! ھەقىقىي سەلتەنەت ئادەملەر قەلبىدە بەرقارار تاپقان سەلتەنەتتۇر. ئۇنىڭ ھاكىمى ھاكىملىق سۈرىتىدىكى ئىنسان، سەلتەنەت تەختىدىكى ئىنسان ھامىيسى بولمىقى لازىم.

«ھاكىم»

سەن تەگرىلىك خاسىيەتلىرىڭ بىلەن تەگرىلەردەك تەپەككۇر قىل، ھېچبولمىغاندا ئالدىڭغا ئالتۇن بېلىق ئۈزۈپ يۈرگەن بىر داس سۇنى قويۇپ، ئۇنىڭغا نەزەر سال، ئۆزۈڭمۇ ئوزۇق تالىشىپ ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىقلار ئارىسىغا كىرىۋالماي، ئۇلارنى ھەقىقىي كۆزەت. ھەيرانلىقلىرىڭنى بىردىنلا ئىنسانىيەت تۈركۈمىگە يۆتكە.

«ھاكىم»

ئىلاھىيەت ـــ ئىنسان! ۋاقىت ـــ ئىلاھىيەتنىڭ ئىلاھى! ھېل



قىلىدىغان كۈچ سېنىڭ ئىرادەڭ، سېنىڭ تۈزگەن رېجىلىرىڭ، سېنىڭ پۇختا ھىيلە ـ تەدبىر ياكى تۇزاق ئالداملىرىڭ ئەمەس بەسەن پىرئەۋنلىك سەلتەنىتىڭدە تۇمەن يارلىقلار چۈشۈر ۋە ياكى سەن تەقۋادارلىق ئىبرامىدا دائىمىي تىلاۋەت ـ تەسبىھ ئەھكامىنى ئادا قىل، بەرىبىر سەن ئەمەس، پەقەت ۋاقىت ھەل قىلىدۇ !

«ۋاقىت، ساڭا ئالدانمايدۇ !»

ئىنسان يىغلاپ تۇغۇلۇپ، جاپا بىلەن ياشاپ، ھەسرەت بىلەن ئۆلىدۇ! ئىنساننىڭ سىرلىرى، مۇئەممالىرى مۇناجات ئىلاھىيە قۇببىسىدا ئەمەس، بەلكى ئۆزلۈك بەشەرىيەت ئۇقباسىدا !

«گۆھەرگە دەسسەپ تۇرغان كور گادەم»

ئىنسان ــ گۆھەرسىزلىكتىن گادايي ئەمەس! چارىسىزلىكتىن بىچارە ئەمەس !ئۇ قول، ئەمما بۇنىڭ ۋەجى دۇنيادا ئەركىنلىك مەۋجۇت بولمىغانلىقىدىن ئەمەسقۇ، ئاخىر !

«گۆھەرگە دەسسەپ تۇرغان كور گادەم»

جاھان سەييارىدۇر گويا، ھەممە زېھنىڭ ساپاسىدا،
بىراۋدىن ئىزلىمە سۆيگۈ، ئۇ قەلبىڭنىڭ ناۋاسىدا.
كىشى ئالەم ئۇچۇن ئەينەك، ئۇنىڭدا بارچە سىر ئايان،
جولادۇر ئىزگۈ بىر ئىستەك رۇبائىي مۇددىئاسىدا.

«رۇبائىيات»

ئىنسانىيەت تەبىئەتنى تىزگىنلەشتە ئېينىشتېيىننىڭ «نىسپىيلىك نەزەرىيىسى» دىن ئۇتۇقلۇق پايدىلاندى. ئۇ ماھىر

ئېلېكترىك ماتېماتىك ، كائىناتتىكى ئۇچقۇر رىتسار ، يادرو مۇشتلۇق بوكسچى بولۇۋالدى . ئۇ يەنە شېكىسپېر تراگېدىيىلىرىدىكى رەشكچى ، ئاچ كۆز خەسىس ، سۇيىقەستچى ۋە نەسەب كۆشەندىكويلۇق تىپلىرىنى يېڭى نەسىل بىلەن كېڭەيتتى . بۇلغانغان كائىنات ۋە سۇ- زېمىن ، بۇلغانغان تەن ۋە روھىيەت ، بۇلغانغان ماددىي ۋە مەنىۋى ئوزۇق ئىنسانىيەتنى ساختا مۇھەببەت ۋە ھەقىقىي نەپرەت ماتېرىياللىرىدىن بارغانسېرى ئىنكو باتۇردىن ئاغزىنى ئېچىپ ، تىرناقلىرىنى چىڭىتىپ چىقىۋاتقان چۇجىلەردەك كۆپەيتىپ چىقارماقتا .

«ھايات دانىشمەن»

ئەھمەد زىيائى ھالال ياشىدى ! ئۇ ئابرۇي- ئاتاغ ، نوپۇز ، شۆھرەت ماجىرالىرى ھەم ھىيلىلەر بىلەن شۇغۇللانمىدى . ئۇنىڭ ئېرىشكەن نەتىجىلىرى ئۇ ئېرىشەلەيدىغان نەتىجىلىرىدىن ئاز بولدى ، بۇ ئۇنىڭ ئارمىنى ئىدى ! بۇمۇ ھەممىمىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئورتاق ئارمىنىمىز! ئۇ ئۈچ فەرنە ھايات كۆردى ، ئەمما ئۇ بىر فەرنا ئىجادىيەت ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولالىدى !

«ئېزگۈ پەزىلەتنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئىپتىخارى»

تارىخ تەلىماتلارنى زىددىيەتلىك نۇقتىدىنلا ئەمەس ، بىرلىك نۇقتىسىدىن —«ۋەھدەت» نۇقتىسىدىن ئىزدەش لازىملىقىنى ، باشقىچە ئېيتقاندا ، ئىنسانىيەتنى دىن ، ئىرق ، مىللەت ، رايون ، مەدەنىيەت تىپلىرى بويىچە سۈنئىي يوسۇندا پارچىلىۋېتىدىغان ئۆلچەم قائىدىلەرنى بۇزغان «مۇجەسسەم تەپەككۇر» ئېگىزلىكىدە تۇرۇپ ئىزدەش لازىملىقىنى كۆرسەتتى .

«ھايات دانىشمەن»



ئىنسان — تۇپراقتىن ئۈنگەن گىياھ ، گىياھتىن قەد كۆ-
تۈرگەن ھايۋان ، ھايۋاندا نۇتۇق يىپى بىلەن پىكىر كەشتىلىرىنى
تۈزگەن كارامەت مۆجىزە .

«سۆزلۈك ئەينەك»

ئىنساننىڭ سۇرىتىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئاددىي كۆز كۇپايە .

«سۆزلۈك ئەينەك»

ئۆزلۈك — ئۆزىنى بىلمەكلىك ! ئىنساننىڭ ئۇلۇغ تەبىئەت
ئالىمى سۈپىتىدە تۇرغان ھازىرقى ھالىتى ئۇنىڭغا نىسبەتەن سا-
ۋاتسىزلىقتىن ئىبارەت ، خالاس .

«سۆزلۈك ئەينەك»

ئۆزلۈك ئەينىكى كامالەتلىك ئىنسان قەلبىدىكى قۇياش ۋە
ئەقىل كۆزىدىن ئىبارەت . ئۇنىڭدا ئىلگىرىكى مەقسەتلەرنىڭ پە-
قەت ۋاستە ئىكەنلىكىنى ، ھەتتاكى مەنسەپ ، روزىغار ، ئىلىم-
سەنئەت ، ئىش ۋە شېئىرىيەتنىڭ پەقەتقىنا ۋاستە ئىكەنلىكىنى ،
ھەقىقىي مەقسەت ئۇنتۇلغان ۋە ياتلاشقان بىرلا نەرسە — ئىنسان
ۋە ئۇنىڭ كامالىتى ، ئىجتىمائىي مەنىۋى بەختى ئىكەنلىكىنى
كۆرىسەن . ئۇ چاغدا سەن ئۇلۇغ بىلگەن قول ئىگىلىرىنىڭ لاي
قورچاق ۋە خار كۆرگەن قوللارنىڭ نۇرانە مالائىكە ئىكەنلىكىنى
ھېس قىلىشىڭ مۇمكىن .

«سۆزلۈك ئەينەك»

ئىنسان جىسمانىي جەھەتتە بىر ھايۋان بولۇپ ، ئۇنى





«ئات»قا ، مەنىۋى جەھەتتىن بىر كامالەت مۇكەممەللىكىدىكى زات بولۇپ ، ئۇنى «ئات مىنگەن كىشى» كە تەمسىل قىلىش مۇمكىن .
ئىنسان ماددىي ھايات ۋە مەنىۋى كامالەت ناتەكشىلىكىدە ھەرىكەتلىنىدىغان شەيئى . ئەگەر ئات مىنگەن كىشى دانا بولسا ، ئاتنى كامالەتكە يېتەكلەيدۇ ، نادان بولسا ، ئات ئۇنى ئوقۇرغا باشلايدۇ . ئىنسان روھىيىتى ھايۋان ئۆزۈكىنىڭ — ئات يېمىنىڭ «ئىنكاسى» ، «ئىپادىسى» ئۇچۇن ئىشلىگۈچى قۇلغا ئايلىنىدۇ .

**«ئات بىلەن ئات مىنگەن كىشى»**

ئىنسان ئۆلىدۇ ، ئەمما مۇتلەق مەنىدە ئەمەس .

**«ئات بىلەن ئات مىنگەن كىشى»**

دانىشمەن تۈن قاراڭغۇسىدا ساڭگا قېرىغان ياۋا توغراق دەرىخىدەك كۆرۈنۈشى مۇمكىن . تاڭ شولىسى ئاستىدا ئۇنىڭ ئالتۇن سۇمۇرۇغلۇقىنى ئاڭقىرالايسەن . ھە ، ئۇ ئالتۇن سۇمۇرۇغ ئىتنىھا ، بىراق مىليون _ مىليون يۇلتۇزلارنى ياراتقۇچى قەلب كامالىتىنىڭ ئىنژېنېرى ! ئۇ دوزاخ ئوتىدا كۆيۈپ تۇرسىمۇ خالايىققا جەننەت دەرۋازىسىنى ئاچقۇچى سىمائى قەيسەر ! ئۇنى ئىقلىمىنىڭ يىراق ئۇپۇقىدىن ياكى مايترى بىلەن ئىمامىمدى ئاخىر زامان رىۋايەتلىرىدىن ئىزدىمە ، ئۇ ئۆز قېشىڭدا ، ئۇنىڭ روھى ئۆز ئىزىڭدا جاھان كېزىدۇ .

**«دانىشمەنلىكنىڭ دەردى»**

كەل سۆيۈملۈكۈم ، گۈزىلىم ، مېنىڭ قاناتلىرىم ئارىسىغا كىرگىن . ۋاقىتنى قايغۇ _ ھەسرەت ، ئارزۇ _ ئارمان بىلەنمۇ ،

ھۆسن ئالپىتلىقى بىلەنمۇ ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمەيسەن . ئۇنى مە-
نىۋى گۈزەللىكنىڭ تىللاردا داستان بولىدىغان ئەسلىمىسى — مې-
نىڭ شېئىرلىرىم يېگىدۇ ، ئۇ ئالەم سىرلىرى بىلەن تويۇنغان ،
ئالەم ئەقلى بىلەن نۇرلانغان ، ئۆلمەسلىك ئالمىسى بىلەن ئۆزىنى
زىنەتلىگەن ، ئۇ ياۋا گىياھ ئۇرۇقىدەك ھەمىشە تۆكۈلۈپ ۋە قايتا
كۆكىرىپ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئۆلمەسلىك جادۇسى بىلەن سېھىر-
لەنگەن . ئاگا قۇدرەت بېغىشلىغان نەرسە ، جىمىكى زىۋىسلارنىڭ
زىۋىسى ① بولغان ئىنسانىيەت .

«كاككۇكنامە»



① زىۋىس — گرېك ئەپسانىلىرىدىكى ئەڭ ئالىي تەڭرىنىڭ نامى .

# 2 ـ باب

## مۇھەببەت، ھەقىقەت، نەپرەت

— ※ —

ھەقىقەتسىز كۈرەش نىشانىسى، كۈرەش غايىسى ۋە كۈرەش يۆنىلىشى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

**«قاتلاملىق كېستىچكا»**

ھەقىقەتنىڭ نۇرى — ئىنسانىيەتنىڭ يولىنى ھەر ۋاقىت يورۇتۇپ بارىدۇ.

**«غەربىي يۇرت تاش كېمىر سەنئىتى»**

مۇھەببەت — ئوبيېكتىپ گۈزەللىكنى تاللاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**«قاتلاملىق كېستىچكا»**

يار چىشلىگەن غورا، ۋازىغا تېزىلغان ئالمىدىن لەززەتلىك.

**«كاككۇكنامە»**

كۆزۈمنىڭ رەسىم رامكىسىدا سېنىڭ سۈرىتىڭ.
قەلبىمنىڭ شېئىرىيەت دىۋانىدا سېنىڭ روھىڭ.
سېنى سۆيىمەن، بىلىپ ـ بىلمەي سۆيىمەن.
سېنى ياخشى كۆرۈشۈم بەخت ئەمەس، ئۇ ئازابىڭ بېشارىتى.
بەخت، مېنىڭ بەختىم، مېنىڭ سېنى سۆيۈشۈمدە ئەمەس،



سېنىڭ مېنى سۆيۈشىڭدىلا .

**«كاككۇكنامە»**

مۇھەببەت موشپىقىم.قەدىر - قىممىتىڭنى ساختا شىۋىر-لاشلاردىن ئەمەس ، ھەقىقىي شېئىرىيەت بىناسىدىن ئىزدىگىن . بۇ بىنا —— مەڭگۇ توزۇماس چېچەك بىلەن بېزەلگەن گۈلىستان ...

**«كاككۇكنامە»**

ئاشىقىم ، بىر جۈپ بۇلبۇلدەك سايرىشىپ ، ناخشىلىرىمىزنى ئاڭلىشىپ ، بىر جۈپ چېچەكتەك ئېچىلىپ ، خۇش پۇراق بىلەن بىر - بىرىمىزنى زىيارەت قىلايلى .

**«كاككۇكنامە»**

پۇل مۇھەببەت ئارىسىغا كىرىپ قالغاندا ، پۇل چىقىمىغا قۇربىتى بارلار خالىغاننى قىلىدىغان ، بۇنىڭغا قۇربىتى يوقلار مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولىدىغان پاجىئە شەكىلىدىكى ھايات تۈر-كۈملىرى مەيدانغا كېلىدۇ . بۇ نىكاھ قانۇنىغىمۇ ، ئىنسانىيەتنىڭ ئىلغار غايىلىرىگىمۇ ئېغىر بۇزغۇنچىلىق .

**«ھەشەمەتچىلىك ۋە ئېرىپ - ئۇرۇۋالىق»**

دانىشمەن ، ئالدىن بىلىپ ، ئالدىن ئويغانغاچقا ، قەلبى ھەقىقەت ، لەۋزى ئادالەت ئوتىدا كۆيۈپ ، كىشىلەر بىلگەن ئا-مەتلەرنىڭ ئىللەتلىكىنى ئېغىزىدىن چىقىرىشتىن ئەيمەنمەيدۇ ، سۈكۈنات ئىچىدە ، نەپرەت ۋە خەيرخاھلىق ئىچىدە ياشايدۇ! ئوي-غاتماق ھەقىقەتەن ئېغىر ئىش ، چۈنكى ئۇ ھەر ئىككى تەرەپنى

بىئارام قىلىدۇ .

**«دانىشمەنلىكنىڭ دەردى»**

گۈزىلىم پەرىشتىدەك گۈزەللىككە تەمەننا قىلمىغىن . بىقارار گۈزەللىك سېنىڭ ھۇسنىڭدە جىلۋىلىنىپ مېنى ئالدىغىنىدەك ، مېنىڭ جىسمىمكە شولا سېلىپ سېنى ئالدايدۇ .

**«كاككۇكنامە»**

بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرگەنلەر بىر يۇرت بولماسلىقى ، بىر تەبىقە بولماسلىقى ، بىر دەرىجىدىكى ئىجتىمائىي ئورۇندا بولماسلىقى تەبىئىي ئەھۋال . بۇ جەمئىيەتنى ئىجتىمائىي ۋە ئىرسىي جەھەتتە تەگشەپ تۇرۇشقا ئالاھىدە قۇتۇپلارنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا پايدىلىق ئىجابىي ھادىسە .

**«ھەشەمەتچىلىك ۋە غېرىب ـ غۇرۋالىق»**

سۆيگۈ دېمەك قاناتسىز قۇشنىڭ ئۇچۇش ئىستىكى ،
سۆيگۈ دېمەك ھاياتلىق ئۆمرىنىڭ دېرىكى .
سۆيگۈ دېمەك ھېسسىيات يۈرىكىنىڭ ئىدرىكى ،
سۆيگۈ دېمەك ئىختىيار مۈلكىنىڭ سۇلتان بېگى .

**«كاككۇكنامە»**

مۇھەببەت زۇمرەتلىرىنى ئىزدەپ ، شېئىرىيەت گۈزەللىكىنىڭ يۈكسەك مۇنارىنى تىكلە .

مۇھەببەت تېرەن سۇ تېگىدىمۇ ئەمەس ، يالقۇنلۇق ئوت ئىچىدىمۇ ئەمەس ، بوران ـ چۇدۇنلار ئىچىدىمۇ ئەمەس ، مامۇق



بۇلۇتلار قويۇندىمۇ ئەمەس ... مۇھەببەت بۇلارنىڭ كىرەلەشكەن جايىدا ، تۆت كۆچىنىڭ ئاغزىدا .

«كاككۇكنامە»

پۇل ئىجتىمائىي نەرسە ، مۇھەببەتلىك نەرسە بولماي ، زورلۇقتىن ، تاشقى كۈچتىن ئىبارەت .

«ھەشەمەتچىلىك ۋە غېرىب - غۇرۋالىق»

تەبىئەت سۆيىدۇ ئۆز مەشۇقىنى ، سۆيگۈدىن راۋاندۇر .
بىپايان ئالەم ، بىلىمەن يارالغان تۇرۇپ سۆيگۈدىن ،
شۇ سۆيگۈ تۈپەيلى گۇناھكار ئادەم .

«كاككۇكنامە»

ھەسەلچى ھەرە ئۆز پادىشاھىنى خۇش پۇراق بال جەۋھىرى بىلەن باقىدۇ .
ھەسەلچى ھەرە پادىشاھى ئىشچى ھەرىسىنىڭ بېشىنى ئۈزۈش ئالدىدا تەنتەنە بىلەن : ۋاپاغا جاپا قىلغان دەپ ۋارقىرايدۇ .

«كاككۇكنامە»

ھەقىقىي مۇھەببەت — ئەركىن مۇھەببەت ، سۆيۈشكەنلەرنىڭ ئۆز مۇھەببىتىدىن ، ئىختىيارلىق مۇھەببىتىدىن ئىبارەت .

«ھەشەمەتچىلىك ۋە غېرىب - غۇرۋالىق»

ئىجابىي ھېكمەتلەر ئابىدىلىرى قانداق ھەقىقەت بولسا ، سەلبىي ئىللەت جاھاننامىلىرىمۇ شۇنداق چىن ئىنكاس قىممىتىگە ئىگە . مېنىڭچە ، «بىر چوڭ ئىللەت» ئوخشاشلا كىشىنى سەلبىي



جەمئىيەتتە ھاياجانغا كەلتۈرىدىغان ئار ـ نومۇس جاھانىنامىسى بولسا كېرەك .

«يېپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»

ھەقىقەتنى سۆيىدىغان قەلب نۇرانە قەلب ، خەلقىمىزنىڭ تارىخىي ئىستىقبالىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان قەلب . مۇنداق قەلب ھەقىقەتنى ھۆرمەت قىلىدۇ ، ئۇنىڭغا جان پىداكارلىق قىلىدۇ .

«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ــ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»

سوتسىيالىزم دۈشمەنلىرى سوتسىيالىزم غەلىبە قىلغانسېرى سوتسىيالىزم قىياپىتىگە كىرىۋېلىشىدۇ . مىللەت تارىخىغا داغ تەگكۈزگەن پۇرسەتپەرەسلەر ، مىللەت يېڭى ئويغىنىشقا يۈزلەنگەنسېرى مىللەتنىڭ مىسلىسىز غەمگۇزارى ، ھەتتا بۇ خىل پىكىر مەيدانىنىڭ شەرتسىز «شەيخۇل رەئىسى» بولۇۋېلىشقا كىرىشىدۇ . ئۇلار پوكۇلداپ تۇرغان خاۋاتىرلىك روھىيىتىنى ئەمىن قىلىش ئۈچۈن پاك ، ھالال ئەقىل چىراغلىرىنى بىر ـ بىرلەپ چېقىۋېتىش كويىدا سەھنە ئارقىسىدا ھەرىكەتلىنىدۇ . مانا بۇ تارىخنىڭ بۇ جەمئىيەتتىكى ھەقىقىتى .

«ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»

بىر مۇنچە تەييارلىقى ئاجىز كىشىلەر ، بىر مۇنچە ھادىسىلەرگە قايمۇققۇچى تېيىز پىكىر ئىگىلىرى پۇرسەتپەرەس ناكەسلەر تەرىپىدىن مەزھەپ مۇخلىسى قىلىۋېلىنغان بولىدۇ .

«ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»

كۆز يېشىمنىڭ ئۇنچىلىرى مەگزىگىنى زىننەتلىسە ، ئاھۇ پىراقىنىڭ ئىزغىرىن شامىلى مىسكىن چاچلىرىمنى ئەتىۋارلاپ



سىلىسا ؛

يېرىلغان يۈرىكىمنىڭ بىگۇناھ قېنى لەۋلىرىڭنى لاكتەك بويىسا ؛

سەن ئۈچۈن شېئىرلىرىم بىلەن غولىمايدىغان ھەيكەل يا- سىسام ؛

بۇ ، بۇلار مېنىڭ ئەڭ چوڭ كۆڭۈل ئازادىلىكىم !

«كاككۇكنامە»

مۇھەببەت — ئازاب چېكىدىغان بېھىش .

«مارجاننامە»

زېمىنىڭدە يېگىنچە تەپەككۇر ھامان ،<br>
بەرق ئۇرار ، دىللارغا ياندۇرۇپ چىراغ .<br>
ئىزىڭدىن قەد ئالار بىر يېڭى جاھان ،<br>
ئىنسانغا مۇناسىپ تا باشتىن ئاياغ !

«كۈنگغا»

ھەقىقىي شېئىرىيەت — ئەركىن ئازادلىقنىڭ مەشۇقى . نوپۇزلۇق پىكىر ئۇنىڭ مۆشۈكى .

«مارجاننامە»

مېنىڭ سۆيىدىغىنىم مۇھەببەت ۋە مۇلايىم ، ئىللىق ، لەرزان ساپ ھېسسىياتتىن ئىبارەت ، خالاس .

«مارجاننامە»

ئۆلۈم نوپۇزىدىن چۆچۈش ئارسىزلىق ، مۇھەببەت شەپقى- تىدىن سىرتتا قېلىش شەۋكەتسىزلىك ، قاقاقلاپ كۈلگىنىمدە

ئەنبىيالار ھاياجانلىنىدۇ.

«كاككۇكنامە»

ئايدىڭدا ياتارمەن، ئايغا تەلمۈرۈپ،
روھىمغا تەلمۈرۈپ، روھىمغا يىغلاپ.
ئۆزىنى ئىزدەر ئاي ئەسىرلەر يۈرۈپ،
جىسمىغا تۇپراقلار ياپسىمۇ نىقاب.

« ھايات دېمەك»

سۆيگىن مېنى، جىگىرىم، كەچ كىرىپ قالدى، سۆيگىن. چۈشكەندە گۈلشەن چۈشەرسەن. ۋىسال خۇشاللىقلىرىنى تەسەۋۋۇر يالقۇنلىرى بىلەن شولىلاندۇرۇپ، مەنمۇ بۇلبۇل بىلەن گۈلنىڭ سۆيۈشكىنىنى چۈشەرمەن.

«كاككۇكنامە»

ئەركىن پىكىر — ھەقىقەتنىڭ يالغاچ پەرزەنتى.

«تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»

ئۆز زومىگەرى، ئۆز ئىستىبلاچىسى، ئۆز قانخورى، ئۆز تەييارتاپلىرىنى بېزەپ، ئۇنىڭغا ھەرقانداق «ۋەتەنپەرۋەرلىك» لەۋھەلىرىنى بېغىشلاش، بىرلا ۋاقىتتا ئۆز خەلقى ۋە باشقا خەلقلەرگە قىلىنغان ئاسىيلىقتۇر.

«تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»

گۈزىلىم، سەن قېرىمايسەن، قېرىيدىغىنى كۆزۈمنىڭ سېنى كۆرۈش قۇۋۋىتى.

گۈزىلىم، سەن ھەسرەتلەنمەيسەن، ھەسرەتلىنىدىغىنى ئۆ-



مۇر چەكلىمىلىرى تۈپەيلىدىن ھايات دۇنياسىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقان مېنىڭ قەلبىم .

«كاككۇكنامە»

شېئىر ۋە ناخشىلىرىم بىلەن سېنى كۈيلەيمەن . ئۇنىڭسىز سۆيگۈ خۇپپىيانە ھەسرەت چېكىش .

تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرلىرىم بىلەن سېنى ئۇلۇغلايمەن ، ئۇنىڭسىز قەدىرلەش مەبۇدقا چوقۇنۇش .

«كاككۇكنامە»

مۇھەببەت — سەن سېھرىگەرنىڭ نەي ساداسى ئەمەس ، شەيدالىقنىڭ مۇناجىتى . سەن ئېزىتقۇلۇق تۇمانلىرى ئەمەس ، ئارزۇلۇق ئۈمىدنىڭ گۈزەل پەرىشتىسى . سەن ئۆتمۈشنىڭ ھەسرىتى ئەمەس ، كەلگۈسىنىڭ شولىسى .

«كاككۇكنامە»

مەن ناخشا ساتقۇچى ياكى ناخشا بىلەن كۆڭۈل ساتقۇچى ئەمەس .

ناخشىنى ئۆگىنىپ بولمايدۇ ، پەقەت ئۇنى تەكرارلاشنىلا ئۆگىنىپ بولىدۇ .

شۇنداق ، مۇھەببەت — تۈگمەيدىغان ناخشىنىڭ ئۈزۈلمەيدىغان بۇلىقى .

«كاككۇكنامە»

ئادالەتنىڭ بىر ئېغىز سۆزى ئەڭ مۆتىۋەر مەتبۇئات !

«تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»



ئەپسانىدىكى ھەقىقەتلەرنى چۈشەنمىگەن ئادەم ھەقىقەتتىكى ئەپسانىلەرنىمۇ چۈشىنىشتىن مەھرۇم بولغان ئادەمدۇر .

«تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»

ئېھ سۆيۈملۈكۈم ، گۈزىلىم ، پۈتۈن كائىنات زالىدىكى بىھېساب نەقىشلەر ئارىسىدا ساڭا يېتىدىغان ئۇلۇغۋار ئەسەر يوق . سەن ئەڭ ئالىي گۈزەللىكنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق ئۈلگىسى . قارا ، ئەنە ۋاقىت ، ئۇ يۇلتۇزلار ئارىسىدا پىرقىراپ يۈرمەكتە . ئۇ مېنىڭ ئىنتىلىرىم ، سېنىڭ تەبەسسۇملىرىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنغان .

«كاككۇكنامە»

مەن مۇھەببىتىمنى ئىزدەيمەن . ئۇنىڭدىن يوقالغان ئۆزۈمنى دېرەكلەيمەن . مەن مۇھەببىتىمنى تۇتۇۋالىمەن . ئۇنىڭدىن قەقنۇستەك قايتا تۇغۇلىمەن .

«كاككۇكنامە»

سەن شىشە قەدەھكە مەي قۇيغاندا ، مەن كۆز چانىقىمغا مەرۋايىت ئىزدىدىم .

سەن شارابىڭنى لېۋىڭگە تەگكۈزگەندە ، مەن سۆيگۈ كەلكۈنىدە بىھوش ئاقتىم .

سېنىڭ ئىشىڭ : ساقىدەك قەدەھ كەينىگە ، چولپاندەك بۇلۇت ئارىسىغا يوشۇرۇنماق .

مېنىڭ ئىشىم : پاتقاقلىق دالادا جۇنۇنلۇق پېرىسى ئوينىماق .

«كاككۇكنامە»

قىسمەتسىز مۇھەببەت سەپەرگە چىقمىغان كېمە . پاراغەت



شەربىتىدىن سىياھ ياساپ بولمىغىنىدەك ، تۇرغۇنلۇق قۇمۇشىدىن قەلەم ئۆستۈرگىلى بولاتتىمۇ ؟ !

«كاككۇكنامە»

تۇنجى مۇھەببەت پاك ئوغۇز سۈتىنىڭ ئورنىدا قەدىرلىنىشى زۆرۈر .

«دانىشمەنلىكنىڭ دەردى»

مېنىڭ يۈرىكىم مۇھەببەت توپىسى بىلەن قاتۇرۇلۇپ ، ئىشق ئوتىدا پىشۇرۇلغان پىرامىدا .

ئۇنى نىل ياقىسىدىن ئىزدىمىگىن ، ئۇ مىسرالار دالىسىدىكى جاھقا كۆمۈلگەن .

ئۇ يەردە ۋاقىت توزانلىرى بىلەن ئىقلىمنىڭ جۇدۇنلىرى يوق .

«كاككۇكنامە»

كۆزىلىم ئەينەك بىلەن ھەپىلىشىش ساڭا ئوشۇقچە . قارا ، مېنىڭ مىسرالىرىمغا كۆزەت مەر ـ مەر ھەيكىلىگىنىڭ ياسىلىشىنى .

«كاككۇكنامە»

سۆيگىنىم ، سەن شېئىرلىرىم بىلەن ياشايسەن ، مەن بولسام زېمىن بىلەن مەڭگۈ قۇچاقلىشىمەن .

«كاككۇكنامە»

قاش يالىرىڭ بىلەن كىرپىك ئوقلىرىڭ ماڭا ئۇرۇش باشلىغاندا

غالىبسەن . قەلبىم قۇدرىتىلىك قوشۇنىڭغا تۇتقۇن بولغىنىدا مەغ-لۇپسەن .

«كاككۇكنامە»

مۇھەببەت كۆزۈمگە سېھرىگەرلىك ئەينىكى تاقىدى ، ساڭا ئال-تۇندىن ھەل ياللاتتى .

«كاككۇكنامە»

ئالما دۇنياسىغا غەرق بولۇپ ، ئالما يەپ ياشايدىغان قۇرتنى بەختلىك دەپ بىلەمسەن ؟ !

«كاككۇكنامە»

گۈزەللىكنىڭ تەمسىنىاسىز تەبىئەتنىڭ ئىنئامى . ئۇنىڭ قوز-غايدىغىنى مۇھەببەت بىلەن رەشىك . مەن مۇھەببىتىم تۇپەيلى سېنى ئۇلۇغلايمەن . ئۇلار رەشىكلىرى تۇپەيلى ھەسەت ۋە ئىغۋا قىلىشىدۇ .

«كاككۇكنامە»

ھادىسىلەر دۇنياسىغا يوشۇرۇنغان ماھىيەتلەر قىسىرىگە كۆزۈم چۆشكەندە بىئىختىيار مەپتۇن بولىمەن . بۇ يەردە ماڭا ئۆز جاما-لىنى كۆرسىتىۋاتقىنى ھەقىقەتلەر پەرىسىدىن ئىبارەت . ئاشىقلار پاجىئەسىدەك ئۇنىڭمۇ پاجىئەلىرى ئىبغىر ...

«كاككۇكنامە»



مۇھەببەت تەرسانىڭ مەزھىپى ئەمەس ،
ئۇ ھاياتنىڭ نۇرى .

«كاككۇكنامە»

مۇھەببەت — ئوچۇق خۇپىيانىلىك . ئۇ تارتىنىش قۇتىسىدىكى ئوت مەلىكىسى .

مۇھەببەت — خۇپىيانە ئوچۇقلۇق ، ئۇ چوغ تاجىنى تاقىمىغان چاقماق شاھزادىسى .

«كاككۇنامە»

مۇھەببەت — ئىناۋەتلىك سەزگۈ ، شېرىن زوراۋانلىق...

ئۇنىڭ ئالامەتلىرىنى ھېس قىلىمەن ، ئۇنىڭ ماھىيەتلىرىنى چۈشەنمەيمەن . ئۇنى چۈشىنىپ بىلىشكە ئاجىزمەن ، چۈشەنمەي قۇربان بولۇشقا قۇدرەتلىكمەن . بۇنىڭ شاھىدى : ۋاپاسىزلىق ئالدىدا زارلانمىغانلىقىم ...

«كاككۇنامە»



# 3 ـ باب

## ئىلىم ـ مەرىپەت ، بىلىش

— ※ —

بىلىم —ئىنسانىيەت ياراتقان ھەقىقەت ۋە قۇدرەت خەزىنىسى . ئىنسان بىلىش بىلەن ھايۋاندىن ، بىلىم بىلەن بىلىمسىز نادانىدىن پەرق قىلىدۇ .

ئادەم سۈپىتى ، قەدىر ـ قىممىتى ۋە ئىجادىي ئىقتىدارىنىڭ ئۆلى ئىلىمدىن ئىبارەت .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

بىلىمسىزلىك —نادانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس .

**« يېپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»**

دۇنيادىكى بارلىق جىنايەتنى بىلىمسىزلىك ۋە نامراتلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .

**«يېپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»**

سەنئەتكار ئۆز دەۋرىگە ئائىت بىلىملەردىن ، ھېچبولمىغاندا ئېستېتىكا ، پەلسەپە ، تارىخ ۋە باشقا ئاساسلىق ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىدىن خەۋەردار بولۇشى كېرەك . سەنئەتچى نەزەرىيە جەھەتتە بىلىمسىز قالىدىكەن ، تۇرمۇش بىلىملىرى ھەرقانچە كۆپ



بولغان بىلىمنىمۇ ئۇ ئاڭسىز، ماھىيەتسىز، رەتسىز، قىممەتسىز نەرسە سۈپىتىدە قالىدۇ. سەنئەتچىنىڭ نەتىجىلىرىنى جۇلالاندۇرالمايدۇ. سەنئەتكار ئۆز ساھەسىدىن باشقا بىر ياكى بىرقانچە جەھەتتە نەتىجە قازانغان بولسا، بۇ ئىستىدات جۈملىسىگە كىرىدۇ.

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

بىلىم ئەلۋەتتە كىتاب ۋە تۇرمۇشتىن كېلىدۇ. ھەقىقىي سەنئەتكار ئىنسانىيەت ياراتقان بىلىم زاپاسلىرى ۋە ھازىرقى زامان بىلىم ئۇچۇرلىرىسىز ھېچقانداق بەدىئىي ئىجادىيەت پائالىيىتىگە كىرىشەلمەيدۇ.

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

پەقەت يۈكسەك بىلىم، ئالىيجاناب سۈبىيېكتلار، يۇقىرى سۈپەتلىك بەدىئىي ئەسەر يارىتالايدۇ.

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

بىلىم تىرىشىپ ئۆگىنىشتىن ھاسىل بولىدۇ، تۇغۇلۇشىدىن بىلىملىك ئادەم يوق، ئۆزى نادان تۇرۇپ، يەنە نادانلىقنى بىلمەسلىك قوش ھەسسە نادانلىقتىن ئىبارەت.

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

بىلىم بولسا ياۋلارنى يەڭگىلى بولىدۇ.

**«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ كىللەت»**

ماتارىپنىڭ كۆچىگە ھېچ نەرسە تەڭ بولالمايدۇ .

**«گومۇمىي ئېستېتىكا»**

باللارنى ياخشى تەربىيلەش مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە ئۇل ھازىرلىغانلىق بولىدۇ .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

ئائىلە ۋە مەكتەپتە ياخشى تەربىيە ئالغان بالا جەمئىيەتتىمۇ ئۆزى خالىغان ئىمتىيازغا ئىگە بولالايدۇ .

**«ئىزگۈ مالائىكە»**

باللارنىڭ ئىزگۈ قەلبىنى ئائىلىنىڭ ئىزگۈ چىرىغى يورۇتىدۇ .

**«ئىزگۈ مالائىكە»**

بىلىم ـــ سەن دەشت ـ چۆللۈكتە يالغۇز قالغاندىمۇ ئەسقاتىدۇ .

**«ئىزگۈ مالائىكە»**

بىلىمنىڭ نۇرى ئىنسانىيەت بەخت ـ سائادىتىنى ئاپىرىدە قىلىدۇ .

**«ئىزگۈ مالائىكە»**

ھەقىقىي سەنئەتكار كۆپ تەرەپلىمىلىك بىلىمگە ئىگە بولۇشى ، ئۆگىنىشكە ، مەدەنىيەت قوبۇل قىلىشقا ماھىر بولۇشى لازىم .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**



ئۆز ئۆمرۈڭگە ئەندىزە پىچىشتىن ئاۋۋال ، ئەقىل ـ ئىدراك خامىنىڭنى ياخشى تويلا .

«تۇرمۇش ۋە مۇھەببەت»

مەنزىلنىڭ قامچىسى — ئەقىل . ئەقىل — جۈرئەتنىڭ ھەقىقىي ئىلھامچىسى .

«تۇرمۇش ۋە مۇھەببەت»

بىلىم — ئوزۇقتۇر . ئۇنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن رىزىق قىلىشىڭ ، ئاۋام ئۈچۈن مەنىشەت قىلىشىڭ مۇمكىن . ئوزۇق يەنىلا ۋاستە ۋە بايلىق .

«ئات بىلەن ئات مىنگەن كىشى»

ئۆتتى كۆپ ئەسىرلەر ، ئۆتتى ئىز بېسىپ ،
زېمىندا يارالدى ئۇلۇغ ئارسلان .
دانىشمەن قەلبىدىن گۆھەرلەر تېرىپ ،
يارالدى پاراسەت بابىدىن ئوكيان .

«قىرانقۇش قوشىقى»

نادانلىقنىڭ مەرىپەتكە زىتلىقى ھەممىگە ئايان . نادانلىقنىڭ ئىككى خىل تارىخىي شەكلى مەۋجۇت : بۇنىڭ بىرى مەرىپەتتىن ئىلگىرىكى نادانلىق (ۋارۋارلىق) ، ئىپتىدائىي ئىنسان گۇرۇھىدىكى نادانلىق — قەبىلىگىچە نادانلىق . بۇنىڭ ئىككىنچىسى ، بېكىنمە ھالەتتىكى جەمئىيەت چەمبىرىكىدىكى نادانلىق ، ساختا شۆھرەت بىلەن كېيىندۈرۈلگەن نادانلىق ، ھەسەتخورلۇق ۋەسۋەسىسى بىلەن تولغان نادانلىق .

«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»

كۆپلەپ ئىلمىي ئەسەر نەشر قىلالمىغان نەشرىيات يوپۇرماق چىقىرىپ مېۋە بەرمىگەن دەرەخكە ئوخشايدۇ . جىددىيەتلىكى شۇكى ، ئاپتورلۇق ھوقۇقى ئۈستىدىكى قىرغىنچىلىق تارىخمىزنىڭ بەزى پەسىللىرىدىكى ئاق تېررورلۇقتىنمۇ يامان .

«ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»

ئىلمىي مۇھاكىمىدە ئىلمىي مۇنازىرە بولىدۇ . بۇ ھەقىقەتنى، ئىتتىپاقلىقنى ، مىللەت ۋە دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدىغان ، ھەقىقەتكە ھۆرمەت قىلىپ ، خاتالىقنى تۈزىتىدىغان ، يالغان- ياۋىداق ، پىتنە - بۆھتاندىن خالىي بولغان ئەقلىي پائالىيەت . ئىلمىي مۇنازىرىدە تېماتىك مۇخالىپ بولىدۇ ، پېرسونال رەقىب بولمايدۇ !

«ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»

ئىقتىدار رىقابىتى — ئۆز رىقابەتچىسىنىڭ بىلىم ۋە قابىلىيەت قاتلاملىرىنى ئېتىراپ قىلغان ، ھۆرمەتلىگەن ھالدا ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىشى ۋە تەڭداشلىق سەۋىيىدىن چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئاقىلانە ، ھالال ۋە مەردانە تىرىشچانلىقتىن ئىبارەت .

«ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»

ئىقتىدار رىقابىتى مىللەتتە ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى مىقدار جەھەتتە كۆپەيتىدىغان ، سۈپەت جەھەتتە تاكامۇللاشتۇرىدىغان ، جەمئىيەت راۋاجىغا مەنپەئەتلىك بېكە ! ئۇ مەنىۋى قاتىللىق ، روھىي قاراقچىلىق ھېسابلانغان پەسكەش ھەسەت بىلەن



چىقىشالمايدۇ .

«ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»

ئىلىم ـــ سائادەت چىرىغى . ئىلىم قەيەردە بولسا ئوغلۇم شۇ يەرنىڭ تەلەبىسى !

«كومىراجىۋا»

ئاتا كەسپىنى ئۈزۈپ قويالمايمىز . بۇ يەنە ئالەمنىڭ بىرلىكى ۋە قارىمۇقارشى نەرسىلەرنىڭ باراۋەرلىكى ، مۇشۇ باراۋەرلىك سىـ ۋەبىدىن ھەممە نەرسىنىڭ يوقلۇقى مەۋجۇتتەك كۆرۈنىدۇ ، سۇ- دىكى ئاي شولىسىدەك ساختا ئىككىلىكى توغرىسىدىكى قاراشلار بىلەن يىلتىزى بىر !

«كومىراجىۋا»

بىلىملىك ، ئاقىل ، تەدبىرلىك ، ئىقتىدارلىق كىشى بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئارىغنى ـ قەلبى ئۆزلۈك تېگىدا ئويغانغان كا- مىلنى پەرقلەندۇر .

«گات ۋە گات مىنگەن كىشى»

«دانىشمەن» ئىبارىلىرى قانداق ئىستېمال قىلىنىۋاتقانلىـ قىدىن قەتئىينەزەر ، دانىشمەن ئۇلۇغ بېشارەتچىدۇر .

دانىشمەن ـــ مەيلى مۇنبەردە ، دار ياغىچى ئاستىدا ياكى سەركەردانلىق دالاسىدا بولسۇن قولىدا يېگى ئۇپۇقنى كۆتۈرۈپ تۇرغان كاھىندۇر .

«دانىشمەنلىكنىڭ دەردى»



ئىقتىدار — كۈچتۇر . ئىزگۈسىز قۇدرەت جاللات پالتىسىنى ئەسلىتىدۇ . بىلىم — ئەقىل ئىقتىدارىنى ئىپتىخار خەزىنىسىگە سالماي ، «ئۆزلۈك» ئەيىنىكى ئالدىغا قويۇپ ، ئۇنى تەلقىن قىل !

«ئات بىلەن ئات مىنگەن كىشى»

ئەقىل زەكاۋىتى① — ھېكمەتنىڭ كاپالىتى .

«كومىراجىۋا»

ئادەم ھەرقانچە قابىل بولغان بىلەن ئۇنى ئەقىل تىزگىنلەيدۇ . دۆلەت قانچە پارچىلانغان بىلەن ئۇنى تەلىم باشقۇرالايدۇ .

«كومىراجىۋا»

قىلىچ بىلەن تاغ ، دەريانى ئېلىش مۇمكىن . ئەمما ، قەلەم بىلەنلا دۆلەتنى بىرلەشتۈرۈش مۇمكىن . چۈنكى قىلىچ تىغىدىن قان چىرغىسا ، قەلەم ئۇچىدىن جان ھۇزۇرلىنىدىغان ھېكمەت دۇردانىلىرى تۆكۈلىدۇ !

«كومىراجىۋا»

ئەقىل چىراغدۇر . دىلى كور كىشى ئۇچۈن چىراغ بەلكى ناشايان بىر ۋاستە .

«ئات بىلەن ئات مىنگەن كىشى»

ئۆگەنمەي ئۇستاز بولىدىغان ئىش نەدە بولسۇن؟ !

«كومىراجىۋا»

---

① زەكاۋەت — كۈچلۈك ئېتىقاد ، چىن قەلبىدىن ئېتىقاد قىلماق ، پاك ، سادىق ، سەمىمىي دېگەن مەنىلەردە .



«ئېلىپبە» قولۇمدىن كەتتى يېتەكلەپ ،
مەرىپەت سارىيى چىقتى ئالدىمدىن .
باسقاندا يىگىرمە سەككىز پەلەمپەي ،
جۈملىلەر جاي ئالدى ھەرىكەت باغرىدىن .
ئۆگەندىم خەت بىلەن جۈملە قىلىپ جەم ،
«ۋەتەن» ھەم «خەلق» بولدى تۇنجى خەتلىرىم .
ساۋاتسىز قەپەزدىن قۇتۇلۇپ ئول دەم ،
مەرىپەت كۆكىگە ئۇچتى كەپتىرىم .

«ئا ...»

دانىشمەنلىكنىڭ ئىككى ئالىقىنىنى ئۇچام قىلغان چېغىغا قارا! ئۇنىڭ ئالىقانلىرىنىڭ ئۈستىدىن ئىنسانىيەتكە ئاتالغان يېڭى ھەقىقەت جاۋاھىرىنىڭ نۇرى چاقنايدۇ . ئۇنىڭ ئالىقانلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۇنىڭ شەخسىي ھايات پىلجىسەلىرىنىڭ تېنىدىن ئۇرغۇغان پاك ، ئىللىق قان تاراملاپ تۆكۈلىدۇ . ئۇ كاناي ـ سۇنايلار بىلەن چۇقان كۆتۈرگەن كوچىدا نىمە قىلسۇن ، ئۇنى نىگان ـ ناگانلاردا بەلكىم ئاھۇ پەريادلار بىلەن ياش تۆككەنلەر ئارىسىدا ئۇچرىتالىشىڭ مۇمكىن .

«دانىشمەنلىكنىڭ دەردى»

سەن ئاسمان ـ زېمىن ھەققىدە يېتۈك بىلىمدان ، ئەمما «ئۆزلۈك» ھەققىدە بىر تەلۋە نادان ! بىلىمدان بىلەن ئاقىلنى ، ئاقىل بىلەن دىل ـ قەلبى كامىلنى پەرق ئېتىشنى بىل .

«ئات بىلەن ئات مىنگەن كىشى»

دانىشمەن ـــ بىلىمدان ، ئاقىل ، ئالدىن بىلگۈچى ۋە رە-

ھېنىما ساھىبى مەنىسىدە ئۆزۈڭدىن ھەممە خەلقلەر مۇبارەكلەيدىغان نۇرانە نام .

ھەر دەۋرنىڭ دانىشمەنلىرى بولغان . ئۇ — يۇقىرىدىكى قۇرۇلمىلارنى مۇجەسسەم ئۇيۇق قىلىپ كۆتۈرۈلگەن تەپەككۇر قۇياشى !

### «دانىشمەنلىكنىڭ دەردى»

ئەركىن پىكىر — ھەقىقەتنىڭ يالىغاچ پەرزەنتى . ئۇ ئاپولوننىڭ ئوت ھارۋىسى ياكى پوساڭ دەرىخىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش قۇشى بىلەن بىللە يەر - زېمىن ، دېڭىز - ئوكيانلارنى كېزىدۇ ، ئۇنىڭ قايغۇلىرى ئىنسانىيەتنىڭ دەرسلىكى . ئۇنىڭسىز گۈزەللىك ئۆزىنىڭ مېڭىسىنىمۇ ، قەلبىنىمۇ يوقاتقان ھەيكەلگە ئايلىنىدۇ .

### «كاككۇكنامە»

بىز بۇ جاھالەتلىك ئەسىرلەردە ئىلىم ۋە ھېكمەتتىن ئايرىلىپ ، ئىشانلىق ۋە مەزھەپ - يۇرتۋازلىق پاتقىقىغا پاتتۇق . «ئاق تاغ» ، «قارا تاغ» بولۇۋېلىپ ، قان تۆكتۇق ، ئويغاتقۇچى مەشرەپ ، زەلىلى ، خاراباتى ، ئەزىزى ۋە خالىقلارنى خورلاپ سىرتتىن كەلگەن مەخدۇم ئەزەم ، يۇسۇپ چاگموزىلارنى ئەۋلىيا ئەزەم قىلىپ ، ياسالما مازارلارنى تاۋاپ قىلىپ ياتتۇق . قولىمىزدىن كەلگىنى داپ داراڭلىتىپ ئۇسسۇل ئويناش بىلەن مەدداھلىق ۋە ھاپىزلىق بولدى! ئاخىر بىر تال قەنت ، بىر تال مىق ، بىر تال سەرەڭگىنىمۇ چەتتىن ئالىدىغان كۈنگە قالدۇق .

### «يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشى ۋە تۆگىقۇش روھى»



# 4 ـ باب

## غايە ئىرادە ، ۋىجدان ، ئىپپەت ـ نومۇس

— ※ —

غايە گۈزەللىكى ــ ئىلغار كىشىلىك قارىشى ۋە ئىجتىمائىي بەخت قارىشىنى مەركەز قىلغان ياشاشتىكى ئېتىقاد ۋە مەقسەتـ ـدارلىقتىن ئىبارەت .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

غايە ــ ئالىيجاناب مەقسەت ۋە پائالىيەت تۇغى .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

شېرىندەك جانان بىلەن ئۈمىد تولپىرى ئۈستىدە خۇشال ئۇچرىشىشنى بىلگىن ، خىسراۋدەك خاقان بىلەن ئۈمىدسىزلىك غارى ئالدىدا قاقاقلاپ سۆزلىشىشتىن يانما !

**«كاككۇكنامە»**

غايە ــ ئەقىل ۋە تەپەككۇر يۈكسەكلىكىنىڭ تاجى ۋە يىراق كۆرەرلىكىنىڭ جەزبىدار كارتىنىسى .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

ۋىجدان مەنىۋى سۈپەت بولۇپ ، بىلىم ۋە قابىلىيەتتىن پەرقلىنىدۇ . شۇنداقتىمۇ بىلىم ، قابىلىيەت بىلەن ۋىجدان ۋە

ئەخلاق ـ پەزىلەت بىر ـ بىرىگە سالماقلىق تەسىر كۆرسىتىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

غايە ـــ ئىستىقبال ئىشەنچ ، ھەقىقەت ئېتىقادى ، پائالىيەت ئۇمىدى ، روھىيەت غۇرۇرى .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ۋىجدان دائىمىي تۇرمۇشتا ، بولۇپمۇ تاللاش خاراكتېرلىك مۇھىم ھالقىلىق دوقاللاردا ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ . زىيانكەشلىك ھېسابىدا ئۆزىنىڭ شەخسىي ھالاۋىتى ياكى ئامان ـ ئېسەنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش نىيىتى ۋە ھەرىكىتىدە بولۇش ۋىجدان گۈزەللىكىنىڭ ھالاك قىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

خۇشپۇراق تۆكۈلۈپ تۇرغان نەرسە چوغ ئۈستىگە تاشلانغان سەندەل ياغىچىنىڭ ۋىدالىق يىغىسى . مەشۇت بېرىۋاتقان نەرسە ئۆلۈم زىندانىغا بەنت غوزەك قۇرتىنىڭ پىداكار جەسىتى .

«كاككۇكنامە»

نەپەستىن قالدى بىر ئۇستاز ، ئەقلىنىڭ مەشئىلى ئۆچتى ،
بۇرجىتىن سىرغىدى يۇلتۇز قەۋىتىدىن يەرگە ياش توشتى .
«بىلىك» داستانىغا دەۋران تىلىدىن نەزم نەقىشلەپ ،
يۇسۇپنىڭ قەبرە قەسرىگە زىيائى يار بولۇپ كۆچتى .

«گۈزگۈ پەزىلەتنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئىپتىخارى»

مەن ھاياتىمنىڭ سەركەردانى ، ئۇنى ئىزدەيمەن . مەن



قەلبىمىزنىڭ باغۋىنى ، ئۇنى پەرۋىش قىلىمەن .

«كاككۇكنامە»

غايە ـــ ئىنسان قىممىتى گۈلشىنىنىڭ باغۋىنى .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلماسلىق ئۈچۈن ئالىيجاناب ۋىجدان بولسىلا كۇپايە ، باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆز ۋىجدانىنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ ، مۇنداق زىيانكەشلىكتىن قۇتۇلۇش تولىمۇ مۇشكۈل . بۇ كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق ۋىجدانى ھەمجەھەتلىكىنى ۋە باشقا شەرتلەرنى تەلەپ قىلىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

شەخسنىڭ دەرغەزىپى ، كايىشى ۋىجدان بولمايدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

غايە ـــ ياخشىلىققا ئىنتىلگۈچى قەلبتە پارلىغان ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەرلىك قۇياشى !

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ئىپپەت ـــ قەلب گۈزەللىكىنىڭ مۇھىم بىر فوندى ، ئۇ ئۆز غايىسى ، ئۆز ۋىجدانىنى يوقاتماي ، ساتماي ، ئۇنىڭ پاكلىقى ۋە ئالىيجانابلىقىنى ساقلاپ قالغانلىقىغا قارىتىلغان ئەخلاقىي سۈپەت .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

مېنىڭ ئىزدىنىشىم تەلۋىلىك بىلەن ئىزدەش ، مېنىڭ رەت قىلىنىشىم مەغرۇرلۇق بىلەن رەت قىلىش .

«كاككۇكنامە»

غايە —خام خىيال ئەمەس .

خام خىيال — مېۋىسىز دەرەخ ، قاناتسىز قۇش ، ئەمما غايە خىيالدىن ئايرىلمايدۇ ، چۈنكى غايە ئۇ تېخى رېئاللىق ئەمەس ، بەلكى رېئاللىقنىڭ مۇمكىنلىك شەكلىگە ئاساسلانغان ، تارىخنىڭ مۇقەررەرلىكىگە ئاساسلانغان ، ئېتىقاد دەرىجىسىدىكى ئىشەنچ ۋە قەيسەر ئىرادە بىلەن قۇدرەت تاپقان يۈكسەك خىيالدىن ئىبارەت . مۇنداق گۈزەل غايە بولمايدىكەن، قەلب گۈزەللىكى «ماتېرىيال فوندى»لىرى قۇرۇلمىلىق تۈزۈلمىگە ئىگە بولالمايدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ئادەمنىڭ مەنىۋى ھاياتى ۋىجدانىدا ، ۋىجدانىنىڭ ھاياتى ئىپپەتتە .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ۋىجدان —بىر خىل گۈزەللىك .

ۋىجدان گۈزەللىكى — بىر شەخسنىڭ باشقىلار بىلەن ياكى پۈتۈن جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە ئۆز قەلبىنىڭ ۋە ئۆز ئىشىنىڭ پاكلىقى ، ئۇلۇغۋار غايىگە ئۇيغۇنلۇقى ۋە ھەققانىيلىقى ھەققىدىكى ئەخلاقىي بىلىش ۋە ئىپتىخار ھېسسىياتىدىن ئىبارەت .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

مەجبۇرىيەت —ھېچقانداق زورلۇق ياكى ھالاۋەت بىلەن



باغلانمىغان ۋىجدانىي بۇرچتىن ئىبارەت .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ۋىجداننىڭ ئاساسلىق ئاملى ئەخلاقىي جەھەتتە ئۆز ـ ئۆزىنى كۆرستىش ، ئۆز ـ ئۆزىگە باھا بېرىش ، ئۆز ـ ئۆزىگە نازارەت قىلىش ، ئۆز ـ ئۆزىگە سودىيە ، شاھىت ۋە ئەيىبلىگۈچى بولۇش ، ۋىجدانىي جەھەتتە ئۆز ئەيىبلىرىنى پائال تۈزىتىشتىن ئىبارەت .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

زۇلۇم ، زوراۋانلىقتا سۈكۈت قىلىش ۋىجدانسىزلىقنىڭ ئەڭ چوڭ ئالامىتى .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

شەرەپ ۋە نومۇس كىشىلەرنىڭ ئۆز ۋىجدان مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتەش ياكى ئۆتىمەسلىكى ئۆز ـ ئۆزىنى مۇكاپاتلىشى (شەرەپ ـ ئىپتىخار غۇرۇرى) ياكى جازالىشى (روھىي ئازاب ، نومۇس ئازابى) بولۇپ ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆز ھەرىكىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئاقىۋىتىگە بولغان قەلب باھاسى ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ئالاقىسىز ئىشقا كەيپىيات بۇزماسلىق ، نازۇكىغا ئارىلاشماسلىق ، دىل ئازار ، رەنجىتىش ، كىبىر ئىشلىتىش ، تەھدىت ۋە قورقۇنچ سېلىشتىن خالىي بولۇش كېرەك . ئۆزگىلەرنىڭ شەخسىي غۇرۇرىنى ئاسراش ، دەخلى ـ تەرۇز قىلماسلىق لازىم .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»



ئەينەك باھالىغۇچى ئەمەس . ئەينەك ئۆز ـ ئۆزىنى باھالاشقا قوشۇمچە مېخانىزم ، پائالىيەتچان ئېستېتىك ئاڭ ۋە ئېستېتىك باھا ئەينەك ئالدىدىكى كىشىنىڭ مېڭىسىدە داۋام قىلىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ھەشەمەتچىلىك قوغلىشىپ ، يۈز ، چاچ ، بويۇن قاتارلىق گۈزەللىك رايونلىرىنى زىبۇ زىننەت ئىچىگە بېكىتىپ قويۇش نادانلىقتۇر .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

زېمىن بولۇشنى خالايمەن ، زىلۋا بويۇڭ ئۇنىڭدىن مەدەت كۈتسە .
سۇ بولۇشنى ھەۋەس قىلىمەن ، سۇمبۇل چاچلىرىڭ ئاڭا چۆمۈلسە .
يورۇقلۇق بولۇشنى ئىستەيمەن ، قارا كۆزۈڭ ئۇنى سۈمۈرسە .
شامال بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن ، ئىپار كەۋدەڭ ئۇنى خۇشبۇي قىلسا .

«كاككۇكنامە»

يوللار ــــ تارىخ ،
يوللار ــــ تەھرىر ،
يوللار ــــ زەرداستان .

«يوللار»

سۆيگۈسىز كۆڭۈلدە مەقسەت ، غايە بولمايدۇ ، غايىسىز ئۆمۈرنىڭ دېنى پۇچەك بولىدۇ .

بىقارار دىلدىكى ۋاپا ۋە ئەقىدە يامغۇردىكى ماكچىيىپ قالغان

خام خىشتتۇر .

**«قەلب ئۈنچىلىرى»**

كۈلكىلىرىڭ چىچەك گۈلزارىدىن ئۇرغۇغان خۇش پۇراق .
سېنىڭ يىغاڭ بوستانغا چېچىلغان يامغۇر ئۈنچىسى .

**«كاككۇكنامە»**

دەريالار سۆيگۈسىنى يادىمغا ئالغىنىمدا كۆزۈمدىن دەريالار ئاقىدۇ . تاغلار پىراقىنى ئەسلىگىنىمدە تىرەن دېڭىز تېگىگە پاتىمەن .

**«كاككۇكنامە»**

زېمىننى سۆيگەن يامغۇر ، چىمەننى ئارىلاپ ئاققان تاغ سۈيى ، قىياغا مەڭزىنى ياققان ئۆركەش ، ئانا باغرىدىكى بوۋاق ، تۆگە ئايىغىدىكى بوتلاق ، دالا قوينىدىكى خۇشبۇي گىياھ ، جانان لېۋىدىكى تەبەسسۇم ... ئېھ ، ئالەمنىڭ غەرەزسىز پاك مۇھەببىتى ، مەن ساڭا تەقلىد قىلىمەن .

**«كاككۇكنامە»**

مېنىڭ كۆز ياشلىرىم ئازغان چېچىكى ئۈستىدە تىترەپ تۇرغان ئېغىر شەبنەم . مېنىڭ كۆز ياشلىرىم زېمىنغا تۆكۈلگەن گۈل بەرگىسىنىڭ مەرسىيىسى . ئۇ زېمىن يۈزىنى غۇنچە گىلەم بىلەن ياساندۇرىدىغان يېشىل باھارنىڭ قەسىدىسى .

**«كاككۇكنامە»**

بىقارار ئالەمدە خۇشاللىقلىرىمدىن ۋەھىمە قىلىپ غەمكىن

بولىمەن ، غەمكىنلىكىم ئەۋجىگە يەتكەندە قاقاقلاپ كۈلىمەن .

«كاككۇكنامە»

بۇلاق سۈيىگە قاراپ نىدا قىلىمەن : خۇشاللىقلىرىم سېنىڭ ئىلتىپاتىڭ ، گۈزەللىكلىرىم سېنىڭ ئىنئامىڭ ، ۋەھىملىرىم سېنىڭ سالغان قورقۇنچۇڭ ، جاراھەتلىرىم مۇشتۇملىرىڭنىڭ ئىزناسى . ئۆز ـ ئۆزۈمگە قاراپ قاقاقلاپ كۈلىمەن ، قاقاقلاپ كۈلىمەن . مەن تارىخنىڭ كۈۋاھچىسى ، سېنىڭ ئەلپازىڭنىڭ ئەينىكى ...

«كاككۇكنامە»

ئۈمىد تاڭ شەپىقىنىڭ رەڭدار كۆڭلىكىنى كىيىپ قاقاقلاپ كۈلگىنىمدە ، ئۈمىدسىزلىك كۈكۈم ئۇتقىشىنى قارايتىپ ، لام ـ جىم دېمىدى . ئۈمىدنىڭ تەنتەكلىكى بىلەن ئۈمىدسىزلىكنىڭ تەمكىن سىپايىلىكى ئارىسىدا تىگىرقاپ شۇئىرلايمەن .

«كاككۇكنامە»

ھىجران دەستىدە تۇرغىنىڭدا ساڭا ئىلھام بېغىشلىغان نەرسە ۋىسال ئۈمىدى . ۋىسال بېغىدا سېنى ئالدىراتقان نەرسە ھىجران ۋەھىمىسى . ۋىسال قەدرىنى كۆتۈرگەن نەرسە ھىجران . ھىجران قەددىنى روسلىغان نەرسە ۋىسال .

«كاككۇكنامە»

يوقلۇقنىڭ ئۈمىدى موللۇقنىڭ ۋەھىمىسىدىن ئۈستۈن .

«كاككۇكنامە»



ئۈمىد خۇشاللىقى بىلەن ئۈمىدسىزلىك ھودۇقۇشى تۆت كوچا ئاغزىدا دوقۇرۇشۇپ قالدى، ئۇلارنىڭ خالىغىنى شاراب ئىدى. چۈنكى ئۇ: ئىختىيار ئىلپىزىكە سومۇرۇغ قانىتىنى قوشىدىغان خىيالىي سايە. ھاقارەتلەنگەن روھ شاراب ئىچىدە غالىب.

«كاككۇكنامە»

ھېكمەتنىڭ زوقلانغىنى ئۇنىڭ نالىسى، ئۇنىڭ نالىسى قان قۇسقان كاككۇكنىڭ شېئىرىيەتتەك ھەقىقىي قەلبى ئىدى.

«كاككۇكنامە»

مۇھەببەتنىڭ مەڭگۈ يېڭىلىنىپ ۋە ئەبەدىي تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان مەنىۋى جەننىتى نەدىكى، مەن ئۇنىڭدىن شېئىرىيەت ئىلاھىيىسىنى ئىزدەيمەن.

«كاككۇكنامە»

قاچانكىم بولدى تەن ئىچرە ئىلىم ئىشقىدا جان پەيدا،  
بۇ جانىم خۇددى بۇلبۇلدەك ناۋا ئەيلەپ ماڭا شەيدا.  
قاچانكىم بۇ نادان قەلبىم ئىلىم نامىنى تۇغ قىلدى،  
بۇ جانىمغا كىتابەت زەۋقىدىن كۈن - تۈن ئارام قايدا.

«رۇبائىيات»

يول ھەر خىل! جەھەننەمگە ئېلىپ بارىدىغان يول بىلەن جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان يولنىڭ باشلانغان يېرىدە ئانچە پەرق يوق ئىكەن، قەلبىڭنىڭ كۆزى ۋە ئىرادەڭنىڭ تاللاش ئىقتىدارىدا!

«يول»

كۆز ياشلىرىڭىزنىڭ ئۈنچىلىرى خۇشاللىق شولىسى بىلەن سۆيۈشكەندە ، مەڭزىڭىزدە ھەسەن ـ ھۈسەن جولا قىلغۇسى .

**«كاككۇكنامە»**

قاراقچى قاچقاندىن كېيىن،كىرىچ تارتماق بىھاجەت .

**«كومىراجىۋا»**

بۇ ئالەمنىڭ ئىرادىسى شۇكى : «كىشى يامانلىققا قول ئۇزاتسا ، ئالەم ئۇنى يوق قىلىدۇ» .

**«كومىراجىۋا»**

بىر نىيەتتىن بىر خىل سۆز چىقار .

**«كومىراجىۋا»**

ئازغان شوخىسى ئالدىدا سومۇرۇغ كەۋدەڭنى ئەگمە .

**«كاككۇكنامە»**

مەڭگۈ يېڭىلىنىپ ۋە ئەبەدىي تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان مۇ- ھەببەتنىڭ مەنىۋى جەننىتى نەدىكىن؟ مەن ئۇنىڭدىن شېئىرىيەت ئىلاھىنى ئىزدەيمەن .

**«تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»**

ھىجران دەشتىدە تۇرغىنىڭدا ۋىسال ئۈمىدى ساڭا ئىلھام بولىدۇ . ۋىسال گۈلشىنىگە كىرگىنىڭدە ھىجران ۋەھىمىسى سېنى ئالدىرىتىدۇ .

**«تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»**





قورقۇپ تۇرغان ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۈمىد كۈتۈپ تۇرغا-نىكەنسەن ، خۇشامەت قىلىشقا مايىل بولىسەن . چۈنكى خۇشامەت روھىيەت تىلەمچىلىكىدۇر .

«تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»

ھەيران بولمىغىن .

گۈزەللىك ، مۇھەببەت ، ساداقەت باشقا ـ باشقا نەرسىلەر بولغىنىدەك ، بىلىم ، قابىلىيەت ، ۋىجدان ، قىسمەتمۇ باشقا ـ باشقا نەرسىلەردۇر . مەن بۇلارنىڭ مۇجەسسەملىكىنى ئىزدەيمەن ، ئۇلارنىڭ رىقابەتچىلىكىدىن چۆچۈيمەن .

«تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»

ئۆلۈم — مۇزلىغان جىسمىنىڭ ئاشىقى ، يۈرەكسىز مۇھەب-بەتنىڭ مۇرەببىيسى .

«تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»

بارلىق ياخشىلىقلىرىڭنى ھايات ۋاقتىڭدا قىلىپ تۈگەتكىن . دوزاخ ئىشىكى ئالدىدا ئۆزۈڭ توغرۇلۇق ئاقلىغۇچىلىق قىلما ، جەننەت ئىشىكى ئالدىدا ھەسرەت چەكمە .

«تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»

ئېكسپلاتاتسىيە تارىخى — قانلىق تارىختۇر .

قانچىلىغان چۈپرەندە شائىرلار ئىشكەل ـ زەنجىرلەرگە ھې-سابسىز ھەمدۇسانا چېچەكلىرىنى قىستۇرۇپ ئىلتىپاتقا ئېرىشكە-نىدى ؟ !

ھەققانىيەتنىڭ ۋەزىپىسى ئۇلارنى ئىرغىتىپ تاشلاش ۋە ئادالەت ھۆكۈمى بىلەن لەنەت تاختىسىغا مىخلاشتىن ئىبارەت .

«تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»

مەيلى ئاتاڭ ياكى قوشناڭ بولسۇن ، ئەزگۈچى بولسىلا ئۇ سېنىڭ دۈشمىنىڭ .

«تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»

ۋىجدان قۇياشىنىڭ قارايغان كۈنى — ئەقىدە ئەھلىنىڭ قىيامىتى .

«تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»

بۇلۇت ئۈزەر گاھى كۆكۈلدە ،
تەسەۋۋۇرغا غەرق بولسا ئارمان .
گەر ئۈمىدتىن بولمىسا شەپە ،
گۇمان ئىچىدە قالار بۇ جاھان .

«بۇلۇت ئۈزەر ، بۇلۇتلار ئۈزەر»

بىز تېخى تىرىك ، ئالدىمىزدىكى ئاق ياكى قارا كۈنلەرنىڭ قىسمەت ھالقىلىرىنى بىلمەيمىز . يىغلاشقا نېمە ھاجەت؟ ! ئەگەر يىغلاشقا توغرا كەلسە ، جەڭلەردە قازا قىلغان مەردۇ مەردانىلەرگە يىغلاش لازىم .

«كومىراجىۋا»

تەقدىر — بۇ قىسمەت ۋە ئىرادىنىڭ جېڭى .
قايغۇ ياشلىرى — بۇ تەقدىر جېڭىدە ئىرادىنىڭ ئاققۇزغان



پاك قېلىنى .

«كاككۇكنامە»

ئۇستاز ئالدىدا يالغان ئېيتماق گۇناھتۇر .

«كومپراجېۋا»

كىشىگە ئىلتىجا قىلما ، كىشى ئىقبالى ئىرفانىدا ،
سائادەت كەلمىگەي ھېچ ئىلتىپاتتىن قولغا ئاسانىدا .
ھاياتىنىڭ لەززىتى سۆيگۈ ، ئۈنىڭسىز ئىختىيار بولماس ،
مەگەر زوق دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچىنى سورىساڭ — ئۇ ۋىجدانىدا .

«رۇبائىيات»

جاپادىن قاچما ، ۋاپا قىل ، ۋاپا كۈتۈپ ئۆكۈنمە !

جاپاكەشلەرگە ھېسداش بول ، كىرمە قىل ، بىۋاپا بولما ، بۇ ئىزگۇ ئۈمىد ، ئەمما ئالەمنى بىۋاپالىقتىن خالاس قىلىدىغان توتىيا ئەمەس .

ياشلىقىڭغا كىبىر قىلما ، ھەي ، بىساقال . مەن ساقىلىمنى قىرىپ بولغۇچە ، سەنمۇ ئۇستىرىنىڭ پاتراق بىكار بولۇشىنى كۈتۈپ قالىسەن ! ياشلىقمۇ باقاسىز ۋە بىۋاپا قىسقا دەقىقە ، خالاس !

«بىۋاپا»لىق

يول يەنە قالدۇ ، ئۇ مۇنازىرىلەر ۋە سۆكۈناتلار ئىچىدە ، جەڭ ـ جېدەل ۋە سۆلھلەر ئارىسىدا ، ۋىسال ۋە ھىجرانلار ئوتتۇرىسىدا ، پىكىر توزاقلىرى ۋە ئىختىرا زالپىلىرى قۇچىقىدا ، ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك ، ئەقىدە ۋە ساتقۇنلۇق ، مۇھەببەت ۋە نەپرەت



كۆكسىدە يەنە داۋاملىشىدۇ، ئۇنى ئاخىرلىتىش مۇمكىن ئەمەس .

«يول»

نوپۇزلۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل جەمئىيىتىمىز ئەھمەد زىيائىينى ، ئۇنىڭغا ئوخشىغان بىرمۇنچە تارىخىي جاۋاھىراتلىرىمىزنى قوغداپ ، ئاسراپ قالالمىدۇق . بۇ مۇھىتنىڭ ئوڭۇشسىزلىقىدىن تاشقىرى بىزنىڭ روھىيىتىمىزنىڭ كورلۇقى ، نادانلىقى ، جاسارەتسىزلىكىدىن بولدى . قوغداپ قېلىش ، ئاسراپ قېلىش تۈگۈل ، قوغداپ قېلىش ، ئاسراپ قېلىش دېگەن ئاڭمۇ قەلبىمىزدە ھاسىل بولمىدى . ئەكسىچە ، جاۋاھىراتلارنى ئۈزۈپ چېقىش ، مەدەنىيەت نامايەندىلىرىنى ھاقارەتلەش تىياتىرىغا ھېرىسمەنلىك قىلدۇق . مەن ئەھمەد زىيائى بىلەن ۋىدالىشىۋېتىپ ، بۇ تارىخىي كورلۇق ، روھىيەت نادانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلماي تۇرالمىدىم .

«ئېزگۈ پەزىلەتنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئىپتىخارى»

غايىسىزلىك ئورنىغا بىرقاتار «پوتېنسىئال ئاڭ» ياكى «ئالدىنقى ئاڭ» قوڭغۇراقلىرىدىن تارقالغان سىگناللار تۇرمۇش ئۈستىدە ئاشكارا دەسسىدى . ئۇ يىلتىزى تېرەن ، ھەتتا ئىنساننىڭ ئىنستىنكتىلىق ۋە فىزىئولوگىيىلىك ــ پسىخولوگىيىلىك تۈزۈلمىسىگە تۇتاشقان دىنىي ھېسسىيات ۋە مىللىي ھېسسىيات بىلەن زەرەتلىنىپ تۇرغان تېز تەسىر سىگناللار بولۇپ چىقتى .

« ھايات دانىشمەن»

ئەقىل ئىزدە ئەقلىنى ئۆزلۈك كامالىغا باشلا ئەقىل كىتاب



سەھىپىلىرىدە تاۋلانغان ئۆلمەس روھلار قاتارىدا ، تەجرىبە جەريانلىرىدا ، پىچىرلىغان دۇنيا ئۇچۇرلىرىدا ، تۇرمۇش تەكرارلىقىدا ، نىگارىنى كۆرسەتكەن ھېكمەت جۇلالىرىدا ، تەپەككۇر بىلەن تەسەۋۋۇر قاناتلىرىدا . بىلگىنىكى ، ئۇ ، يېنىڭدا ، نادانلىقىڭنىڭ لاچىن كۆز قاپچۇقلىرىدا ، غەزەپلىرىڭنىڭ يىلان نەشتەر تىلى ئاستىغا ، تەرسالىقىڭنىڭ ئات تۇۋاقلىرى تېگىگە كۆمۈلگەن !

«گۆھەرگە دەسسەپ تۇرغان كور ئادەم»

كۆزۈڭنى ئاچ ! ئۆز مۇھىتىڭنى ۋە ئۆز قۇدرىتىڭنى بايقا !

«گۆھەرگە دەسسەپ تۇرغان كور ئادەم»

جىنسىي خاھىش ۋە ئۇنى تاۋار شەكلىدە رىغبەتلەندۈرۈش ، جىنسىي ئەركىنلىك ، نىكاھسىز تۇرمۇش ، زەھەرلىك چېكىملىك ۋە يوقۇملىنىش — غايە ، ئەقىدە بوھرانىنىڭ يەنە بىر ئېقىمى . يۇقىرى ماركىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى قىزغىنلىقى بىلەن جىنسىي ئەركىنلىك ئېقىمى بىر - بىرىگە مەنپىي - مۇسبەت تەقەززالىقى تۇزۇپ ، ئېلان ۋە سەنئەتنىڭ قۇياش ئىلاھى — ئاپوللو ئىبادەتخانىسىنى جىنايەتخانىغا ئايلاندۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىنمۇ؟

«ھايات دانىشمەن»

بۇلبۇللىرىڭنىڭ مەدھىيىسى بىلەن بىھوش بولما . ھۇۋۇقۇشلىرىڭنىڭ پىتنىسى بىلەن ھالىڭدىن كەتمىگىن .

«كاككۇكنامە»

يەڭگىللەپ قالىدۇ روھلىنار خىيال ،
ئەرزىمەس ھەۋەسنى ئىرغىتسا يۈرەك .

«قەبرىگاھتىن قايتقاندا»

«ئۆزلۈك» بىر سۈزۈك ئەينەكتىن ئىبارەت .

ئۆزلۈك ئەينىكى — ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىگە ئىرادە - قۇدرەت زەررىلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ ، نۇرانىلىك ھاسىل قىلىدۇ . بۇ نۇرلار قوشۇلۇپ، بىر - بىرىنى زورايتىپ ، ھېكمەت ئىلھامى ئاستىدا ئۆزلۈك ئەينىكى بولۇپ يېتىلىشى مۇمكىن !

«سۈزۈك ئەينەك»

كۆلگە مەپتۇن بولساڭ ، ئۇنى ئۆز پايىسىدىن جۇدا قىلما .
گۈزەللىككە مەپتۇن بولساڭ ئۇنىڭ ئىختىراچىلىرىنى ئاسرا .

«كاككۇكنامە»

ئۆزىنى چۈشەنگەن كامىل ، ئۆزۈمچىلىكنى ئۇنتۇغان يېتۈك كىشىدۇر . ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇيدۇ ۋە بارلىق ئىنسانىيەت ئالىمى بىلەن قوشۇلىدۇ . بۇ ئارىدا ھەقىقەتنى يوشۇرغان پەردىلەر ، سېپىللار ، تېرە ۋە ئىرق پەرقلىرى بىلەن ئەپسۇنكار رىسالىلەر ھېلىقى لاي قورچاقلارنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە سەجدە قىلىش كويىدا ياراتقان سېھىرلىك مەنزىرىسى بولۇپ چىقىدۇ . سەن تەڭرىلىك مۇقامىدا تۇرۇپ ئۆز - ئۆزۈڭگە — ئىنسانغا سەجدە قىلىسەن . بۇ ئىبغىر ياتلىشىشتىن ئۆزىگە قايتىش ۋە پارچىلانغان ئالەمدىن ئۇلۇغ ۋەھدەت — بىرلىكنى قايتا تېپىشتۇر . سەن شۇ چاغدا ئىستىخپار ئوقۇيسەن : ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلمىگەن ، ئۇلۇغ



كىشىلەرنىڭ ئاشقى ئالامەتلىرىنىلا تەن ئېلىپ، كامالەت تەرەپلىرىگە ئەقلىنىڭ يەتمىگەن ياكى ئۇنى تەن ئېلىشنى خالىمىغان ، ھەتتا ئۇلارغا تۆھمەت توقۇپ ، چەتتىن پېشۋا ئىزدەپ يۈرگىنىگە پۇشايمان قىلىسەن . ئۇ چاغدا سەن ئۆز ئۇلۇغلىرىڭنى ئىغۋا كۇھىقاپنىڭ تاش- بورانلىرىدا يىقىتىپ ، ئۇنى ئېيسادەك تاختىغا باغلاپ ، شەمس تىرمىزنىڭ رەقىبلىرىدەك ئۇنى ئۆزكىلەر قولىدا قۇدۇققا تاشلاپ قەتلى قىلىپ ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى مەشرەپنىڭكىدەك بۇرمىلاپ ، يەنە ھېچنېمىنى كۆرمىگەندەك ئۆپكىگە ئۇن سۈيى تولدۇرۇش بىلەن ئەرمەك بولۇپ يۈرۈۋەرمەيسەن ! ئۆزلۈك ئەينىكى —مىراجى ئەلاكى ، ئۇنىڭدا تەگرىنى كۆرىسەن . ئۇ سەن ، سېنىڭ ئاشىقىڭ ، مەھبۇبىڭ ۋە مەقسۇدىڭ .

«سۆزلۈك ئەينەك»

نۇرانە شولىنىڭ ھەۋەسىدە تۇرغىنىم يوق ، ئاقىقان يۇلتۇزدەك قاراڭغۇلۇق ئالەمگە قاراپ سېرىلاي ، نۇرانە شولا كەينىمدە قالسۇن .

«كاككۇكنامە»

ھەسەلچى ھەرە خۇشپۇراق گۈللەردىن بال نەزىمىسى يارىتىدۇ .

گۈلچى كېپىنەك باشقىلارنىڭ ھەمدۇ ساناسىدىن تەمەننـاغا تولىدۇ .

«كاككۇكنامە»

قورقۇپ تۇرساڭمۇ يەنە ئۈمىدلىنىپ تۇرىدىكەنسەن ، سېنىڭ مايىل بولىدىغىنىڭ خۇشامەت .

خۇشامەت —روھىيەت تىلەمچىلىكى .

«كاككۇكنامە»



ئادەمنىڭ ئادىمى نومۇستىن كۆپ كەم ،
سىناقلار ئوتىدىن چىقار چىن ئىنسان .
بەزىلەر ھالاۋەت ئۈچۈن يەيدۇ غەم ،
ئۇلارنى خەشەك دەپ يەكۈنلەر زامان .

«ئادەمنىڭ ئادىمى»

ياخشى ئەسەر چەكسىز قىزغىنلىق ۋە يۈكسەك ئىجتىھات ئىچىدە يارىتىلىدۇ .

«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش — جاپا - مۇشەققەتلەرگە باش ئەگمىگەندىلا قولغا كېلىدۇ .

«فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»

سىنىپىي جەمئىيەتتە دەۋر سىنىپىي كۈرەش بىلەن تولغان بولىدۇ . خەلقلەر سىنىپىي رېئاللىقتا تۇرمۇش كەچۈرىدۇ ، ئارزۇ - ئۈمىدلەردىمۇ سىنىپىيلىك بولىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

مۇھەببەت يەلكىنىگە چۈشكىن ، پاجىئەلەر دېڭىزىغا راۋان بول .
يۈكسەكلىك تۇلپارىغا مىنگىن ، كىشىلىك دالاسىغا چاپ .

«كاككۇكنامە»

گۈزەللىك ! سېنى ئىزدەپ ھەشەمەتلىك قەسىرلەرگە



تەلمۈرمەيمەن .

مۇھەببەت ئىسپنى ئىلكىمگە ئېلىش ئۈچۈن يىراق ئەللەر سەلىپكە قاتناشمايمەن .

ئەقىدەم شۇكى : غالىبنىڭ نەيزە ساداقلىرىغا تۇتقۇن بولغان ۋىسال مۇقەددەس ئەمەس ، بەلكى مەنىسىز مۇردىنىڭ قالدۇقى...

**«كاككۇكنامە»**

قايسى چاغ تاپاركەن ئۆزىنى ئىنسان ،
ئىنساننى ھاياتنىڭ مەقسىتى بىلىپ .
قايسى چاغ چېقىلغاي پۇل ، مەنسەپ ، نادان ،
چوقانلار شەكلىنى ياسىغان قېلىپ .

**«ھايات دېمەك»**

ئەگەر زالىم ، پوچەك ، ھارامى ، تەرسا بىرسى نوپۇز تىكلەۋالغانىكەن ، ئۇنىڭ بۇ ئىللەتلىرى ئۇنى پەسلەشتۈرىدۇ ، «سوپىرىسى قۇرۇق» نىڭ «ئېتى ئۇلۇغ» لىقتىن قالىدۇ .

**«ھەستخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»**

رەشىك ـ ھەسەت مىللەتنىڭ نومۇسلۇق ئىللىتى .

**«ھەستخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»**

ئالىم قەلبى يورۇق كىشىلەر ئۈچۈن يورۇق ، تەپەككۇر ئەھلى ئۈچۈن تەپەككۇر پاكلىقى ۋە تەپەككۇر بايلىقىدىن قىممەتلىكرەك خەزىنە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس .

**«ھەستخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»**

ئىلىم ـ سەنئەت تارىخى شۇنى تەكرار ئىسپاتلىدىكى ، خۇ-
نۇك ۋە ناپاك پىكىرنىڭ ئەخلەت توزانلىرى ئۇنىڭ ئىگىلىرىنى
مەنىۋى مەدەنىيلىك كۆكىدە يۇقىرى ئۆرلەش ، پۈتكۈل
ئىنسانىيەتكە يۈزلىنىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلغان . ئۇ
خۇددى ئېغىر تاشتەك ئۇنىڭ پارلاق چوققىغا چىقىشىغا ھامان
توسقۇنلۇق قىلىدۇ . روشەنكى ، پاكلىق ۋە ئۇلۇغۋارلىق روھىيەت
پەرۋازىدىكى ھەقىقىي قاناتتىن ئىبارەت .

«ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»

خەلق ئۇلۇغ ، ئۇمىد كەلگۈسىدە .

«ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»

مەن زېمىننى گۈزەللىك ۋە خۇش پۇراقلىق بىلەن بېزىگەن
باغۋەنگە ماسلىشىپ ، ئاسمان يۈزىگە مارجان چاچىدىغان زەر
چاچقۇچى بولالىسام ئىدىم...

«مارجاننامە»

ئادەملەر ئۇمىد قالۇنى بىلەن ئۆتكەن ھاياتنىڭ ھەسرەتلىك
مەرسىيىسىنى چېلىپ كەلدى . تارىخنىڭ ئۇمىد بىلەن كۈتىدى-
غىنى ئىنسانىيەتكە بېغىشلانغان زەپەر قەسىدىسى .

«مارجاننامە»

ئاسمان يىراقلىقى بولمىسا، يۇلتۇزلار تەكتىكى ئۇزۇم ،
دېڭىز تېرەنلىكى بولمىسا، مارجانلار بېغىمىدىكى بۆلجۈرگەن ،
ھىجران مۇشكۈلى بولمىسا، سەن مېنىڭ ئالدىمىدىكى ھەيكەل .

«مارجاننامە»



ۋاقىت ئەجدىھاسىغا قەلەم نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ تاقابىل تۇرىمەن. كىشىلىك رەھمىتى بىلەن ئۇنى يېڭىمەن.

«مارجاننامە»

قۇلۇلە دېڭىزنىڭ تېرەن تەكتىدە تۇرۇپ قاتتىق قاپچۇقلىرىغا مارجان يىغىدۇ. ئۇ سازاڭدەك مۇلايىم ئەمەس، ئۇنىڭ شەپقەتسىز پوستى قانداق قىپقىزىل مارجانلار خەزىنىسى.

ئاھ، مارجان! سەن قۇلۇلىگە ئايلانمايسەن، سەن ئۇنىڭ باھاسىز تۇتقۇنى، ھەسرەت ئىچىدە نادامەت قىلىمەن: ئالتۇن ئۆز خىسلىتىنىڭ ئەكسى بولغان تاشتەك كىشىلەر ئالقىنىغا، گۈزەل قىزلار قاراقچىلار غارىغا، ئىپار كېيىكى ھىيلىگەر سەييات كانارىغا، بۇلبۇل قەپەز دەرگاھىغا بەند بولۇشنىڭ سىرىنى ئىزدەيمەن.

«مارجاننامە»

تەقدىر خارلانغانلاردىن قۇدرەتلىك ئەمەس.

«مارجاننامە»

ساداقەت — مۇھەببەت دېڭىزىدىكى گۆھەر خەزىنىسىنىڭ ئومۇمىي ۋەجى.

«كاككۇكنامە»

ئانا باغرىدا ئەركە، تەسەۋۋۇر كۆكىدە ئەركىن ئۆسكەن ئوماق بالىنىڭ كىشىلەر ئالدىدا خۇشامەتچى بولمىغانلىرىنى ئاز ئۇچراتقىنىم ئۈچۈن ھەسرەتلىنىمەن.

«كاككۇكنامە»

ئېخ ، تاڭ !
تۈندىكى ئۈمىدنىڭ مىسالى ئۆزۈڭ ،
سەن بىلەن كۆللىگەن كىچىك گىياھمەن .
ئويدانىراق قىپىشۋالاي
يورۇق نۇرۇڭغا ،
چۆمۈۋالاي شەپەق سۈيىڭگە .

«تاڭ بۆشۈكىدە»

ئەي ئىقبال چېچەكلىرى
ئالدىڭلاردا
قانداق ئۇلۇغ بەختنىڭ
بارلىقىنى ئويدان بىلىمەن .
ئۆسمۈرلەر !
كېلەچەكتىكى
قىزىل باغنىڭ غۇنچىسى سىلەر .

«بالىلار گارىسىدا»

يۈزۈڭدىكى نىقابىڭنى ئېلىۋەت . بۇ ماڭا مۇقەددەس ئىلتىپات !
ئۆتكۈر زۇلپىقارىڭنى سانجا . بۇ ماڭا يېڭى ھايات !

«كاككۇكنامە»

رەقىبلىرىمگە نەپرەتلىنىمەن . ئۇلارنىڭ پۇشتى جەمەتىمۇ ئۇلارنى ئۇنتۇيدۇ .

«دانىشمەنلىكنىڭ دەردى»





تىلەكلىرىنىڭ ئىجادىيىتى سەن رۇكۇ قىلغان مېھراپتا ئەمەس، سەجدە قىلىۋاتقان چەۋەنداز ئىلكىدە !

تىلەكلىرىڭنىڭ سەۋەبكارى ئاجىزلىقىڭدۇر. ئاجىزلىقىڭ ئورمان سۈيىنى ئارقىغا ياندۇرالايدىغان ئۇلۇغ كۈچ ـ قۇدرىتىڭنىڭ تاغ ھالىتىدىن قۇم ھالىتىگە پارچىلانغانلىقىدىندۇر. ئۇنى پارچىلىغان سەن ئۆزۈڭ ! سېنىڭ ئېپسىڭ، تەمەخورلۇقۇڭ، ئۆزگىنى ئانىي قىلىش نىيىتىڭ، ئاچ كۆز ھەسىتىڭ، نادان ۋە تەرسالىقىڭ، ئۆزۈڭ ئىقتىدا قىلغان لاتا ـ پۇرۇچ قورچاقلىرىڭغا بولغان خۇپىيانە قۇللۇقۇڭ !

«كۆھەرگە دەسسەپ تۇرغان كور ئادەم»

يول — چەكسىز يايلاقتا، بىر ـ بىرىگە تۇتاشقان ئالتۇن دىياردا، دېڭىز ـ ئوكيان ساھىلىدا، كائىناتقا ئۇچۇش مەيدانىدا، تەپەككۇر جەريانلىرىدا، تەسەۋۋۇر قاناتلىرىدا، تارىخ داۋانلىرىدا داۋام قىلىدۇ.

«يول»

نومۇس — ۋىجداننىڭ ئىقرارى ۋە دەۋىتىدىن بارلىققا كېلىدىغان ئەخلاقىي تونۇش. مۇنداق تونۇشنى يوقاتقان كىشىلا، ئەيمەنمەيدىغان، ئۆزىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىن قورقمايدىغان بولىدۇ. بۇ — نومۇستىن مەھرۇملۇق — نومۇسسىزلىقنىڭ تۇغۇلغانلىقى.

«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»





نومۇس ــــ ئۆز ـ ئۆزىگە چىن مۇئامىلىدىن تۇغۇلغان ئىقرار ۋە ئىجابىي ئۆيىاتتىن ئىبارەت .
**«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»**

ئىنسان ئۈچۈن ئەستايىدىللىق ، چىنلىق ھەممىدىن قىممەتـ لىك ، بولۇپمۇ ئوبيېكتىپ شەيئىگىلا ئەمەس ، يەنە ئۆز سۇبيېكـ تىغا بولغان ئەستايىدىللىق ، چىنلىق بىباھا پەزىلەت .
**«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»**

نومۇس سەزگۈسىنىڭ بولماسلىقى روھىيەت تىنىقىنىڭ ئۈـ زۈلگەنلىكىدۇر .
**«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»**

ساختا شۆھرەت يولىغا كۈچ سەرپ قىلماق ھاماقەتلىك ، ئەقىل يولىغا قەدەم قويغان ئەۋزەل .
**«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»**

ۋىجدانسىزلىق ياكى ۋىجدانىنى يوقىتىش ئۆزىنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاش .

**«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»**

دۇنياغا ساختىپەزلىك سىڭمەيدۇ .
**«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ــــ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»**

شاھ ئوغۇلمەن ، ئەمما تىلەرمەن ،
شەپقىتىڭدىن سەدىقە قەترە .



ماڭا ئارام شۇ قەتره شەربەت ،
مەيلى قىش ـ ياز ، مەيلى تاڭ ـ كېچە .
مەن ئىنسانمەن ، بەختىم مۇھەببەت ،
ئەلمىساقتىن قىيامەتكىچە .

«مەن ئىنسانمەن ، بەختىم مۇھەببەت»

ھەممە نەرسىنى كۆمكەن ۋە ئۈنىڭ موھتاجلىقى سەھراسىدا ئېچىرقاپ چاڭقاپ يۈرگەن ئىنساندا نە باياشاتلىق ـ ئاۋاتلىق ، نە گۈزەللىك ، بەخت ، نە سىۋىلىزاتسىيە ـ كامالەت بولسۇن ئۇ تار نەزەر ئۇپۇقىدا ، داچەن تۆشۈكىدە چاشقان كۈتۈپ ياتقان مۆشۈك ، مۇ- بالىغە قىلغاندا ئۇ مولۇن ، خالاس !

«گۆرگە دەسسەپ تۇرغان كور ئادەم»

ئۈمىد ، ئۈمىد ، ماڭا كېرەكى ئاشۇ نۇرانە ئۈمىد ... ئۈمىد ئۇ نېمە ئىدى ...
ئۈمىد ــــقاراڭغۇ كېچىدىكى شولىلىق چىراغ .
ئۈمىد ــــتەسەۋۋۇر دەريادىكى رومانتىكا قۇشى قونىدىغان چاڭگا .
ئۈمىد ــــرېئاللىقتىن بىزار بولغان مېڭىنىڭ لىرىك ئاي- ۋاندىكى شېرىن چۈشى .
ئۈمىد ــــروھىيەت شىپاكىرىنىڭ تۈتىيا دورىسى .
ئۈمىد ــــپىل جىسمىنى پەيدەك ئۇچۇرىدىغان قانات .
ئۈمىد ــــيۇلتۇزلار چاچقۇنلىرىنى سامادا ئارقانسىز كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ماگنىت .

«كاككۇكنامە»

نادانلىقتا قالغان كىشىلەردىكى زىددىيەتچان روھىي كېسەللىكىنىڭ يەنە بىرى — ئەسلىدىكى نومۇس قىلغۇدەك پۇچەك ۋە ئىقتىدارسىز قەلبىنى ئەكس ھالدا ساختا شۆھرەت بىلەن نىقابلاش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش - مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»**

يىپەك يولى سىنكرېتىك مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ مەنىۋى مەدەنىيىتىدىن خەۋەردار بولمىغاندا، جاھان مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ بىلىش تارىخى ھەققىدە تولۇق، توغرا قاراشقا ئىگە بولۇش قىيىن.

**«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»**

ئىنسان ئالىيجاناب غايىلەرسىز، بۇنداق غايىۋى ئىدىيىگە بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببەتسىز، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن مۇتەپەككۇر ئەزىمەتلەرنىڭ ئەسىرلەردىن ھالقىپ كېلىۋاتقان ھېكمەت دۇردانىلىرىدىن ئالىدىغان بەھر - ھالاۋەتسىز ياشىيالمايدۇ.

**«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»**





## 5 ـ باب

# كىشىلىك تۇرمۇش

— ※ —

تۇرمۇشنى بىلىش تۇرمۇشقا — تۇرمۇش ھادىسىلىرى قاينىمىغا تېرەنلەپ كىرىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىرىنى ناھايىتى زىللىق يەكۈنلەشنى كۆرسىتىدۇ.

**«قاتلاملىق ئىستېتىكا»**

سەنئەتكار تۇرمۇشنى ئالدىن كۆرەلىشى، ئېگىز ـ پەسلىكتە كاڭگىراپ قالماسلىقى، خەلقنى كاڭگىرىتىپ قويماسلىقى لازىم. ئۇ تۇرمۇشنى نەزەرىيىۋى تەپەككۇر بىلەن كۆزىتىپ، يىغىنچاقلاشقا ماھىر بولۇشى لازىم. تۇرمۇشنى چوڭقۇر بىلىش خەلقنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى ھەزىم قىلىنغان تۇرمۇشنى بىلىشنى مەركەز قىلىدۇ. شۇنىڭدەك تۇرمۇشنى چوڭقۇر بىلىش ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت يولىدا مېڭىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**«قاتلاملىق ئىستېتىكا»**

مۇھىت گۈزەللىكى بىلەن تۇرمۇش گۈزەللىكى ئىنساننىڭ ھايات تەقدىرى.

**«قاتلاملىق ئىستېتىكا»**

تەنھا ياشاش بىر خىل ئىجتىمائىي رىشتە تەلىم ـ تەربى-

يىسىنى ئاجىزلاشتۇرسا ، ئائىلىۋى تۇرمۇش ئۇنى كۈچەيتىدۇ .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

دۇنيادا ھېچكىم مەسخىرە ۋە مەدھىيىلەردىن قاچالىغان ئەمەس .

**«يوللار»**

تۇرمۇشنىڭ كىتابىنى ئوقۇماي تۇرۇپ ، مۇھەببەتتىن شېئىر يازغىلى بولماس .

ئۆمۈرنىڭ ياڭراق خىتابى ئېسىل قۇرلارنىڭ پۈتمەس خەزىنىسى .

**«تۇرمۇش ۋە مۇھەببەت»**

دېڭىز ، ئېخ جاھان دەرۋازىسى ، دوستلۇق بوسۇغىسى ، دۇنيانىڭ دەرسخانىسى ، ئالەمنىڭ ئەينىكى . سەن زېمىن كۆكسىدىكى يۈرەك ، سەنسىز ئالەم نادان ھەم تەرسا .

**«كاككۇكنامە»**

غەلىبە يوللىرىنىڭ قات ـ قات مۈشكۈلى ،
دۈشمەن تەھدىتىنىڭ يېنىدا ساتقۇن .
لەكمىڭلاپ شەيدالار غەلىبىنىڭ ئۇلى ،
ۋە لېكىن ئەرۋاھلار تېنىدە قۇزغۇن .

**«يوللار»**

ھەر ئىنساندا بىرلا يۈرەك ، بىر ئەقىل بار . مۇھەببەت ۋە تىلەك يۈرەكنىڭ قاتلىمىدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇلاق سۈيىگە



ئوخشايدۇ . ھايات ئەنە شۇ مۇھەببەت سۈيى بىلەن ياشنايدۇ .

**«قەلب گۈنچىلىرى»**

دېگىز دولقۇنلىرى ھەرقانچە دەھشەت بولسىمۇ ، كاراپ ھەرگىزمۇ كېيىنكە يانمايدۇ .

**«تۇرمۇش ۋە مۇھەببەت»**

ئېستېتىك قىممىتى تۆۋەن بۇيۇملار كاساتلىقتىن تاشقىرى ئېغىر مۇھىت بۇلغىنىش پەيدا قىلىدۇ .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

جەمئىيەتنىڭ جۇغراپىيىلىك ، ئېكولوگىيىلىك ، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مۇھىتى جەمئىيەتنىڭ تىنچ ، خاتىرجەم ، جۇشقۇن ، ئاسايىشلىق ، ئەركىن ۋە دېموكراتىك مۇھىتى ، مۇھىت گۈزەللىكىنىڭ ئاساسىي يىلتىزىدىن ئىبارەت .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

تۇرمۇش — ئىجتىمائىي ئىنساننىڭ تىرىكچىلىك سىستېمىسىدىن ئىبارەت .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

تۇرمۇش — ئىجتىمائىي ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي مۇھىت تۈزۈلمىسى ، ماددىي ۋە مەنىۋى پائالىيەت رىتىملىرى ، ئۈمىد ۋە ئارمان تىنىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنسانىي دۇنياسىدىن ئىبارەت .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

تۇرمۇش گۈزەللىكى — تۇرمۇش تارىخىنىڭ جۇغلانمىسى، تۇرمۇش ئىنتىلىشىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدىن ئىبارەت.

«قاناتلانغان ئېستېتىكا»

تۇرمۇش گۈزەللىكى ئىنسانىيەتنىڭ غايە ئۈمىدى، رېئال ھاياتنىڭ ئۆلچەملىك تەركىبى، مەنىۋى جاسارىتىنىڭ ئىلھامچىسى، ئىنسان ئەۋلادلىرىنى تەربىيلەشنىڭ ئەڭ ئەقىللىق مۇۋاپىق مەكتىپى.

«قاناتلانغان ئېستېتىكا»

تۇرمۇش گۈزەللىكى ئۈچۈن كۈرەش — بەخت ئۈچۈن كۈرەش بولۇپ، گۈزەللىك تەربىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي مەقسەتدارلىقىدىكى ئەڭ تۈپكى نىشانىدىن ئىبارەت.

«قاناتلانغان ئېستېتىكا»

تۇرمۇش گۈزەللىكى تېگى تەكتىدىن ئالغاندا، ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادەت بىلەن ئىجتىمائىي مەنىۋى كامالەتنىڭ ئۈستىدە ئېچىلىدىغان چېچەك.

«قاناتلانغان ئېستېتىكا»

جەمئىيەت بەختسىز بولىدىكەن، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەنىۋى كامالىتى تولىمۇ تۆۋەن، ھەتتا نادانلىق ئىلكىدە بولىدىكەن، شەخسىي ھويلا ـ ئارام، ئۆي ـ ئائىلىنى گۈزەل قىلىش بىلەنلا تۇرمۇش گۈزەللىكىدىن بەھرىمەن بولغىلى بولمايدۇ.

«قاناتلانغان ئېستېتىكا»

بەخت ــــ بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي گۈزەل تۇرمۇشتىن ئىبارەت .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

بەخت ــــ ئىجتىمائىي كاتېگورىيە بولۇپ ، شەخسنىڭ قىسمەن بەختى بىر مەزگىللىك ، بىقارار ۋە ئىشەنچلىك بولالمايدۇ . ھەقىقىي بەخت پۈتۈن جەمئىيەتتە بەرقارار تاپقان گۈزەل تۇرمۇشتىن ئىبارەت .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

كىشى دۇنياغا باي بولۇش ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى بەختلىك ياشاش ئۈچۈن كېلىدۇ . بۇنداق بەختلىك ياشاش تۇرمۇشنى ئەركىن شۇنداقلا ئەمگەكچى ئىنسانىنىڭ تەبىئىيتى ۋە زۆرۈرىيتى بويىچە گۈزەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ئىجتىمائىي بەخت ھەرقايسى ئائىلىلەر ۋە شەخسلەرنىڭ بەختىيار تۇرمۇشىنىڭ ھەقىقىي رېئال ئىجتىمائىي ئاساسى ۋە كاپالىتى .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ھەر بىر ئائىلە ۋە شەخسنىڭ ئۆز سۈپەتلىرى ، بەخت قارىشى ، مەنىۋى تۈزۈلمىسى ، مۇناسىۋەت گارمونىيىسىگە قاراپ ، ئۇلار بەختلىك ياكى بەختسىز بولۇشى مۇمكىن .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

پاراۋانلىق سەۋىيىسى بىلەن مەنىۋى سەۋىيىسى تاشقى



شارائىتنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئىچكى شارائىتنىڭ خۇنۇكلۇكى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تۇپەيلىدىن ؛ ئەخلاقىي پەزىلەت جەھەتتىكى قانائەتسىزلىك ، ئاچ كۆزلۈك ، ھاكاۋۇرلۇق ، ھەشەمەتخورلۇق ، ھەسەتخورلۇق ، ھەتتا قارا نىيەتلىكلەر تۇپەيلىدىن ئۆز بەختىنى دەپسەندە قىلغۇچىلار بولىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

تۇرمۇش دىئالېكتىكىسى ۋە ياشاش مەنتىقىسى يۈكسەكلىك بىلەن پەسكەشلىك ، نەپىسلىك بىلەن قوپاللىق ، دانالىق بىلەن نادانلىق ، تراگېدىيىلىك بىلەن كومېدىيىلىك ، گۈزەللىك ۋە خۇنۇكلۇك ، بەختلىك بىلەن بەختسىزلىكنى كىشىلىك جەمئىيەتتىن ئەبەدىي ئېلىپ تاشلىيالمايدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ئائىلە ئىچىدىكى گۈزەل ۋە كارمونىك مۇناسىۋەت ، بولۇپمۇ ئائىلە ئاساسى بولغان ئەر ـ خوتۇننىڭ خاتىرجەم ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىر ـ بىرىگە بولغان ھەقىقىي ئىشەنچىسى ، ئەخلاقىي باراۋەرلىكى ، گۈزەل مەپتۇنكارلىقى ئىجتىمائىي بەختىنىڭ ئائىلە ۋە شەخسىي تۇرمۇشتا بەر قارار تېپىشىنىڭ ئۇلى ھېسابلىنىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

مۇھەببەت ۋە روھىي مەمنۇنىيەت تەربىيىلەشنى ئائىلە بەختى ۋە ئائىلە ئىناقلىقىنىڭ ئاساسى قىلىشى لازىم .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

مېنىڭ شېئىرلىرىم مۇھەببەت ئىلاھىنىڭ شىكايەتنامىسى .

مېنىڭ شېئىرلىرىم ھاياتلىق سەپىرىدىكى بىر ئەۋلاد ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتەڭگە قالدۇرىدىغان قونالغۇ خاتىرىسى .

مېنىڭ شېئىرلىرىم بالدۇر يۇرۇپ كەتكەن ئاشىقنىڭ كەينىدىن كېلىدىغان مەشۇقىغا يوللىغان ئامانەتنامىسى .

«كاككۇكنامە»

قەبرىلەر داڭقالدەك ياتىدۇ رەتسىز ،
جەسەتلەر ئالەمگە كەلمىگەنسىمان .
ئاتەسىن ئاشىقلار ياتار سەزگۈسىز ،
ئىڭشىپمۇ قويمايدۇ ناتىق ، غەزەلخان .

«قەبرىگاھتىن قايتقاندا»

ئائىلە — تۇرمۇشنىڭ ھۆجەيرىسى ، ئىنسان بەختىنىڭ تۇپ قورغىنى .

ئائىلە — كىشىلەرنىڭ ئۆمۈر كۆلشىنى .

«قاتلاملىق كېستىتكا»

ئائىلىنى سۆيۈش تۇرمۇشنى سۆيۈش ، تۇرمۇشنى سۆيۈش ئائىلىنى سۆيۈشتۇر .

« قاتلاملىق كېستىتكا»

تۇرمۇشتىكى گۈزەللىك مەڭگۈلۈك بەختىنى ئاپىرىدە قىلىدۇ .

«گىزگۈ مالائىكە»

ھاياتنىڭ داۋاملىشىشى بىر شەخس ئۆچۈنمۇ ، بىر مىللەت ئۈچۈنمۇ بۈگۈنكى ۋە ئەتىكى زامان مۇھىتى ۋە زامان تەلىپىگە

قانداق ئۈيغۇنلىشىش بىلەن ھەل بولىدۇ . چۈنكى ئۆتمۈش خۇددى تۆكۈلگەن يوپۇرماق ياكى ئۆلگەن جەسەتتەك جانلىق ھاياتتىن مەھرۇم بولغان زامانىنىڭ نامىدىن باشقا نەرسە ئەمەس !

**«ئەنئەنىۋى ئاڭ گۇگۇمىدىكى ئۇيقۇ زامانىۋى ئاڭ سەھەرىدىكى ئويغىنىش»**

كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ بىر يىپى بولىدۇ . ئۇنىڭ بىر ئۇچى ئەرنىڭ قولىدا ، يەنە بىر ئۇچى ئايالنىڭ قولىدا بولىدۇ . ئەگەر ئۇ ئۈزۈلگەندە مۇھەببەت شامى ئۆچۈپ قالىدۇ .

**«گىزگۇ مالائىكە»**

سەنئەتكار خۇسۇسىي تۇرمۇشنى ياخشى يولغا قويۇشى كېرەك . ئېغىز بىلەن ئەمەلىيەت بىردەك بولۇشى ، ئەسەر بىلەن تۇرمۇش بىردەك بولۇشى سەنئەتچىنىڭ مەنىۋى كامالىتىنى كۆرسىتىدۇ . سۆزى شېرىن ، ئىش ـ ئەمەلىيىتى ئېتىقسىز ، ئەسەرلىرى گۈزەل ، تۇرمۇشى چاكىنا سەنئەتكارنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشقا تۇتۇش قىلىشىغا ئۈمىد باغلاش قىيىن .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

بورانلار ھۆۋلايدۇ ، مەن چوڭقۇر خىيالغا چۆكىمەن ،
بورانلار ھۆۋلايدۇ ، مەن تارام ـ تارام ياش تۆكىمەن ،
بورانلار ھۆۋلايدۇ ، مەن قاقاقلاپ كۈلىمەن .

**«كاككۇكنامە»**

شام ئۆز ھاياتىنى نۇرانە يىغىسى بىلەن ئاخىرلىتىدۇ . ئىپار كېيىكى بىباھا مۇشۇكى تۇپەيلى سەييات قولىدا بىگۇناھ



جان ئۈزىدۇ .

**«كاككۇكنامە»**

سائادەت گوياكى ئاتام كۆكسىدەك ،
تەلپۈنگەن ئوغلىغا كەڭ ئاچقان قۇچاق .
خۇشاللىق بەئەينى يار كۈلكىسىدەك ،
قوزغايدۇ سەنەمدە ئوتلۇق ئىشتىياق .

**«ئالتۇن تۇپراق»**

يول ــــ ماكان ! ماكانلار زەنجىرى ، ماكان سىكىلى ماكانلار-نىڭ زامان جەريانىدىكى ئاقما ـ راۋان ھالىتى . مەن ھەممە يېرى بىردەك ماكاننى كۆرمىدىم .

**«يول»**

ھەركىم ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدۇ .

**«كومىراجىۋا»**

تۇرمۇشنى ئالدىغىلى ، خەلقنى پۈتۈن بىر تارىخ جەريانىدا قايمۇقتۇرغىلى بولمايدۇ . قەيسەر ئىرادىلىك كىشىلەر ئۆز ئەجرى بىلەن ھەمىشە ياشناپ تۇرىۋېرىدۇ .

**«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»**

مېنىڭ سېنى سۆيۈشۈم ئەركىنلىكنىڭ ئىلتىپاتى .
مېنىڭ ئەركىنلىكىم مەۋجۇتلۇقۇمنىڭ غۇرۇرى .

**«مارجاننامە»**

باغۋەن ئۆزۈمنىڭ شېرىنلىكىدىن پەخىرلەنمەيدۇ ، ئۇنى تېتىغانلارنىڭ ماختاشلىرىدىن روھلىنىدۇ .

«مارجاننامە»

موھتاجلارنىڭ مۇرىسىدىن چىققان ئىسنىڭ يېرىمى يېقىلغۇ ، يېرىمى ئاھۇ پىراق .

كامىرانلارنىڭ ① تۇرخۇنىدىن چىققان تۈتەكنىڭ نىسپىي يىلتىز ، نىسپىي يوپۇرماق .

«مارجاننامە»

ئاچ كۆزلۈك ئەجدىھاسى بىلەن ھەسەتخورلۇق يالماۋۇزى ئىنسانىي ماجىرالار مەيدانىغا ئىتتىرىپ كېلىدۇ .

«مارجاننامە»

ھاياتنىڭ سىرلىرىنى بىلىش ئۈچۈن قىسمەت كەپتىرىنى ئۇچۇر . ئۆمۈرنىڭ قامۇسىغا مەنە ئېيتىش ئۈچۈن قېرىلىق راۋىقىغا چىققىن .

«مارجاننامە»

مەن ۋارقىراپ پەرياد كۆتۈرۈپ يىغلىمايمەن . چۈنكى مەندە ئالەم قايغۇلىرىغا ھەيرانلىق يوق . ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ناتونۇش ئەمەس .

---

① كامىرانلار — بەختىيار كىشىلەرنى ، يەنى يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ .



مەن مۇلايىم تەبەسسۇم بىلەن كۈلمەكنىڭ مەستانىسى ، ئەمما قەلبىم بىلەن كۆز چانىقىم ئاۋازسىز كۆز ياشلىرىنىڭ بۇلىقى .

«مارجاننامە»

دەرد ـ ئەلەم ، ئاچچىق كۆز ياشلار ئالەم يۈزىنى يېڭىلايدۇ .

«مارجاننامە»

بورانلار ـــ مەجنۇن تەبىئەتنىڭ مەسخىرە پوپوزىسى . ئۇنىڭ ھۇۋۇلاشلىرىنىڭ ئەۋجىدىن ئەجدىھا سۇرەتلىك جۇدۇن دېۋىسىنىڭ ئۆلۈم نوپۇزىنى سىزىمەن .

«كاككۇكنامە»

مۇسىبەتتىن ئىبارەت ئادەم قەلبىدىكى ھېسسىيات يالقۇنى ئۆزىنىڭ نۇرانە غۇنچىسىنى ھەمىشە ئۆزىگە ناتونۇش نەرسە ئۈستىدىلا ئېچىلدۇرىدۇ . ئۇ ئالەمنىڭ ھەمىشە تەكرارلىنىدىغان ۋە پەقەت ناتونۇش مەشۇقىغا ئاتالغان لىرىكىسى .

ئۇ ئادەمنىڭ بارلىق ئەركىن ئارزۇلىرىنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق بىرىنچى ھوقۇقى .

«مارجاننامە»

ۋاقىت ـــ يېتىلىش دېمەكتۇر !ۋاقىت ـ سائىتى پىشقان نەرسىنىڭ مۆجىزە يارىتىشى ۋاقىتنىڭ يېتىلگەنلىكىنىڭ دەلىلى . مۇشكۇل ، ئازابلىق ۋە بىتاقەت ، خورلۇق ئىچىدە يېتىلگەن مىقدار ئۆزگىرىشلىرىدىن كېيىن خۇددى تۇخۇمدىن چۈجىنىڭ ، پورەكتىن گۈلنىڭ ، شەرقتىن كۈننىڭ چىقىشىدەك ئۇلۇغ يارىلىش

ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ .

«ۋاقىت ، ساڭا ئالدانمايدۇ»

ئۆزۈم ئۈچۈن كۆز ياش ئاققۇزۇشتىن تارتىنىمەن . مەندە مۇنداق كۆز ياشلار يوق !

پەقەت سەن ئۈچۈن يىغلايمەن ... سەن ئۈچۈنلا...

«مارجاننامە»

ئادەم ئەجدادىنى بىلگەندىلا ئۆزىنى بىلىشنىڭ بوسۇغىسىغا دەسسەيدۇ . ئەسلىدە «سائادەتنىڭ ئىشىكى يوق ، ئىنسان ئۇنى ئۆزى كەلتۈرىدۇ . »

«كومىراجىۋلە»

ئىستايىدىللىق — ئۆلمەسلىكنىڭ يولى ، يەڭگىلتەكلىك ھالاكەتنىڭ يولىدۇر .

«كومىراجىۋلە»

چاقماق سادا سالغاندا ،
دومباق ئۈنى ئاڭلانماس .
زىلال قاشتاش ئالدىدا ،
پۇچۇق تۆمۈر ئەرزىمەس .

«كومىراجىۋلە»

يوقلۇق ئالدىدا ، خۇددى ھەممىنى ھالاك قىلغۇچى ئوتنىڭ ئالدىدا ھالاك بولغۇچى ھەممە نەرسىلەر مەۋجۇت بولالماسلىقتا پەرقسىز ـ باراۋەر بولغىنىدەك ، گادايلىق بىلەن بايلىقمۇ ، ئازاب





بىلەن خۇشاللىقمۇ ، ئىلەمچىلىك بىلەن ساخاۋەتمۇ بابباراۋەردۇر .

گادايىنىڭمۇ قانائىتى ۋە راھەت تۇيغۇسى ، بايىنىڭمۇ ئاچ كۆزلۈكى ۋە ئازاب تۇيغۇسى بولىدۇ . ئازاب بىلەن خۇشاللىقمۇ مۇتلەق ئەمەس .

ئىلەمچىلىك — ساخاۋەت قىلىشنى خۇشاللىق بىلگۈچىلەرنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرىدىغان بىر پىداكارلىق ۋە خۇشاللىق ؛ ساخاۋەتمۇ خەير ـ ئېھسان قىلغۇچىلارنىڭ تاپاۋەت ۋە تىرىكچىلىك يولىدىكى ئۆز ـ ئۆزىنى پاكلاش ھەرىكىتىدۇر .

**«كومىراجىۋا»**

ئىنسانىيەت ئۆزى ياراتقان ئاجايىپ سۈرەتخانىغا كىرىپ قالدى . ئۇ رەسىملەرنىڭ تىرىلىپ ، ھەيكەللەرنىڭ جانلىنىپ ئۆزىگە قارشى چىقىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈپ ، ۋەھىمىلىك چۈش ، شۈبھىلىك مۇھاكىمىگە سولىنىپ قالدى .

**«تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»**

ئۇزاق بويتاقلىق ئىنسان ئۈچۈن ئېغىر ئازاب .

**«كومىراجىۋا»**

سەن قېرىمايسەن ، پەقەت مېنىڭ كۆزۈمنىڭ سېنى كۆرۈش قۇۋۋىتى قېرىغاندۇ .

**«تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»**

سەن قۇلاققا پۇتۇنلەي ئىشىنىپ كەتمە ، كۆزنىڭ ئەھمىيىتىنى بىۋاستە يوققا چىقارما . كۆزنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغان

قۇلاق خەتەرلىك شاھىد .

**«تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»**

مەغرۇر شاھ غەلىبىنىڭ ھارپىسىدا دارغا ئېسىلىدۇ .
مەغرۇر يىگىت توي ئالدىدا ھاياتىدىن مەھرۇم بولىدۇ .

**«تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»**

كەپ سېپىنىڭ ئامەتلىرىگدە ئەمەس ، بەلكى ئۆلگەندىن كېيىنكى بەختىگدە !

**«تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»**

ھەقىقىي غالىب ، ئۆز دۈشمىنىنى يەڭگەن كىشى بولماستىن ، بەلكى ئۇ دۈشمىنىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن ساۋاق ئالالىغان كىشىدۇر .

**«تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»**

بىر دەقىقە ئاراملىق ھەممىدىن ئەۋزەل .

**«كومىراجىۋا»**

مەي ـــ غەمنى تازىلايدۇ .

**«كومىراجىۋا»**

ئادىمى دىگەن كېسەل بولىدۇ ، ئەملىنىدۇ ، ساقىيىدۇ .

**«كۇمىراجىۋا»**

جاھان سەيلانىدا يۈرسەم جاھان بىر ھېس ـ دىگىنىز گويا ،
ئۈنىڭ قايغۇ ، خاۋاتىر ، شاد ۋە ناز خۇلقىدا مىڭ مەنە .

پەلەكتىن تارقىغان نۇردىن شىپا تاپىدۇ يەر رەنجى ،
بىراق ، شادلىقتا نە قىممەت ئاڭا دەرد بولمىسا ھەمراھ؟ !

«رۇبائىيات»

ئالىم — ئازاب دېڭىزى ، ئۆمۈر — جاپا چەرخىدۇر .

«ۋاپا»

دۇنيا ئەسلىدىنلا بىۋاپا ، مەيلى ئۇ ئوردا ياكى زىندان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، زامان تەلىماتلىرىنىڭ ھېچقايسىسى بۇ ھۆكۈمدىن مۇتلەق بولالمىغان .

«بىۋاپا»

يول — ماكان ، يول يۈرمەك زامان سۈپەتلىك جەريان !

يول — ئوربېتا بويلىغان يۇلتۇزلار ئۈچۈنمۇ ، زەرەت چەمبىرى ھاسىل قىلغان زەررىچىلەر ئۈچۈنمۇ ، تۇرمۇش سەپىرى ۋە ئۆمۈر كارۋىنى ئۈچۈنمۇ مەۋجۇت نەرسە .

«يول»

يول — زامان ! ئۇ زامان ھالقىسى ، زامانلار ئېقىمى ، زامانلارنىڭ ماكان بوشلۇقىدىكى مېلودىك ئىلگىرىلىشى . مەن ھەمىشە بىر خىل ، بىر سىزىقتا كەتكەن ، رىتىملىق كېسىلمىلەرسىز ، ئىزچىل كەتكەن ، تۇتاش زاماننى تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم .

«يول»

ۋەھدەتتىن تاشقىرى ھېچ نەرسە يوق . بىر بولمىغاندا تۈمەن

بولمىغان بولاتتى . بارلىق بولمىغان بولسا ، يوقلۇق ھەققىدە ئې- غىز ئاچقىلى بولمايتتى . دېمەك ، يوقلۇق — بارلىقنىڭ كۆز ئالدىڭدا يوقلۇقى ، ھىجران - ۋىسالنىڭ شۇ دەقىقىدە يوقلۇقى ، ئاچلىق - توقلۇقنىڭ شۇ چاغدا يوقلۇقى ، خەستىلىك - سالا- مەتلىكنىڭ تەندە يوقلۇقىدۇر .

«گۆھەرگە دەسسەپ تۇرغان كور ئادەم»

ھەممە تەقەززالىرىڭ تەقەززا قىلغۇچى خاسىيەتلىرى بىلەن تەقەززا بولغۇچىنىڭ يېنىدا .

«گۆھەرگە دەسسەپ تۇرغان كور ئادەم»

تارماق ئېقىنلاردىن دەريالار ، دەريا - دېڭىزلاردىن زېمىن سەتھىنى قورشاپ ياتقان بەھەيۋەت ئوكيانلار ھاسىل بولغاندەك ، ھاياتلىقمۇ سەبىيلىكتىن ئاستا - ئاستا چوڭىيىپ قېرىپ بارىدۇ . بۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان مۇقەررەرلىك .

«ئۇلۇغ قانال»

باھارنىڭ زىننىتى بوستان ، لاچىنىنىڭ پەخرى پەرۋازدا ،
يىغاندا كۆز يېشى تۆككەن كۆزلۈك شادلىقتا ، خۇش نازدا .
ئەمەس بىر خىل پەسىل - دەۋران ، زىمىستان ھەم باھار باشقا ،
نە شۆھرەت سايرىسا بۇلبۇل قىش - ياز بىرلا ئاۋازدا .

«رۇبائىيات»

«ئۆزلۈك» ئەينىكىدە ئاتقا مىنگەن كىشى ئۆلمەس چەۋەندازدۇر . ئات ئۇنىڭ تېنى ۋە تۇرمۇش پائالىيىتى . بۇ پائالىيەت ئۇنىڭ تۇرمۇش



فىزىئولوگىيىسى، پسىخولوگىيىلىك پىكىر تۇيغۇلىرى، تۇرمۇش مەشغۇلاتى بولۇپ، بىر قاراشتا ئۇ پېرسونالنىڭ① بارلىقى. ئات بىلەن ئات مىنگۈچى ئارىسىدا بىر چاك مەۋجۇتكى، ئۇلارمۇ ئالەمنىڭ «ئىككىگە پارچىلىنىش قانۇنى» نىڭ ئىلكىدە. ئادەم قېرىپ خۇددى ئاتتەك ھالسىرايدۇ. بۇ دەل ئات مىنگەن كىشىنىڭ پېشقان، ئاتنى ئۆز ماھارەتلىرىگە كۆندۈرگەن ۋە كامالەت مۇقامىنىڭ بوسۇغىسىغا يېقىنلاشقان چېغى سادىر بولىدىغان «ھىجران» دۇر. مانا بۇ ئات سۈپىتىدىكى ئىنساننىڭ ئۆمرى دېگەن سۆز.

**«ئات بىلەن ئات مىنگەن كىشى»**

ئىككى يۈرەك قىسمىتىنىڭ ئۆلى، ئىككى يۈرەكتىن قىسسە باشلىنىدۇ.

**«كاككۇكنامە»**

ئىنسان ئۈچۈن پەلەكنىڭ ئۆزى ھۆرلۈك.

**«كاككۇكنامە»**

تىكەنسىز سېرىق چېچەكنىڭ مەپتۇن قىلارلىق خۇش پۇرىقى يوق.

**«كاككۇكنامە»**

خۇشاللىقلىرىڭدىن قايغۇ شارابى ئىچىپتىما، مەستلىك قۇيۇنى مەيخانەڭنى ۋەيران قىلىدۇ.

**«كاككۇكنامە»**

---

① پېرسونال — شەخسىلىك، دېگەن مەنىدە.



## 6 ـ باب

# سەنئەت ۋە سەنئەتكار

ـ ※ ـ

سەنئەت ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بەدىئىي خەزىنىسى ، رېئال تۇرمۇشنىڭ سەنئەتچى سۇبيېكتى ئارقىلىق كەۋدىلەندۈ-رۈلگەن ئېستېتىك ئىپادىسى .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

سەنئەت ئەسەرلىرى — سەنئەتنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلى ، بەدىئىي ئىجادىيەت ۋە بەدىئىي ئېكولوگىيىنىڭ ماددىيلاشقان كۆرۈنۈشى .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

سەنئەت ئىجادىيىتى — سەنئەتچى ئېستېتىك پائالىيىتى-نىڭ ھوسۇلدار جەريانى ۋە كرىستالى .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

سەنئەت — مەدەنىيەتنىڭ بىر قىسمى .

**«كۇمۇر تەلقىنى»**

سەنئەتكار ئىنسانىيەتنىڭ ئاڭلىق بىر قىسمى ، ئىنساننى ئىنسانغا تۇتاشتۇرغۇچى ، ئىنساننى ئىنسانغا قايتۇرغۇچى ئىنسان .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

سەنئەتكار — ئىنسان قەلبىنىڭ ئىنژېنېرى ، ئىنسان قەلبىنىڭ دوختۇرى ، ئىنسان قەلبىنىڭ ئىزھارچىسى .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

سەنئەتكار — ئىنسانىيەت تەقدىرىنىڭ شاھىدى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئىنسانىي قىممىتىنىڭ پىداكار ھامىيسى .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

سەنئەتكار — خەلقنىڭ تەربىيەچىسى ، دەۋر ۋىجدانىنىڭ قايناق بۇلىقى . ئىنسانىي تەپەككۇرنىڭ مۇقەددەس تۇغچىسى ، تارىخنىڭ ئىلھامچىسى .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

سەنئەتكار — ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ ئەينىكى ، روھىيەت پەيلاسوپى ، چىنلىق ـ ياخشىلىق ـ گۈزەللىكنىڭ باغۋىنى ۋە ئېپتىخارى .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

سەنئەتكار — مىللىي مەدەنىيەتنىڭ غورۇرى ، سەنئەتسىز مىللەت ، سەنئەتكارسىز مىللەت ، سەنئىتى ئۆز قىممىتىنى ، سەنئەتچىسى ئۆز لاياقىتىنى تاپالمىغان مىللەت . سەنئەتتە ئاداشقان ، سەنئەتچىلىرى ئاداشقان مىللەت ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنى يوقاتقان ، پالاكەت ۋە ئاپەتكە قۇربان بېرىشكە يۈزلەنگەن مىللەتتىن ئىبارەت .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

«سەنئەتكار» ئېستېتىك كاتېگورىيە سۈپىتىدە تارىخىي ھا-دىسە ھېسابلىنىدۇ.

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

پېرىخون — دەسلەپكى سەنئەتكار بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي ئېتىقادقا كاھىن، قامان، ئوخشاشلا ئىپتىدائىي سەنئەتتە جامائە سەنئەتكار بولغانىدى.

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

سەنئەتكار — ئۆز دەۋرىنىڭ پەرزەنتى، ئۆز دەۋرىنىڭ پائال شاھىدى.

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

سەنئەتكار — ئۆز دەۋرى بىلەن چەكلەنمەيدۇ. ئۇ ئۆز دەۋ-رىگىمۇ، كەلگۈسى مىڭ يىللارغىمۇ تەۋە. شۇڭلاقتىمۇ ئۇ ئالدى بىلەن ئۆز دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇشى لازىم.

«غەربىي دىيار تاش كېمىر سەنئىتى»

•

ئۆز دەۋرىدىن، ئۆز دەۋرىدىكى خەلق ھاياتىنىڭ تۈپ تېما-تىكىسىدىن چەتنىگەن، خەلقنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتى، شادلىقى ۋە ئۈمىدىگە سوكۇت قىلىپ تۇرغان، خەلق دۈشمەنلىرىگە پايپېتەك بولغان كىشى ھەقىقىي مەنىدە سەنئەتكار بولالمايدۇ.

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

سەنئەتكار — خەلقنىڭ پەرزەنتى، خەلق پىكرىنى بايان قىلغۇچى.

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»



سەنئەتكارنى خەلق يارىتىدۇ . سەنئەتكارنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇنىڭ ئۆز خەلقىگە بولغان مۇناسىۋەت نورمىلىرى بىلەن ئۆلچىنىدۇ . سەنئەتكارنىڭ ھاياتى خەلقنىڭ ھاياتى ، خەلقنىڭ مەنىۋى ۋە تارىخىي ھاياتى . سەنئەتكار خەلقنىڭ تەقدىرىنى كۆزەتكۈچى ، ئۇنى چۈرىدەپ ، ئۇنى ئىپادىلىگۈچى .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

سەنئەتچىدە ئەقىل ، ۋىجدان ۋە جاسارەت بولمىقى لازىم .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

سەنئەتكارنىڭ يۈرىكى ھەر ۋاقىت ئاۋام خەلق ئۈچۈن سوقۇپ تۇرۇشى زۆرۈر .

**«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»**

سەنئەتكارنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە بەدىئىي ئەسەرلىرى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ۋە ئۆزىگە خاس ئىپادىلەش شەكلى ۋە ئۇسلۇبىغا ئىگە . شۇ سەۋەبتىن نوقۇل ھالدا ، يەككىلىتەكلىك بىلەن ئۇلار ئۈستىدە ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ . بولۇپمۇ ئاتاقلىق سەنئەتكارلارغا قارىتا كۆپ تەرەپلىمە ، ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل يۈرگۈزۈپ ، ئۇنىڭ شەخسەن ئىجتىمائىي ئورنى ، تەسىرى ، خاراكتېر ۋە خۇسۇسىيەتلىرىگە توغرا باھا بېرىشكە توغرا كېلىدۇ .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**





سەنئەتكارنى سۆيۈش مىللىي مەدەنىيەتنى قوغدىغانلىقتۇر .

«غەربىي دىيار تاش كېمىر سەنئىتى»

سەنئەت ئەسەرلىرى ــــ سەنئەتچىنىڭ روھىيەت كرىستالى ، ئۆز ـ ئۆزىگە قىلغان مونولوگى ، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قاراتقان خىتابى . سەنئەتچى تۇرمۇش ۋە روھىيەتتە گارمونىيە ۋە تەرتىپ ئورناتقۇچى مۇتەپەككۇر .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

سەنئەتكار ــــ سەنئەت گۈزەللىكىنى ياراتقۇچى ۋە ئۇنى گەۋدىلەندۈرگۈچى .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ھاياتىي كۈچى ، سەنئەت گۈزەللىكىنىڭ جېنى ئىنساننى مەركەز قىلغان رېئاللىقنى جانلىق ، ماھىيەتلىك ، ھەقىقىي ، گۈزەل ، تەسىرلىك ۋە ئۈنۈملۈك گەۋدىلەندۈرۈشتە . گۈزەللىك قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسلىنىپ ، بەدىئىي ئىجادىيەت ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئىنسان ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇش گۈزەللىكىنى قايتا ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە گەۋدىلەندۈرۈش سەنئەت گۈزەللىكىنىڭ ئاساسىي خىزمىتى ھېسابلىنىدۇ . ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل كەلگۈسىگە ئىنتىلىشلىرىنىڭ مۇھىم ئىلھاملاندۇرغۇچىسى ۋە دوستى .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

سەنئەتكارنىڭ تارىخىي ئورنى ، ئىجتىمائىي قىممىتى ۋە مەنىۋى تەسىرى ئۇنىڭ مەنىۋى سۈپەتلىرى ئاساسىدا مەيدانغا

كېلىدۇ .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

ھەقىقىي سەنئەتكار ئالىي دەرىجىدىكى مەنىۋى بالداقتا ، كامالەتكە ۋەكىللىك قىلىشى ، ھەرگىزمۇ ئۆز قەلبىنى ، پىكىر يولىنى تۆۋەن ، تار ، قاراڭغۇ ۋە چىرىكلەشكەن قىلىپ قويماسلىقى لازىم .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

ئالىيجاناب قەلب مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىدىغان ئەقلىي ئىقتىدار ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ . مۇنداق مۇستەقىل تەپەككۇر قۇدرىتى سەنئەتكارنى ئۆزلۈكسىز رېئال تۇرمۇش جەريانىدا ھەقىقىي قەلب ئىگىسى بولۇشقا ئېلىپ كېلىدۇ . بۇ سەنئەتكارنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك مەنىۋى شەرتى . مەنىۋى كامالەت شەرتى .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

ئەسەر — سەنئەتكارنىڭ ئىجادىيەت كرىستالى سۈپىتىدە ئۇنىڭ مەنىۋى كامالىتى تەرىپىدىن تىزگىنلىنىدىغان بولىدۇ . سەنئەتكار ئۇچۇن ئۆزىنى دۇنياقاراش جەھەتتە يۇكسەلدۈرۈش ئەڭ ئالدىرايدىغان تۈنجى سالاھىيەت .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

سەنئەتكار ئۈچۈن تۇرمۇشنى بىلىش — تۇرمۇشنىڭ مىللىي تۈزۈلمىسى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى ، تۇرمۇشنىڭ ماھىيەت ۋە ھادىسىلىرىنى ، تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيەت ۋە تاسادىپىيلىرىنى ، تۇر-

مۇش ھەقىقىتىنى ، تۇرمۇشتىكى كىشىلەر قىياپىتىنى ۋە خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىش دېگەن سۆز .

«گومۇمىي گېستېتىكا»

تۇرمۇش ئۇنى بىلىدىغان سەنئەتكارغا موھتاج . تۇرمۇشنى بىلىش تاپقۇر سەزگۈ ، تەسىراتچان ئىدراك ، پەرق ئېتىش ۋە تەپەككۇرغا ماھىر مېڭە ، ئىزگۈ ۋە ئادالەتپەرۋەر قەلبنى تەلەپ قىلىدۇ .

«گومۇمىي گېستېتىكا»

سەنئەت — «ئىنسانشۇناسلىق» تۇر .

سەنئەت — جەمئىيەتشۇناسلىق ، دىن ، ئەخلاق ، قانۇن ، تېبابەت ، مالىيە ، نوپۇس ئىلمى ۋە تارىخ پەنلىرى نۇقتىسىدىن ئەمەس ، شۇنىڭدەك ، ۋەقەچىلىك نۇقتىسىدىنلا ئەمەس ، بەلكى ھېسسىيات چىنلىقى نۇقتىسىدىن ئىنسان تۇرمۇشىنى ئوبرازلاشتۇرىدۇ .

«قاتلاملىق گېستېتىكا»

سەنئەت — قەلب چوڭقۇرلىرىدىن قاتتۇرۇلغان ئىنساننىڭ ھەيكىلىدىن ئىبارەت .

«قاتلاملىق گېستېتىكا»

سەنئەت ھېسسىيات ئىپادىلەش ، ھېسسىيات ئارقىلىق تۇرمۇش ۋە تەپەككۇرنى ئىپادىلەشنىڭ ماجازى ۋاستىسىدۇر . ھېسسىياتسىز سەنئەتنى ، سەنئەت گۈزەللىكىنى ، سەنئەتكارنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس .

«قاتلاملىق گېستېتىكا»



سەنئەتكارنىڭ ھېسسىياتچانلىقى بەدىئىي ئەسەرنىڭ ھېسسىياتچانلىقىغا ئايلىنىدۇ . سەنئەتنىڭ ھېسسىياتچانلىقى سەنئەتكارنىڭ ھېسسىياتچانلىقىدىن تۇيۇنغان بولىدۇ . بۇ خۇددى بىر سېھىرلىك ئوقيا ئوقىدەك كىتابخان ۋە تاماشىبىنلارنىڭ قەلبىدە يېڭى ئويغىنىش ۋە مەنىۋى لەززەت پەيدا قىلىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

سەنئەتكار ۋەتەنگە ، خەلققە سادىق بولۇشى لازىم .
سەنئەتكار ئۆزىنى تونۇشنى بىلىشى ، ئۆزىنى تونۇپ ، ئۆز قەدرىنى ئۆزى ھۆرمەتلىشى لازىم .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

سەنئەتكار خەلق ئاممىسى مەنىۋى ھاياتىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرى ، كىشىلىك مۇتەپەككۇرى .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

سەنئەتكار ئۆزى ياراتقان سەنئەت ئابىدىلىرى ئىچىدە ئۆزىنىڭ قىممىتىنى تاپالايدۇ .

«غەربىي يۇرت تاش كېمىر سەنئىتى»

سەنئەتكارنىڭ ھېسسىياتچانلىقى سېزىش تېزلىكى ، ھېس قىلىش كۈچى ، تەسەۋۋۇر بايلىقى بىلەن ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ماھارىتىدىن ئىبارەت بىرقانچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

بەدىئىي ئىجادىيەت پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى تەرەققىيات ،

بىلىش تەرەققىياتى دەرىجىسىدىن ، دەۋر روھى سەۋىيىسىدىن ئايرىلمايدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

بىر مىللەتنىڭ سەنئىتىنى چۈشىنىش شۇ مىللەتنى چۈشەنىش دېگەن گەپ .

«ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»

ئۆتكۈر سىنىپىي كۈرەش مۇھىتى سەنئەتكارنى سىنىپىي رېئاللىققا نىسبەتەن پوزىتسىيە بىلدۈرۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ . ئۇ ياكى ئۇچۇق ، ياكى يوشۇرۇن ، ياكى توغرىدىن توغرا ، ياكى ئەگىتمە ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىنىپىي مۇھەببىتى ۋە نەپرىتىنى ، سىنىپىي مايىللىقىنى ئىپادىلەيدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

سەنئەتچى رېئال ۋە ئۆز ئىدىيىۋى ھېسسىياتلىرى ئارقىلىق بەدىئىي ئەسەر يارىتىپ ، كىتابخان ئالدىدا تۇرمۇشنىڭ كارتىنىلىق ئوبرازىنى قويىدۇ . كىتابخان رېئال تۇرمۇشتا ياشاۋاتقان ، ئۆز مېگىسىدە ئىدىيىۋى ھېسسىياتقا باي تەسەۋۋۇر ۋە پىكىر يۈرگۈزۈپ تۇرغان جانلىق كىشىدىن ئىبارەت .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

بەدىئىي زوق بەدىئىي ئەسەرگە قارىتىلغان ئېستېتىك بىلىش پائالىيىتى بولۇپ ، ئۇ ھەم ئەقلىي ھۆكۈملۈك ، ھەم ھېسسىياتچان پوزىتسىيىلىك خاراكتېرغا ئىگە .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»



بەدىئىي ئەسەر پەقەت زوقلىنىش ئارقىلىقلا «تۇرمۇش دەرسلىكى» گە كۆتۈرۈلىدۇ . ئۇ ھېسسىياتنى ئويغىتىشتىن خاراكتېرنى يېتىلاشقا ، بەدىئىي ئەسەردىكى «تۇرمۇش»تىن گۈزەل كىشىلىك قارىشىغا ، ئېستېتىك قىزىقىشتىن ئىجتىمائىي غايىگە قاراپ ئۆز تەسىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

قەلب گۈزەللىكى ، خاراكتېر گۈزەللىكى — بىلىم ، ئىقتىدار گۈزەللىكىدىن ئايرىلمايدۇ . بىلىم ، ئىقتىدار گۈزەللىكىمۇ ئىلىم- پەن گۈزەللىكىدىن ئايرىلمايدۇ .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

بىر كىشىدە بىلىم بولمايمۇ ئەخلاقى يامان بولۇشى ناتايىن . ئەمما يۇقىرى دەرىجىلىك گۈزەل ئەخلاق قاتلىمىغا بىلىم «مەبلەغ» ۋە بىلىم «ماتېرىيالى» نىڭ كۆرسىتىدىغان تەسىرى كۆپ بولىدۇ .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

بىر كىشىدە ئەخلاق ۋە بىلىم ئىقتىدارى بىر گەۋدە بولۇشىمۇ ، بولماسلىقىمۇ مۇمكىن .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

بىلىم — ئىقتىدار گۈزەللىكى ئىجادىيەت ئىقتىدارى سۈپىتىدە ئىلىم- پەن گۈزەللىكىدىن — بىلىش ۋە بىلىم سىستېمىسى گۈزەللىكىدىن ئايرىلمايدۇ .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

ئەقىل باشقا نەرسە ، بىلىممۇ باشقا بىر نەرسە .

«فارابى ۋە گۈزەللىك پەلسەپە سىستېمىسى»

بىلىم گۈزەللىكى — ھەقىقەت گۈزەللىكىدىن ئىبارەت .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ئىلىم - پەن مەيلى ئىزدىنىش روھى جەھەتتىن بولسۇن ، مەيلى كەشپىيات جەھەتتىن بولسۇن ، مەيلى فورمىلا ، ئۆلچەم ، قەلب جەھەتتىن بولسۇن گۈزەللىك سۈپەتلىرىدىن خالىي يۈز بەرمەيدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ئىلىم - پەننىڭ ھەر بىر غەلىبىسى نەزەرىيىنىڭ غەلىبىسى ، گۈزەللىكنىڭ تەنتەنىسىدىن ئىبارەت .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

سەن ئەۋلادلىرىڭغا پۇل - مال ، دۇنيا توغرىسىدا گەپ قىلما ، پەقەت بىلىم توغرىسىدا ئۇزاق سۆزلە .

«فارابى ۋە گۈزەللىك پەلسەپە سىستېمىسى»

بىلىمى بولماسلىق ئانچە ئەيىب ئىش ئەمەس ، بىلىمى تۇرۇپ ئۇنى ئىشلەتمەسلىك بىر چوڭ گۇناھتۇر .

«گىزگۇ مالائىكە»

بىلىم - ئىقتىدار ھەقىقەتەن ئىنساننىڭ ئەڭ يۇقىرى مەل-



لىكىسى ، ئىنسان بەخت ـ سائادىتىنىڭ ئاچقۇچى .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

بىر بىلىم ـ ئىقتىدارلىق ئادەم بىلەن بىلىم ـ ئىقتىدارسىز ئادەمنى سېلىشتۇرساقلا ، ئۇلارنىڭ ئىنسانىي قىممەت پائالىيىتىدە پەرقلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

بىلىم ـ ئىقتىدار گۈزەللىكى سولاشماس چېچەك ۋە تۆكۈلمەس گۈل . ئۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەجىر قىلىشنىڭ ، ئۆز ۋاقتىنى ئۆزىنىڭ ، «ئەقىل بۇلىقى»نى ئېچىشقا ، ئۆزىگە «مەبلەغ سېلىش»قا سەرپ قىلىشنىڭ مۇكاپاتى سۈپىتىدە پورەكلەيدۇ .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

ئۆز ئەۋلادىنى ، مىللەت ۋە خەلقىنى ، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى گۈزەللىك ئۆلچىمى ۋە تەلەپلىرى بويىچە تەربىيىلەش مائارىپنىڭ ئەڭ چوڭ خىزمىتى .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

شىنجاڭ تاش كېمىر سەنئىتى پۈتكۈل بۇددا سەنئىتى تارىخىدا ، بولۇپمۇ پۈتكۈل رەڭدار تام رەسىملىرى (پاننورىما) تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان . ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ تەسۋىرىي سەنئەت تارىخىدىكى ئۆزىگە خاس ئورىگىناللىق ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ، ئۆزىگە خاس سىستېما ھاسىل قىلغان بەدىئىي مۆجىزە .

**«كۇسەن رەسساملىرىدىكى ئېستېتىك ئالەم»**



سەنئەت — ئىنسانىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ، ئۆز تۇرمۇشى ۋە روھىيىتىنى قايتا ئوبرازلاشتۇرۇش سەمەرىسى بولۇپ ، ئۇ ئىنسانىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ، ئىنسان روھىيىتىنىڭ تارىخىي راۋاجى ۋە تارىخىي ھالىتىدىن مۇستەسنا بولغان ئەمەس . ھەقىقىي مەنىدە ، سەنئەت تارىخى — ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش تارىخى ، روھىي مەدەنىيەت تارىخىدىن باشقا نەرسە بولغان ئەمەس .

**«كۇسەن رەسساملىرىدىكى ئېستېتىك ئاڭ»**

ھېسسىيات — سەنئەتنىڭ هارارىتى ، كۈچى ۋە چاقمىقىدىن ئىبارەت .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

سەنئەتكار — بەدىئىي ئەسەرنى ياراتقۇچى ، بەدىئىي ئىجادىيەت سۇبيېكتى .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**



## 7 ـ باب

# مەدەنىيەت ، تارىخ ، جەمئىيەت

— ※ —

ئۆز تارىخىنى بىلىش كېرەك ، ئۇنداق بولمىغاندا ۋىجدانىي جازادىن قۇتۇلالمايمىز .

**«غەربىي دىيار تاش كېمىر سەنئىتى»**

پىرىخونلار ــ ھازىرقى زامان چۈشەنچىسى بىلەن ئېيتقاندا قەدىمىي مەدەنىيەتنىڭ نامايەندىلىرى ، بىلىم ۋە دۇنيا قاراشنىڭ پېشۋالىرى ، جامائەت يېتەكچىلىرى سۈپىتىدە ئىنسانىيەتنىڭ مۇقەددەس ھېسسىياتى ۋە مۇقەددەس ئېتىقادى ، ئۆزىنى بايقاش ۋە ئۆزىنى ئىپادىلەشنىڭ ماھىرلىرى ئىدى .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

سەنئەتكارنى تارىخ يارىتىدۇ . ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئەقلىي سەۋىيىسى ، ھېسسىياتى ۋە ئىپادىلەش مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىدۇ . ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئۇ ئۆزى ياشىغان دەۋرىكى ھالىتى ۋە تارىخىي رېئاللىقىنى ئەكس ئېتىدۇ . ئۇ كۈچلۈك دەۋر خاراكتېرلىك ئەسەر ۋە پائالىيىتى ئارقىلىق تارىخنى ئويغىتىدۇ ، ئىنسانىيەتنى تەربىيىلەيدۇ ، مەدەنىيەتلەرنى تۇتاشتۇرىدۇ .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

ئەڭ ئۇلۇغ مەدەنىيەتنى خەلق ئۆزى يارىتىدۇ .

«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»

جەمئىيەتنى بىلىش ئۈچۈن ، خەلقنى بىلىش لازىم . خەلقتىن ئايرىلغان ، خەلقنى ئاددىي ئاۋام ، ئاددىي كىتابخان ، شۆھرەت ئوبيېكتى دەپ چۈشەنگۈچى كىشى ھەقىقىي سەنئەتكار بولالمايدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

سەنئەتكار — تارىخنىڭ مەھسۇلى ، ئەڭ ئۇلۇغ تارىخىي ۋەزىپىلەر ئالدىدا ھەرىكەتلىنىۋاتقان زامان ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلارنى ، جۈملىدىن ئەڭ ئۇلۇغ سەنئەتكارلارنى يارىتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، سەنئەتكار مەدەنىيەت ۋە ئىقتىدار مۇجەسسەملىكىنىڭ نەتىجىسى ، ئەڭ مۇنبەت مەدەنىيەت تۇپرىقى ۋە ئەڭ باي ئىجادىي ئىقتىدار جەمغىرلىنىۋاتقان دەۋردە ، ياراملىق ئەقلىي ئىقتىدار ۋە بەدىئىي ماھارەت ئىگىلىرى خۇددى قايناق بۇلاقتەك ھايات سەھنىسىگە كىرىپ كېلىدۇ . بۇ تارىخنىڭ ، خەلقنىڭ ، مەدەنىيەتنىڭ روھىيەت دۇنياسىنىڭ ئەزىمەتلىرىنى تەقەززا قىلىدىغان ۋە مەيدانغا كەلتۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەدەنىيىتى ئېغىر سانائەت مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسى ۋە يىلتىزى .

«ئومۇمىي ئېستېتىكا»

ھەقىقىي سەنئەتكار ئۆزى مەنسۇپ مىللىي مەدەنىيەت



ئەنئەنىلىرىنى ، ئۇنىڭ ئىجابىي خەرىتىسىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىشنى بىلىشى لازىم .

**«ئومۇمىي ئېستېتىكا»**

مىللىي مەدەنىيەت قاتلىمى ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش ئەنئەنىلىرى سەنئەتكار پائالىيىتىنىڭ بىرىنچى ۋە بىۋاسىتە زېمىنىدىن ئىبارەت . سەنئەتكار بۇ زېمىندىن ئايرىلالمايدۇ ، بۇ زېمىن تەرىپىدىن تىزگىنلىنىدۇ ، ئىلھاملاندۇرۇلىدۇ ، ئوزۇقلىنىدۇ .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

بىر مىللەت ياكى دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۇنىڭ نېمىلەرنى تەشۋىق قىلغانلىقىدا ئەمەس ، يەنە قانداق گۈزەل خاراكتېردىكى مىليونلىغان خەلق كوللېكتىپىنى ياراتقانلىقىدا كۆرۈلىدۇ .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

خاراكتېر گۈزەللىكىدە ئەۋزەللىككە ئېرىشكەن مىللەت ھايات رىقابەتلىرىدە غالىب مىللەتتۇر .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

ئۇزاق تارىخنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرمىگەن مەدەنىيەت پىششىق يېتىلمىگەن مەدەنىيەتتۇر . ئۇزاق تارىخ ئېسىل مەدەنىيەت قاتلىمىنى ئاپىرىدە قىلىدۇ .

**«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»**

«12 مۇقام» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك تارىخىي بەدىئىي مىراسى ، شۇنىڭدەك ئۇ يەنە خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان جانلىق مۇزىكا بايلىقى .

**«ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە»**

ئۇيغۇر مىللىي مۇزىكىلىرىنىڭ ئانىسى «12 مۇقام» ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا ئەڭگۈشتەر ، ئۇ مەڭگۈ قەدىر- لىنىشكە موھتاج .

**«ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە»**

مۇزىكا جۈملىدىن «12 مۇقام» مۇزىكىسى جانلىق ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى سۈپىتىدە تارىخىي يوسۇندا مەيدانغا كەلگەن ، ئۇ پلانېتلار ھەرىكىتىنىڭ قەسىدىسى ياكى سالنامىسى ئەمەس .

**«ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە»**

ناخشا ـ مۇزىكا سەنئىتى خەلقنىڭ ئەمگىكى ۋە ھاياتىغا ئە- گىشىپ پەيدا بولغان ۋە راۋاجلانغان . ئۇ تارىخىي جەھەتتىن ، پۈتۈن مىنىۋى مەدەنىيلىك قاتارىدا ھەممىدىن پېشقەدەم .

**«ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە»**

سەنئەت ، ئالدى بىلەن رىتىملىق مۇزىكا سەنئىتى يۇلتۇزلار ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس ، بەلكى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ مەھسۇلى .

**«ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە»**

خەلقتىن ، خەلق قەلبىدىن ، خەلق يۈنىلىشلىرىدىن ئايرىل-
غان سەنئەتكار ئۆلگەن ، چىرىگەن سەنئەتكار ھېسابلىنىدۇ .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى «12 مۇقام» ھەرگىزمۇ تو-
يۇقسىز جىم بولۇپ قالغان ، مۇنەججىم ، پەيلاسوپ ، شائىر ۋە مۇ-
زىكانتىنىڭ «12 ۋاقىت ، 24 سائەت» كە قاراپ بىرلا ۋاقىتتا ياراتقان ،
ياراتقاندىمۇ ئوشۇقمۇ ، كەممۇ ئەمەس ، 12 قىلىپ ياراتقان تاساد-
پىي ئۇتۇقى ئەمەس ، بەلكى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ كۆپ ئە-
سىرلىك بەدىئىي ئىجادىيەت جەۋھىرى .

**«ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە»**

ئۇيغۇر خەلقى سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەق-
قىياتتىن نىسپىي مۇستەقىل بولىدىغانلىق ئالاھىدە قانۇنىيىتىگە
مۇۋاپىق ھالدا ئەرەب كوللىنىشىدىن كۆپ ئىلگىرىلا ئۆز كۈيچى-
لىك (مۇزىكاشۇناسلىق) — مۇزىكا مەدەنىيىتى بىلەن مەشھۇر .

**«ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە»**

ئىسلام دىنى ۋە ئەرەب ئىستېلاسى تۇپەيلىدىن يالغۇز ئۇيغۇر
مۇزىكىلىرىنىڭ ئىسمىلا ئەمەس ، پۈتكۈل مىسىر ، ئىران ، شى-
مالىي ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇملىدىن جەنۇبىي رو-
سىيە ۋە تۈركىيەدىكى نۇرغۇنلىغان قەبىلىلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ
ئىسىم ـ فامىلىلىرىمۇ ئىلگىرىكى كۆپ خىللىقتىن بىردەك ئە-
رەبچىگە ئۆزگىرىپ كەتكەن .

**«ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە»**



«12 مۇقام» «چەت ئەل ئىشىق كۈيلىرى» بولماستىن ، بەلكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكىلىق ئۇتۇقى ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا بايلىق .

«ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە»

ئۇيغۇر مۇزىكىلىرى ئۆز گەۋدىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا ، قوشنا قەبىلىلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تەسىرىنىمۇ قوبۇل قىلغان . بۇنداق تەسىر ، بىر تەرەپتىن ، ئۆزئارا تەسىر قىلىش بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، مۇھىمى شۇ مىللەت مۇزىكىسىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ۋە كۈيشۇناسلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە بېقىنغان .

«ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە»

ھەرقايسى ھازىرقى زامان مىللەتلىرى كۆپلىگەن ئالاقىدار قەبىلىلەر ۋە خەلقلەرنىڭ تارىخىي قوشۇلمىسى ياكى سىڭىشىدىن ھاسىل بولغىنىغا ئوخشاش ، بىر مىللەتنىڭ مۇزىكىلىق نەتىجىلىرىمۇ شۇ مىللەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان قەبىلىلەر ، خەلقلەر مۇزىكىلىرى بىلەن شۇ مىللەتكە قوشۇلۇپ كەتكەن باشقا قەبىلىلەر ، خەلقلەر مۇزىكىلىرىنىڭ تارىخىي بىرلىشىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن ھەم بېيىغان .

«ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە»

بارلىق ئاساسلىق مەدەنىيەتنى نوقۇل ھالدىلا «غەربتىن ئاپرىدە بولغان» دېگەن بىر تەرەپلىمە قاراش بۇرژۇئا ئىجتىمائىي ئىلمى ۋە ئەجنەبىي قۇلچىلىق ئىدىيىسىنىڭ روشەن ئىپادىلىرىدىن بىرى .

«ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە»



مىللىي مەدەنىيەت قاتلىمىدا باي خەزىنە ساقلانغان بولۇپ ، ئۇ سەنئەتكار تەرىپىدىن قايتا پايدىلىنىلىپ ، ئىنسان ماھىيەتلىرىنى كەۋدىلەندۈرۈشكە خىزمەت قىلىشى مۇمكىن .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

ئېپتىدائىي ئەمگەك بىلەن ئېپتىدائىي ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر ئېپتىدائىي سەنئەتنى مەيدانغا كەلتۈردى . ئەمگەك تۈرلىرىنىڭ كۆپ خىللىقى ، ئېغىرلىقى ۋە زېرىكەرلىكلىكى ، ئەمگەك جەريانىنىڭ رىتىمدارلىقى ، ئىنسان تۇيغۇسىدىكى رىتىم تۇيغۇسى سەنئەتنىڭ پەيدا بولۇشىنى تەقەززا قىلىپلا قالماستىن ، يەنە ئۇنى توغرىدىن توغرا ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇپ قويىدى . ئېپتىدائىي ھاياتتا رىتىم غايەت زور مەنىۋى ئازادلىق سۈپىتىدە قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلاندى . ئۇ ھەقىقەتەن ئىجتىمائىي ھايات ۋە بەدىئىي سەنئەت يۈرىكىنىڭ چەكسىز مەھلىيا كۈچكە ئىگە بولغان ئەبەدىي كۈيپۈلدىشى ئىدى .

**«ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە»**

سەنئەتكارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە تارىخىي رولى ئۇنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدىكى تۆھپىسى ۋە ئۇنىڭ قىممىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ . ھەر بىر يەككە سەنئەتكار ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ قىممىتى قانداق مىقداردىكى ئەسەر ياراتقانلىقى بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قانچىلىك ھەسسە قوشقانلىقى بىلەن ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ پىكىر ئۇپۇقىدا قوشقان نۇرانە شولىلىرى بىلەن باھالىنىدۇ .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**



ۋاقىت خاراكتېرلىك سەنئەت شەكلى بولغان مۇزىكا ئاسان يوقىلىدۇ . بۇ بىر تەرىپى . شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ، مىللىي مۇزىكا ئۆزىنىڭ كۈيشۇناسلىق ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىجادىيىتى ئاساسىدا ئۆزگەرگەن شەكىلدە داۋاملىق راۋاجلىنىدۇ . بۇ مۇزىكا مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىدىكى بىر خۇسۇسىيەت .

**«ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە»**

تارىخنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا پۈتۈن جامائەت سەنئەتكار ھېسابلانغان . ئۇ چاغدا مەخسۇس كەسىپ بولغان سەنئەت ۋە كەسىپدار بولغان سەنئەتكار بولمىغان . تارىخنىڭ راۋاجىغا ئەگىشىپ ، ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئەمگەكنىڭ ئايرىلىپ چىقىشىغا ئەگىشىپ ، مەخسۇس كەسىپ ـــ سەنئەت ۋە مەخسۇس كەسىپدار ـــ سەنئەتكار كېلىپ چىقتى .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

بىرەر مۇقامنى ، ھەتتا بىرقانچە مۇقامنى بىرەر سەنئەتكارنىڭ ئىجاد قىلغان بولۇشى مۇمكىن . بىراق مۇقام مۇزىكىلىرىنىڭ قايناپ تۇرغان بۇلىقى يەنىلا بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىكنى ياراتقان ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى ئىچىدە ئىدى . ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ھېچقانداق مۇۋەپپەقىيەتلىك بەدىئىي ئىجادىيەت ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ .

**«ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە»**

ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ

قەدىمىي تاش قورال دەۋرىدىن بېرىقى ھەيكەلتاراشلىق سەنئىتى ۋە قەدىمدىن بۇيانقى تىياتىرچىلىق سەنئىتىدىن ئايرىلىپ قالدى . بىراق ئۇلار بەدىئىي تەپەككۇر ۋە بەدىئىي تىلىنىڭ مۇزىكىلىق ئىپادىسى بولغان مۇقام ـ ئەلنەغمىچىلىكىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلغىنى يوق .

**«ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە»**

ئۇيغۇر مۇقامچىلىقى ئىسلامىيەت ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ئۆز ئاتالغۇلىرىنى ئەرەب ـ پارس ئاتالغۇلىرىغا ئۆزگەرتتى ، بىراق رېئال ئىجتىمائىي ھايات جەريانىدا داۋاملىق راۋاجلىنىشىنىڭ قانۇنىي شەكىللىرىنى تاپتى .

**«ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە»**

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات تارىخىنى بىلمەي تۇرۇپ ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئېتنولوگىيىلىك (مىللىي مەدەنيەتشۇناسلىق) ئاساسلىرىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس .

**«ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»**

تارىخ چەكسىز ، گۈزەللىك تەربىيىسىمۇ چەكسىز .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز تارىخىدىكى سەكرەتمىلىكلەر تۈپەيلى ، بەزىدە بەزى مىللەت ياكى خەلقلەر ئىجتىمائىي ۋە ئىدېئولوگىيىلىك فورماتسىيىنىڭ بەزى خىللىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزمەيلا ئۇلارنى «ئاتلاپ ئۆتۈپ» ئىلگىرىلىشى مۇمكىن ، ئەمما تاۋار ئىگىلىكى بىلەن ھازىرقى زامان قىممەت قارىشىنى مەركەز قىلغان زا-



مانىۋى ئاڭنى «ئاتلاپ» ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس . بۇ ئوتتۇرا ئەسىر ھالىتىدىكى ئىنسان ۋە ئىنسان جەمئىيىتىنى كەلگۈسى ئىنسان ۋە ئىنسان جەمئىيىتىگە ئېلىپ بېرىشتىكى ماددىي ۋە مەنىۋى ئىككى تىرەك .

**«ئەنئەنىۋى ئاڭ گۇگۇمىدىكى ئۇيقۇ ۋە زامانىۋى ئاڭ سەھىرىدىكى ئويغىنىش»**

مىللىي ئەنئەنە شۇ مىللەتنىڭ كۆپ قاتلاملىق تارىخىي تەرەققىياتىدىكى ھەر بىر قاتلامدا قىسمەن ساقلىنىپ ، قىسمەن يېڭىلىنىپ تۇرغان مىللىي پسىخىك ۋە مىللىي مەدەنىيەت ئالامەتلىرىدىن ئىبارەت .

**«ئەنئەنىۋى ئاڭ گۇگۇمىدىكى ئۇيقۇ ۋە زامانىۋى ئاڭ سەھىرىدىكى ئويغىنىش»**

مىللىي ئەنئەنە ئۆزگىرىش ئىچىدە راۋاجلىنىدۇ ، راۋاجلىنىش ئىچىدە يۇقىرى قاتلاملىق تۈسكە داۋاملىشىدۇ . مىللىي ئىپتىخار دېگەنلىكمۇ شۇ مىللەتنىڭ ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ۋەتەن ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشۇشتىكى غۇرۇر ـ ئىززىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس .

**«ئەنئەنىۋى ئاڭ گۇگۇمىدىكى ئۇيقۇ ۋە زامانىۋى ئاڭ سەھىرىدىكى ئويغىنىش»**

تەرەققىياتقا كۆز يۇمۇپ مىللىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە مىللىي ئىپتىخار ھەققىدە سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ .

**«ئەنئەنىۋى ئاڭ گۇگۇمىدىكى ئۇيقۇ ۋە زامانىۋى ئاڭ سەھىرىدىكى ئويغىنىش»**

تارىخ ئۆز يولىدا يېڭىدىن يېڭى مەدەنىيەت ۋە يېڭىدىن يېڭى تارىخىي شەخسلەرنى يارىتىدۇ .

**«ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»**



ئۇيغۇر مۇقاملىرى ــــ ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىـ
رىنىڭ مىڭلىغان يىللاردىن بېرى داۋاملىق تاۋلىنىپ كەلگەن بەـ
دىئىي تەپەككۇر كرىستالى ، ئېستېتىك ھېسسىياتىنىڭ مۇزىكـ
لىق چەشمىسى .

«ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»

ئۇيغۇر مۇقاملىرى ــــ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس مىلـ
لىي خاراكتېر ۋە ئېتنولوگىيىلىك تۇرمۇش مەدەنىيىتىنىڭ پوئېـ
تىك داستانى ۋە فولكلور قەسرى .

«ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»

ئۇيغۇر مۇقاملىرى ــــ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەسىرلەر داۋامىدا ،
مۇرەككەپ كۈرەشلەر ئىچىدە ئۈزۈلمەي ياڭراپ كەلگەن جانلىق
مۇزىكىلىق مەكتىپى ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا تاللانغان مۇتەـ
پەككۇر ــــ سەنئەت ئۇستازلىرىنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان
تارىخىي كارىدور .

«ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»

ئۇيغۇر مۇقاملىرى ــــ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ۋە
ئىجادىي ئىقتىدارىنى نامايىش قىلىدىغان رەڭدار تىزما سۈرەت
پاۋىلئونى ۋە چوڭ ھەجىملىك سەنئەت قامۇسى .

«ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»

گەرچە بۇ ئەسىردە يېڭى مەدەنىيەت، مەشئەلچىلىرى تەشەبـ
بۇسى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ مائارىپىنىڭ ئىلھامىدا «ئۇيغۇر»
ئىبارىسىنى ھەممىمىز ئېغىزدا ، قەغەزدە ، ۋىۋىسكا ، تامغىلاردا

ئېتىراپ قىلىنغان بولساقمۇ ، لېكىن روھىيەتتە ، ئاستىنقى ئاڭدا تېخى قوبۇل قىلىپ كېتەلمىدۇق . مۇھەببەت ـ نەپرەت سىزىقىدا ھالاۋەت تەقسىم قىلىش چۆمۈچىدە ، مەسىلە ھەل قىلىش تەستىقىدا ، دوستلىشىش ۋە مۇراسىم داستىخانلىرىدا ، باھا ـ تەقرىز زۇۋانلىرىدا ، ئۆرلەش ـ چۈشۈش تاناپلىرىدا ، كىرىم ـ چىقىم سىتكىلىرىدە تېخى «ئۆز يۇرت بالىسى» ، «ئۆزگە يۇرت كالىسى» ئالاگىلىقى ئېغىر !

«يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشى ۋە تۆگىقۇش روھى»

تارىخ تەلىماتلارنى نوقۇل مەنتىقىدىن ، پىكرەن پەلسەپىدىنلا ئەمەس ، يەنە روھىيەت تۈزۈلمىسى ۋە روھىيەت تارىخىدىن ئىزدەش لازىملىقىنى كۆرسەتتى .

«ھايات دانىشمەن»

تارىخنىڭ ئادىتى دېيىلگەي تەقدىر ،
ۋە لېكىن تارىخنى ياراتقان ئىنسان .
زېھنىدىن تېپىلغان تەقدىرگە تەدبىر ،
شۇ تەرسا تىلسىمنىڭ چۈلۈۋۈرى ـ ئېرپان .

«يوللار»

شېئىر ——تۇرمۇش قوينىدىن ئاپرىدە بولىدۇ .
شېئىر ——ئوت يۈرەك ، گۈزەل قەلبتىن تۇغۇلىدۇ .

«قەلب گۈنچىلىرى»

مۇز ۋە ئوت ئاستىدىن ئاپرىدە بولغان شىمال ـ جەنۇب قەدىمىي مەدەنىيىتى شەرق ـ غەرب بويلاپ ئالاھىدە پۈتكۈل ئىنسا-



نىيەتنىڭ تەگىدىن تولىسى ھەسسە قوشقان جاۋاھىراتلارنى بۇ قانالغا تاشلاپ ، ئۇنى مەدەنىيەتنىڭ ئۇلۇغ ئوكيانىغا ئايلاندۇرغان . بىز ئۇنىڭدىن سومېر ۋە پىرئون زامانى ئىزنالىرىنى ، ئارىئان ۋە كىرىت دەۋرى شاماللىرىنى ، سوقرات ۋە كۇڭفۇزى نەسىھەتلىرىنى ، مىترا ۋە ئاپوللو ئېھسانلىرىنى ، داۋ ۋە زورو ئاستېر قەسىدىلىرىنى ، مانى ۋە ساكيامونى دەستۇرلىرىنى ، ئىسكەندەر ۋە دارا جەڭنامىلىرىنى ، ئارىستوتىل ۋە سوقرات تەلىماتلىرىنى ، كالامىيەت ۋە تەسەۋۋۇپ تەرغىباتلىرىنى ، رابىيە ، جونەيدىل باغدادى ، مەنسور ھەللاجى ، پەرىدىددىن ئەتتار ، جالالىددىن رۇمى گۇمانىزم تراكېدىيىلىرىنى ، سەئىدى ـ ھاپىز شىرازى ـ ئۆمەر ھەييام ـ جامى ۋە نەۋائىي لىرىكىلىرىنى ، ھازىرقى زامان «ئۆزلۈك» تەپەككۇرىنىڭ يېڭى نوتىلىرىنى ھېس قىلالايمىز .

«ئۇلۇغ قانال»

تارىخ ـــ زامان ، ماكان ، ئىنسانىنىڭ يولىدۇر . تارىخ يول سۈپىتىدە ھەممىنى ئارقىغا تاشلىمايدۇ !تارىخ قىسمەن ئۆلىدۇ ، ئارقىغا تاشلىنىدۇ . ھېكايە ، رىۋايەتلەرگە ئايلىنىدۇ . مۇزېيغا كىرىدۇ . بۇ ئۇنىڭ ھادىسىلىرى ، ۋەقەلىك تىپاتىر كۆرۈنمىلىرى ! تارىخ قىسمەن ئۆلمەيدۇ . ئۇ رېئاللىقتا ، كەلگۈسىگە ئۇل ، تەركىب ، ئېيەك ، روھ ، رەھنىما بولىدۇ . ئۇ پروگراممىلارغا جان بېغىشلايدۇ . بۇ ئۇنىڭ ئۆلمەس ماھىيىتى ، مەنىۋى قۇدرىتى !تارىخنىڭ كامالەتكە يۈزلىنىش ماھىيىتى مەڭگۈلۈك كىنئولوگىيىلىك قىممەتكە ئىگە . ئۇ بىر قېتىملىق ئەمەس ، دائىمىي پەيدا بولۇش يولى بىلەن ئۆز قاتلاملىرىنى ھاسىل قىلىدۇ .

«يول»




تارىخ تەلىماتلارنى قانداقتۇ ھەقىقىي ئادەمنىڭ ھەقىقىي ماھىيەتلىرىدىن تاشقىرى ، جانلىق ئادەمگە تاشقىرىدىن تېڭىلىدىغان جانسىز نەرسە شەكلىدە ئەمەس ، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ، كىشىلىكنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئالەمنىڭ سىر ـ قانۇنىيەتلىرى گارمونىيىسى ئاساسىدا ئىزدەش لازىملىقىنى ، ئۇنى ئادەمنىڭ ئۆزىدىن ئۆسۈپ چىققان ۋە ئادەمنىڭ پىكىر ـ ھېسسىياتلىرىنىڭ ھەممە قاتلاملىرىغا يىلتىز تارتقان ئادەم ھەققىدىكى تەلىمات سۈپىتىدە مۇھاكىمە قىلىش لازىملىقىنى كۆرسەتتى . ئويلاپ كۆرۈڭچۇ ، ئالەم ۋە ئادەم ھەققىدىكى تەلىماتتىن تاشقىرى يەنە نېمىنى تارىخ تەن ئېلىشى مۇمكىن؟ !

«ھايات دانىشمەن»

ئۇيغۇر مۇقاملىرى ـــ يىپەك يولى ئوتتۇرا بەلۋېغىدىكى سېھىرلىك سەنئەت بېغى ؛ شەرق مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى بىباھا گۆھەر ، ئۇيغۇر خەلقىنى دۇنياغا ، كەلگۈسىگە تۇتاشتۇرىدىغان مۆجىزىدار ھېكمەتنامە .

«ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»

ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا ھەر خىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلدى ، ئۇلارنى ئالماشتۇردى ، ئىلگىرىكىلىرىدىن ۋاز كەچتى ؛ ھەر خىل يېزىقلارنى قوللاندى ، ئىلگىرىكىلىرىنى ئىشلەتمىدى ؛ ھەر خىل ئىسىم ـ فامىلە يوسۇنلىرىنى ، ھەر خىل كىيىم ـ كېچەك شەكىللىرىنى ئىشلەتتى ، ئۇلارنى ئالماشتۇرۇپ كەلدى . ئەمما ، ئۇلار ئەنئەنىۋى فولكلور مەدەنىيىتى ، جۇغلانغان تەپەككۇر خەزىنىسى ، مىللىي روھىيەت قورغىنى بولغان مۇقام مەدەنىيىتىدە چىڭ تۇرۇپ

كەلدى .

«ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»

ئۇيغۇر مۇقاملىرى — ئۇيغۇر ئېتنولوكىيىلىك مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي يىلتىزىدىن كۆكلىگەن گۈلزار ، ئوخشاشلا ، ئۇيغۇر ئېتنولوكىيىلىك مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي بايلىقى . ئۇ ھېچقاچان ئەرەب مەدەنىيىتى ، ھىندى سەنئىتى ئېشىندىلىرىدىن قوپۇرۇلغان سۈنئىي ، كۆچۈرۈلمە ، تەقلىدىي تۈزۈلمە ئەمەس . ئۇنداق سۈنئىي ۋە جانسىز نەرسىلەرنىڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇشى ، مىڭلىغان يىللار داۋامىدا ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ھايات بۇلاقلىرىدىن بىرى بولۇپ ساقلىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس .

«ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»

ناخشا ـ مۇزىكا بىر مىللەتنىڭ جاپالىق ۋە پاجىئەلىك تەقدىر ـ قىسمەتلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاۋازى ۋە ساداسى .

«ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»

ئىنسانىيەت ئۆز ئەمگىكى ۋە ئەقلىي پائالىيىتى ئارقىلىق ياراتقان ھەر خىل سەنئەت مۆجىزىلىرى ئىچىدە ، شەرق مەدەنىيىتىنىڭ تەڭداشسىز بۈلىقى بولغان ئۇيغۇر سەنئەت خەزىنىسى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ . ئەمگەكچان ، پاراسەتلىك ۋە سەنئەتسۆيەر ئۇيغۇر خەلقى ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ ، تارىخنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە پۈتكۈل جاھان مەدەنىيەت تارىخىنىڭ شەرق ئۇچىقىنى بېزەپ ۋە جۇلالاندۇرۇپ كەلدى .

«غەربىي يۇرت كېمىر سەنئىتى»

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ۋە سەنئەت تارىخى شۇنى تەكرار ئىسپاتلىدىكى ، بىر پۈتۈن ئالەمشۇمۇل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى ھەرقايسى ئەللەر ۋە خەلقلەرنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي مەھەللىسى ، مەدەنىيەت ۋە سەنئەتلىرى قوشۇلمىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن .

«غەربىي يۇرت تاش كېمىر سەنئىتى»

ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە سەنئەت تارىخى ئۆزىنىڭ كونكرېت جەريانلىرى ئارقىلىق پۈتكۈل دۇنيا مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى (بىردەكلىكى) قانۇنىنى ، ۋارىسلىق قانۇنىنى ، راۋاجلىنىش قانۇنىنى كەۋدىلەندۈرگەن .

«غەربىي يۇرت تاش كېمىر سەنئىتى»

سەنئەت ــ ئىدېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن ، سەنئەت تارىخى ئىدېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت تارىخىنىڭ بىر قىسمى ، باشقىچە ئېيتقاندا ، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىش ۋە ئۆز روھىيىتىنى ئىپادە قىلىشى تارىخىنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ .

«غەربىي يۇرت تاش كېمىر سەنئىتى»

تارىخ ئىنسان پائالىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئىپادىسىدىن ئىبارەت . بۇ تارىخىي ئېقىن جەريانىدا ئىنسان تۈركۈملىرى باشتىن ـ ئاياغ بىردەك بولغان ئەمەس . تارىخىي ماتېرىيالىزم ئەزەلدىن مىللەت تۈركۈملىرىنى ئەبەدىي ئۆزگەرمەس تۇرغۇن قېلىپتا قۇيۇلغان دەپ قارىغان ئەمەس .

«غەربىي يۇرت تاش كېمىر سەنئىتى»



مىللىي مەدەنىيەت ئارغىماقلىرىمىزنىڭ بەيگىسىگە قويۇلغان تۇساق شادىلىرى ھەر بىر يۇرت بويىچە بىردەك ئەمەس! بۇ بولمىغۇر، ھالاك قىلغۇچ ئاپەتنى جىن ـ شەيتانلار ئەمەس، «ئۆز يۇرت» ئەزىمەتلىرى بەجا كەلتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. تاماقخانىلارغا كىرىشتىمۇ «ئۆز يۇرت»، خىزمەت تەقسىماتىدىمۇ «ئۆز يۇرت»، ماقالە ـ كىتاب نەشر قىلىشتىمۇ «ئۆز يۇرت»، ساداقەت بىلدۈرۈشتىمۇ «ئۆز يۇرت»، ئۆلۈم ـ يېتىمدىمۇ «ئۆز يۇرت»! پەقەت «تۇتېم» پاسونىدا بەدەنگە گۈل چېكىش بىلەن «شامان» قىياپىتىدە كىرىم قىلىشلا قالدى.

**«يېپەك يولىنىڭ قايتا كېچىلىشى ۋە تۆگىقۇش روھى»**

تارىخ ئويغاق ۋە چەكسىز! ئۇ ئەسىرلەر ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئۆز ـ ئۆزىگە خۇلاسە چىقىرىۋېلىشقا يول قويۇۋېتىپ، ئاندىن كېيىن ئۆزى ھەقىقىي خۇلاسە چىقىرىشقا تۇتۇنىدۇ. ئۇ كوزىچىنىڭ قولىدىكى ئەۋرىشىم لاي ئەمەس!

**«يېپەك يولىدىكى بىر چوڭ كىللەت»**

مەن تارىخچىلىرىمىزنىڭ ئۆلگەن جەسەتلەردىن كۆرە، تىرىك مىللەتكە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشىنى، مائارىپچىلىرىمىزنىڭ كىتاب ۋە خىمىيىلىك ئانالىزىدىن كۆرە، رېئال تۇرمۇشقا خېيرخاھلىق قىلىشىنى، يازغۇچى، شائىر، ئەنزارچىلىرىمىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ۋەقەلىرى چاتمىسىغا يوشۇرۇنغان ئەسىر ـ ئەسىرلىك چىنلىق قاتلىمىغا چۆكۈشىنى، ئۇلارنىڭ سۇ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن پاراخوتلار بولۇشتىن كۆرە، سۇ ئاستى كېمىلىرىدەك زېمىن باغرىدىكى ئوبيېكتلار ئۈستىدە مۇتەپەككۇرانە پىكىر يۈرگۈزۈشىنى، بېيىۋاتقان كىشىلىرىمىزنىڭ قولغا كىرگۈزگىنى

پاخال ، قولىدىن بېرىپ قويغىنى جاۋاھىرات بولۇپ قالماسلىقىنى ، پايدا - زىيان مىزانى قىلىشلىرىنى ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ ئاشلىق ، دان ۋە پولات ، نېفىت ھەققىدە ئىپتىخارلىق پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەن بىللە مىللەتنىڭ ئۇرۇقى ، سۆڭەك-قوۋۇرغىسى ، قەلبى ۋە قېنى ئۈستىدە تەخىرسىز تەپەككۇر قىلىشىنى ، ئىللەت پاتقىقىغا چۈشۈپ قالغان ياش نوتا ۋە گۈل - گىياھلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تونۇپ ، مىللەت كېلەچىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ، ئۆزىنى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن .

**«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»**

يېڭى يىپەك يولى ئېچىلدى ! ئەمما مەھەللىۋى مەدەنىيەت بېكىنمىچىلىكنىڭ پېچىتى بۇزۇلغىنى يوق . «قاناتلىق تۆگە» پەللىيەتكە كىرىشتى ! ئەمما «تۆگىنقۇش» بېشىنى قۇمغا تىقىۋېلىشتىن خالاس بولغىنى يوق ! بۇ ھال داۋاملىشىدىكەن ، قەدىمىي يىپەك يولى ئەزىمەتلىرى بولغان ئۇيغۇرلار خۇددى كۈككۈم - تالقان بولغان بوتۇلكا سۇنۇقلىرىدەك بىر زاماندىكى شېشىلىك ھالىدىن قالغان كىرىستاللىرىنى ئاپتاپ نۇرىدا يالتىرىتىپ ماختىنىشتىن باشقا ، يېڭى بىر شەربەتكە مۇيەسسەر بولالمايدۇ . بۇ يېڭى يىپەك يولى ھېكمەتلىرىدىن داۋاملىق چەتتە قېلىشقا ئېلىپ بارماسلىقى مۇمكىن ئەمەس .

**«يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشى ۋە تۆگىنقۇش روھى»**

قەدىمكى تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە كۆپلىگەن مىللىي گۇرۇھلار بىر مەزگىل تۇرمۇش كەچۈرگەن ياكى بۇ دىيارنى كېزىپ ئۆتكەن . ئەمما ، پەقەت ئۇيغۇر خەلقىلا بۇ زېمىندا غوللۇق مەدەنىيەت يارىتىپ ، ھەرقايسى قەلئە - قەبىلىلەرنى



بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، ئۇيۇشتۇرۇپ ، بىر پۈتۈن گۈللەنگەن پارلاق يىپەك يولى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۇرگەن .

**«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»**

تارىخ ئۆز ئېقىمىدا كۆپلەپ ئىبرەتلىك لەۋھەلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن .

**«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»**

تارىخنىڭ كالېندارى رەھىمسىزلىك چوقانلىرى بىلەن تولغان . ئۇ يىراقلاشقانچە ھېكايىلەردەك ئۆزىنى لىرىكىلىق بىلەن بېزەيدۇ .

**«مارجاننامە»**

ئىقتىساد بولۇپ مەدەنىيەت بولمىسا ، ئىبادەت بولۇپ سەنئەت بولمىسا ، دۆلەت كېمىسى زامان دەرياسىدا ۋەيران بولماي قالمايدۇ .

**«كومىراجىۋا»**

«يىپەك يولى» بۇ بىر ئۇلۇغ قانال . ئۇ ئۆز ساھىللىرىدا ئۆلگەن ، تىرىكلەرنى بېقىش بىلەن بىللە ، يەنە ئەبەدىل ئەبەد ئۆلمەس روھىيەت پالۋانلىرىنىڭ مۇبارەك خاكىنى قويۇپ ياتماقتا . ئۇ ھەقىقەتەن مىسلىسىز قامۇس ۋە قىياسسىز خەزىنە ! ھېلىغىچە ھېچقايسى مۇقەددەس كىتابلار ياكى ئېنسىكلوپېدىيەك ھېكمەت مۇجەسسەملىرىمۇ بۇ قامۇس ۋە بۇ خەزىنىنىڭ ناھايىتى كىچىك بىر پارچىسىغا تەڭلىشەلىگەن ئەمەس . ئويلاپ كۆرۈڭ : بۇ قانالدا ئاققان ، چايقالغان ، قوشۇلغان ۋە چۆكمە ھاسىل قىلغان مەدەنىيەت دۇردانىلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلساق ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى



جۇغلانمىسىدا يەنە قانچىلىك جاۋاھىرات قالغان بولاتتى ـ ھە؟

«ئۇلۇغ قانال»

يول ـــ تارىخ !تارىخ ـــ كىسمە زامانلار تارىخى !كىم تا-
رىخنى ئەبەدىي بىر خىل تۈز سىزىق دەپ پەرەز قىلسا ، ئۇ سەبىي
ياكى خامۇش ، ھېيلىگەر ياكى ئالدانغۇچى .

«يول»

تارىخنى بوغۇپ قويۇش ئىنسانىيەتنى ۋە ئۇنىڭ پىكىر
كۆچىنى بوغۇپ قويۇشتۇر .

«تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»

تارىخ ھەممىنى يارىتىدۇ ۋە يۇتىدۇ . شەھەرلەر ، مەملىكەتلەر
يوقىلىدۇ ، تارىخنىڭ ئاغا پەرۋايى پەلەك . ئۇنىڭ تىرىشىدىغىنى ،
ئۆز دەۋرىنىڭ ئىنسانىيىتىنى ، ھازىرقى زامان ئادىمىنى يارىتىش-
تىن بۆلەك نەرسە ئەمەس .

«تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»

ھەركۈن كۆككە بىر قۇياش چىقىپ ،
يېنىپ ئۆچەر سەرەڭگىسىمان .
قانچە ـ قانچە سەرەڭگە يېقىپ ،
تارىخقا زەر چەككەن جاھان .

«قۇياش ، ئىنسان ، تارىخ»

ئىنسانىيەت جەمئىيەتنى ، ئۆز ـ ئۆزىنى تىزگىنلەيدىغان

«ئىنسپىيلىك نەزەرىيىسى كىشىلىك تەلىماتى» ياراتقىنى يوق !

قەدىمىي ئەپسانىلەر ، كاھىن ۋە شامان ئەپسۇنلىرى ، ئۇچ ئۇلۇغ دىننىڭ ئەھكاملىرى ، روھانىيەتچىل ئىزگۇ تەسەۋۋۇپ تەشەببۇسلىرى ، مونتىسكيۇنىڭ لىبىرال،ئەرك مەسىلەكلىرى ، ماركسنىڭ ئىجتىمائىي باراۋەرلىك غايىلىرى ھازىرقى مىسلىسىز روھىيەت بوھرانىنىڭ غايىسىزلىك كەلكۈنلىرىنى توسالماي تەمتىرىمەكتە .

«ھايات دانىشمەن»

ئۈمىدسىزلىك —— قىيامەت ...

«كاككۇكنامە»

يىپەك يولىنىڭ خارابىلىشىشى خەلقئارا تارىخىي خاراكتېرلىك ھادىسە ئىدى . بىز بۇ تاشقى مۇھىت ئىچىدە بارغانسېرى بېكىنمىچىلىك بىلەن شۇغۇللاندۇق . بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنى بىرقانچە ۋىلايەت ، ناھىيىلەر بويىچە قاماپ تاشلاپ ، بىر ـ بىرىدىن ئۈركۈيدىغان ، بىر ـ بىرىنى چەتكە قاقىدىغان «يۇرتۋازلىق» پسىخولوگىيىسى تەييارلىدۇق . بىر زامانلاردا ۋاڭ يەندى ، يىللو چوسەي ، ماركوپولو ۋە بىر توپ ئەرەب ساياھەتچىلىرىنىڭ قەلبىدە ئىزچىل «ئۇيغۇر» دەپ تىلغا ئېلىنغان ئىبارە كېيىنچە رادلوف ، مالوف ، روبوۋىسكىي ۋە لىخانوف قاتارلىقلار قەلبىدە «قۇمۇللۇقلار» ، «تۇرپانلىقلار» ، «قەشقەرلىكلەر» دەپ يېزىلىدىغان بولدى . ئۇيغۇر ئىبارىسى پەقەت سېرىق ئۇيغۇرنىڭ نامىدىلا قالدى .

«يىپەك يولىنىڭ قايتا گۈللىنىشى ۋە تۆگىقۇش روھى»



ئۇيغۇر ئەپەككۇر تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي خۇسۇسىيەتلىرىنى پۇختا بىلمەستىن تۇرۇپ ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى ئۈستىدە يۇقىرى سەۋىيىلىك چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش تەسكە توختايدۇ .

«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»

شەرق ۋە غەربتە ياشىغان خەلقلەر تارىخىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە پۈتكۈل جاھان مەدەنىيىتىگە ئوخشاشمىغان دەرىجىدە قىممەتلىك تۆھپىلەرنى قوشقان .

«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»

ئىنسانىيەتنىڭ بىر قىسمىنىڭ مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى غەيرىي نورمال كىچىكلەشتۈرۈپ ، ئىنسانىيەتنىڭ يەنە بىر قىسمىنىڭ مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى غەيرىي نورمال مۇبالىغىلەشتۈرۈش پەن ۋە مەدەنىيەت ھەقىقەتلىرىنى ئىختىرا قىلىشنىڭ توغرا يولى ئەمەس .

«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»

ئىسلامىيەت يالغۇز دىنىي ئېتىقاد قىممىتىگە ئىگە ھادىسە ئەمەس .

«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»

پەلسەپە تارىخى تۈز سىزىقلىق ، ئوچۇق شەكىل بىلەن راۋاجلانغان ئەمەس .

«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»

ئېستېتىكا — دۇنيانى ۋە كىشىلىك ھاياتنى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇھىم جەڭگىۋار قورالى .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

تارىخ تەكرار ئىسپاتلىدىكى ، ئىنسانىيەتنىڭ كامالەتكە قاراپ ئىلگىرىلىشى — ئىلمىي ھەقىقەتكە ، مۇستەقىللىققە ، مەنىۋى ئەركىن - ئازادىلىككە ، ئىزگۈ ئەخلاقىي پەزىلەتكە ، ھەقىقىي گۈزەللىككە قاراپ ئۈزلۈكسىز يۈزلىنىشى بولۇپ ، ئۇ ماھىيەتتە ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقىي ئىجتىمائىي بەخت - سائادەتكە قاراپ ئىلگىرىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»



## 8 ـ باب

# ئىنسان خاراكتېرى ۋە گۈزەللىك

— ※ —

ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر قىسمى ئىچكى قەلب گۈزەللىكىدىن ئىبارەت . قەلب گۈزەللىكى تەربىيىسى گۈزەللىك تەربىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

نۇر — ئاسمان جامىدا جۇلا قىلغان ، قارا بۇلۇتنى مەستلىكتىن قىزارتىۋەتكەن سېھىرلىك شاراب .

«كاككۇكنامە»

توغرا ۋە جانلىق نەزەرىيە ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە قاتماللىشىپ قالىدىكەن ، ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە تەختى ـ تاجىنى يوقىتىپ ، ئەقىدىگە ئايلىنىپ قالىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

گۈزەللىك ئىلمىدىن خەۋەرسىز مىللەت ھازىرقى زامان مەدەنىي مىللەتلىك سالاھىيىتىگە مۇناسىپ مىللەت ئەمەس .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»



ياشلىق سۈبھىسىدە گۈزەللىك بىر مەھەللىك سۆيگۈ نەسىمى بىلەن تەبەسسۇم قىلغىنىدا ، قېرىلىق كۈكۈمىدا يۈكسەكلىك مەڭگۈلۈك ھېكمىتى بىلەن سېنى چاقىرىپ پىچىرلايدۇ . ئۇنىڭ دېگىنى تولىمۇ ئاددىي ، بىراق قىيىن بىرلا سوئال : دۇنيانى تونۇدىڭمۇ؟

«كاككۇكنامە»

گۈزەللىك چېچەكلىرى يۈكسەكلىك خۇش پۇرىقىنى چېچىپ تۇرغاندا ، تەقدىر ئەجدىھاسىغا قىلىچ كۆتۈرمەي تۇرالامسەن !

«كاككۇكنامە»

بەخت دەرگاھىدا مۇلايىم تەبەسسۇم قىلىشنى ، بەختسىزلىك ئىلكىدە قاقاقلاپ كۈلۈشنى ئۆگەن .

«كاككۇكنامە»

گۈزەللىك ــــ ھەقىقەتنىڭ خۇش پۇراق بىلەن بېشارەت بېرىدىغان ئىلاھىسى .

«كاككۇكنامە»

كۆزۈم گۈزەللىكنىڭ چىنلىقى ئۈچۈن شاھىد . سۆزۈم ئۇنىڭ ئىقرارنامىسى . ھاياتىم ئۇنىڭ ھىمايىچىسى بولمىغان قۇربانى .

«كاككۇكنامە»

قەلبى گۈزەل بولمىغان كىشىلەر ھەرقانچە گۈزەل ياكى ھەرقانچە يىسانغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭدا ھەقىقىي گۈزەللىك ، يۈكسەكلىك ، ئالىيجانابلىق بەرق ئۇرۇپ چىقمايدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ئىنسان گۈزەللىكى تەبىئەتتىكى ھەممە شەيئىلەردىكى گۈزەللىك قاتلاملىرىدىن شۇ سەۋەبلىك ئۈستۈن ۋە ئەۋزەلكى ، ئۇ ئۆزىدە بۇ خىل مېخانىك ياكى بىئولوگىيىلىك گۈزەللىك ئۆلچەملىرىنى تەكرارلىمايدۇ ، بەلكى ئۇ ئىنسانغا خاس مەنىۋى گۈزەللىك ئارقىلىق قالغان گۈزەللىك ئامىللىرىنى جۇلالاندۇرىدۇ .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

مەنىۋى گۈزەللىك قەلب گۈزەللىكى ، ھېسسىيات گۈزەللىكى ، ئەقىل ـ ئېتىقاد گۈزەللىكى ، مۇناسىۋەت گۈزەللىكى قاتارلىق بىرقانچە تەرەپتىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ ، ئۇ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېر گۈزەللىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ . مەنىۋى گۈزەللىك ماھىيەتتە كونكرېت شەخسنىڭ خاراكتېر گۈزەللىكىدىن ئىبارەت .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

پەزىلەتلىرىڭنىڭ قىممىتىگە تەمەننا قىلماي ، ئۇنىڭ قىممەتلىرىگە پەخەس بول .

**«كاككۇكنامە»**

ھەقىقىي گۈزەللىكنى ھەقىقىي شائىرنىڭ قەلبىدىن ئىزدە . ئۇنىڭ قەبرىسى دىۋان گۈلزارىدىكى سۆيگۈ ھەيكىلىنىڭ ئاستىدىكى مىسرالار ئارىسىدا ، ئۇ يازمايدۇ ، ئىلھام بېغىشلايدۇ .

**«كاككۇكنامە»**

خاراكتېر ئىنساننىڭ تۈپكى مەنىۋى ئالامەتلىرىنىڭ جەمئىيسى ، ئىنساننىڭ ئىندىۋىدۇئال ماھىيىتى ۋە قىممىتىنىڭ



مەركەزلەشكەن ئىپادىسى .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

خاراكتېر گۈزەللىكى ئىنساننىڭ مەنىۋى كامالەت سەمەرىسى بولۇپ ، ئۇ شەخس ئۈچۈن ، ئائىلە ئۈچۈن ، مىللەت ۋە پۈتكۈل جەمئىيەت ئۈچۈن مەنىۋى گۈزەللىك ، ئىناقلىق ، بەخت ئالامىتى ھېسابلىنىدۇ .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

خاراكتېر گۈزەللىكىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۆزگىرىشى ئىنساننىڭ مۇئەييەن ئىجتىمائىي مۇھىت ، ئالاقە ۋە تەسىر ئۈستىدىكى بىرقاتار مەنىۋى قاتلاملىرىنىڭ تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا باغلىق بولىدۇ .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

خاراكتېر گۈزەللىكى كونكرېت ئىندىۋىدۇئاللىق مەنىۋى گۈزەللىك سۈپىتى بولۇپ ، ئۇ شەخسنىڭ ئۆز - ئۆزىگە بولغان مۇناسىۋىتىگە ، خىزمەت ، تۇرمۇش ئۈنۈمىگە ، ئائىلە ھاياتىغا ، تۇرمۇش ئىستىقبالى قىسمەتلىرىگە ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تۈسى ۋە سۈپىتىگە ، بالىلار تەربىيىسىگە ، ئىجتىمائىي ئابرۇيى ۋە ھېسداشلىقىغا ، زوق ۋە جامائەت ئەفكارىغا بىۋاسىتە تەسىر قىلىدۇ . ئۇ ماھىيەتتە شۇ شەخسنىڭ ئۆزى ، ئۇنىڭ مەنىۋى قىممىتىنى تەشكىل قىلىدۇ .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

خاراكتېر گۈزەللىكى مەنىۋى گۈزەللىكنىڭ ئۆلى ، خاراكتېر گۈزەللىكىنى مۇستەسنا قىلىپ مەنىۋى گۈزەللىكتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ ، ئوخشاشلا مەنىۋى گۈزەللىك قاتلاملىرىنى يېتىشتۇرمەي تۇرۇپ ، خاراكتېر گۈزەللىكىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

خاراكتېر گۈزەللىكىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاساسىي مەنىۋى كاتېگورىيە ۋە يادرو قەلب گۈزەللىكىدىن ئىبارەت . قەلب گۈزەللىكى ياخشىلىقنى مەركەز قىلغان ئەخلاقىي قاتلام بولۇپ ، ئۇ كىشىنىڭ ئىنسانىي ماھىيىتىنى ، ئىنسانىي پەزىلەت ـ سۈپەتلىرىنى ، ئۇنىڭ ئالىيجانابلىق دەرىجىسىنى كۆرسىتىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

تەبىئەت بىر ئۇلۇغ گارمونىيە ، بىر ئۇلۇغ مۇھەببەت ماكنتى ...

«كاككۇكنامە»

گۈزەللىك بىلەن ياخشىلىقتىن ئىبارەت ئېستېتىكىلىق ۋە ئېتىكىلىق ئىككى خىل كاتېگورىيە پەقەت قەلب گۈزەللىكى قاتلىمىدىلا ئورتاقلىققا ئىگە بولىدۇ . باشقىچە ئېيتقاندا ، ئەخلاقىي كاتېگورىيە بولغان ياخشىلىق ئۆزىنىڭ ساقلىنىش ماكانى بولغان قەلبتە گۈزەللىك تۈسىگە كىرىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ئىنسان بۇيۇم ، ھەيكەل ، بۇت ئەمەس ياكى بىئولوگىيىلىك مەنىدىكى نوقۇل تۈزۈلۈشمۇ ئەمەس . ئۇ ئېسىل قەلبكە باي ھە-



قىقىي مەنىدىكى بىر قۇدرەت ئىكەنسىدۇر .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

تاشقى شەكىل گۈزەللىكىنى بىر قاراشتا بىلگىلى بولىدۇ . قەلب گۈزەللىكى بولسا «ئادەمنىڭ ئىچىدە» بولىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

قەلب گۈزەللىكى — كۆپ قاتلاملىق ئېتىكىلىق قۇرۇلما . قەلب گۈزەللىكى تەربىيىسى قەلب گۈزەللىكى قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلغان مەزمۇنلار (ماتېرىيال فوندىلىرى) ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

قەلب گۈزەللىكى تەپەككۇر ئامىللىرى بىلەن ھېسسىياتتىن ئىبارەت كەڭ مەنىۋى دۇنيادا ساقلانغان ، ئىپادىلەنگەن بولىدۇ . ئۇ ئاڭ سۈپىتىدە مەنتىقىلىقتا ، ئەخلاق سۈپىتىدە ئىرادە ئىزچىللىقىغا ئىگە .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

كۆز — كۆڭۈلنىڭ ئەينىكى . كۆز يالغۇز سىرتقى دۇنيانى كۆڭۈل ئەينىكى ئارقىلىق ئەينەن ئىنكاس قىلىپ قالماستىن ، ئىچكى دۇنيانىمۇ مۇشۇ كۆڭۈل ئەينىكى ئارقىلىق سىرتقا ئەينەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

قەلب گۈزەللىكى پۈتۈن ھاياتنىڭ چىرىغى . ياشانغاندىن كېيىنكى ھاياتنىڭ بېزىكى .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ھېسسىيات گۈزەللىكى بىزنىڭ روھىيەت دېڭىزىمىزدا ھەمىشە ئۈركەش ياساپ ، رىتىم ھاسىل قىلىپ ، پىكىر ۋە تەسەۋۋۇرلىرىمىزغا ئىللىق كۈچ ، روشەن نۇر ۋە قەيسەر ئۈمىدۋارلىق بېغىشلايدۇ . ئۇنىڭسىز ھايات ، ئۇنىڭسىز جەمئىيەت قاراڭغۇ ، ئۇنىڭسىز تۇرمۇش مۇزدەك ھەم مەنىسىزدۇر .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ھېسسىيات — ئىنساننىڭ ئۇلۇغ مەنىۋى يالقۇنى بولۇپ ، گۈزەل ، قىزغىن ، سەمىمىي ھېسسىيات ئۇلۇغ قەلبنىڭ مەھسۇلىدۇر . شۇ سەۋەبلىك گۈزەل ھېسسىيات ئۆز بۇلىقى بىلەن گۈزەلدۇر .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

كۆڭۈلدە قانچە خىل ھېسسىيات بولسا ، چىرايدا شۇنچە خىل ھېسسىيات ئىپادىلەش بولىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ھېسسىيات گۈزەللىكىدە ھېسداشلىق ، خەيرخاھلىق ئېگىز گۈزەل بىر دائىرە . ئۇ ھېسداشلىق قىلغۇچىنىڭ ئىنسانىي قەلبىنى ، ئۇنىڭ ئىنسانپەرۋەر قاراشلىرىنى كەۋدىلەندۈرىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ھېسسىيات مەلۇم گۈزەل ، يارىشىملىق ، تەبىئىي گارمونىك دەرىجىدە چەكلىنىشى لازىم .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

بۇلبۇل سايرىغان شاخنىڭ غۇنچىلىرى چوغدەك قىزىل ،



سەن سۆيگەن مەگزىمدە قالدى ئىللىق قاندەك قىزىل .

«كاككۇكنامە»

ھېسداشلىق ـ خەيرخاھلىق ھېسسىيات گۈزەللىكىدە شۇنداق يۈكسەك مەلائىكەكى ، مۇشۇ ھېسداشلىق ـ خەيرخاھلىق تۇپەيلى ئىنسان بىر ـ بىرىگە ئىنسانىي ئالاقە ، ئىشەنچ ، ساداقەت ۋە ئىنسانىي ئۈمىد بىلەن مۇناسىۋەتلىشىدۇ ، بىر ـ بىرىدىن ئىجادىيەت ، ياخشىلىق ، ۋاپا كۈتىدۇ . ئەگەر مۇنداق ھېسداشلىق ـ خەيرخاھلىق گۈزەللىكى بولمىغان بولسا ، رىقابەت ۋە رەشكى ھەسەت تۇتەكلىرى قەلب گۈزەللىكى گۈلزارىنى كۈلگە ئايلاندۇرغان بولاتتى .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ھېسسىيات گۈزەللىكى پۈتكۈل مەنىۋى گۈزەللىكتە ، پۈتكۈل ئېستېتىكىلىقتا ئىپادىلىنىدۇ . ئۇ تەپەككۇر ، تەسەۋۋۇر ، سۆز ـ ھەرىكەت ، تۇرمۇش ۋاستىلىرى بىلەن ئىپادىلىنىشتىن تاشقىرى يەنە بىۋاسىتە ھېسسىياتنى ھېسسىيات ئارقىلىق ئىپادىلەپ ، ئۆز ـ ئۆزىنى سىرتلاشتۇرىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

مۇناسىۋەت گۈزەللىكى ـــ ئالەمنىڭ تەگداشسىز بېزىكى بولغان ئىنسانغا ھەقىقىي ئىنسانىي گۈزەللىك بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش دېگەن سۆز .

ئۇ جاھاندارچىلىق مەقسەتلىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇئامىلە ھېيلىسى ئەمەس .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

مۇناسىۋەت گۈزەللىكىنىڭ ئاساسى قەلبى يۈكسەكلىك ، ھېسسىيات ۋە خاراكتېر گۈزەللىكىدۇر . بۇ ھەر بىر ئىنساننى ئۆزى بىلەن باراۋەر ئىنسان دەپ بىلىشنى ، باشقىلارنىڭ پېتەرسىزلىكلىرى بىلەن ئۇلۇغلۇقىغا يەنىلا ئاشۇ بىردىنبىر مۇقەددەس ئىنسانىي باراۋەرلىك نەزەرى ، ئىنسانىي باراۋەرلىك روھىدا مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

باراۋەرلىك ئىنسانىي مۇناسىۋەت قەلب گۆھىرى بىلەن ئىككىنچى كىشىنى ھۆرمەتلىگەندەك بولۇپ ، بۇ ھەر ئىككى تەرەپكە ئېپتىخارلىق بېغىشلايدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

مۇناسىۋەتلەشكۈچىلەر ئارىسىدا نۇرانە خاتىرە پەيدا قىلىدىغىنى ھەر جەھەتتىكى ئۇستۇن سالاھىيەتتىكى كىشىنىڭ ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىگە كەمتەرلىك ، قىزغىنلىق ۋە سەمىمىيلىك بىلەن قىلغان مەرھەمىتىدىن ئىبارەت .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

مۇناسىۋەت گۈزەللىكى ئىزگۈ پەزىلەتنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى چېچەكزارلىقىدىن ئىبارەت .

« قاتلاملىق ئېستېتىكا»

مۇناسىۋەت —كەڭ ئىجتىمائىي ئالاقىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ ئائىلە ئىچىدە ، مەكتەپتە ، جەمئىيەتتە ، خىزمەت ئورنىدا ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ، سان ـ ساناقسىز مەيدانلاردا مۇرەككەپ



شەكىلدە ئۆمۈر بويى داۋام قىلىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

مەھلىيا قىلغۇچى ، مەپتۇنكار جەلپ قىلىش كۈچى شۇ كىشىنىڭ خاراكتېر مەشئىلىدىن چاقنىغان ئوماق ۋە سۆيۈنۈشلۈك نۇر بىلەن ھارارەت بولۇپ ، ئۇ بىلىم ، ئەقىل دانىشمەنلىكى ، كەڭ ۋە پاك قەلب ، ساغلام ھېسسىيات ، يارىشىملىق ئادەت ، ئېسىل خۇلق ، تەبەسسۇم ۋە مىجەز مۇجەسسەملىكىدىن ھاسىل بولىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

مەپتۇنكارلىق — ئىللىق چىراي ، قىزغىن مۇناسىۋەت ، شېرىن يۇمۇر ، مەردانە ھېسداشلىق ، ھېكمەتلىك پىكىر ، ئالىيجاناب ئەپۇچانلىق ، ئۆزىنى قەيسەرانە تۇتۇشنى بىلىش ، غايەت زور مەنىۋى بايلىق تولىمۇ تەسىرلىك مۇناسىۋەت ماھارىتى ۋە مۇناسىۋەت سەنئىتىدىن ئىبارەت .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ئىنساننىڭ تاشقى شەكىل گۈزەللىكى ۋە قەلب گۈزەللىكىدىن ئۇنىڭ جىسمانىي ۋە ئەخلاقىي گۈزەللىكىنى ، ئۇنىڭ چىرايلىق ۋە ئەدەبلىك كىشى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

گۈزەللىك بار يەردە ئەخلاق ۋە شەرم ـ ھايا بولىدۇ .

«سەۋدالىق تەئەججۈپنامىسى»

تۇرمۇش ئەمەلىيىتى يالغان ھېجىيىشنىڭ ، يالغان



كۆلۈشىنىڭ شۇ چاغىنىڭ دەل ئۆزىدىلا ئاشكارىلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى ، ئۇنىڭ ئىلاجسىزلىقتىن زورمۇزور ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ئىجادىي ئىقتىدار — ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ ئەڭ جازىبىكار ، ئەڭ ئەھمىيەتلىك ، ئەڭ يۇقىرى قاتلىمىدىن ئىبارەت . ھەر قانداق يۇقىرى قاتلامدىكى كامالەتكە ئېرىشمەك ئاسان بولمىغىنىدەك ، بۇ گۈزەللىك قاتلىمىغا ئېرىشىش كۆپ كۈچ سەرپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

تاشقى شەكىل گۈزەللىكى ئىنسان ئىزدىنىدىغان ۋە ئىنسان زوقلىنىدىغان ، قۇرۇلمىلىق ماكان خاراكتېرىگە ، پائالىيەتچان زامان رىتىملىقىغا ، گارمونىك شەكىل گۈزەللىكى ئامىللىرىغا ئىگە بولغان گۈزەللىك .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

قەددى — قامەت گۈزەللىكى ۋە ھۆسن — جامال گۈزەللىكى جىسمانىي گۈزەللىكنى تەشكىل قىلىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ئائىلە تۇرمۇشىدىكى مەنىسىزلىك بىر كەۋدە ھاياتنىڭ گۈزەللىككە تەسىر يەتكۈزىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»



گۈزەللىك بار يەردە بەخت بولىدۇ .

«مارجاننامە»

ئائىلىدىكى گۈزەللىك ئەر ۋە ئايالنىڭ قەلب دۇنياسىدىن ئاپىرىدە بولىدۇ .

«ئىزگۇ مالائىكە»

ئېسىل قىياپەت ، گۈزەل قەلب بار يەردە پىتنە ـ رىشىك تىرنىقىنى بىلەپ تۇرىدۇ .

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»

ئاتىنىڭ تاشقى ۋە قەلب گۈزەللىكى بالىنىڭ روھىيىتىگە ئەڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ .

«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش»

كۆز كۆرىدۇ ھەم كۆرسىتەلەيدۇ! ۋەھالەنكى ، قۇلاق ئاڭلايدۇ ، ئاڭلىتالمايدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ئەگەر ساھىبجامالىق زىننەت ئەينىكىدە كۆرۈنسە ، مەپتۇنكارلىق باشقىلار قەلبىدە كۆرۈنىدۇ ، باشقىلارنىڭ گۈزەل ئىدراك ۋە تەسىراتىدا قالىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ئەگەر ساھىبجامالىق جاھازا دېيىلسە ، بۇ جاھازىغا ھەقىقىي ھۆسن نۇرى بىلەن ئىنسانىي ، ھاياتىي ، مەنىۋى گۈزەللىك

بېغىشلايدىغان نەرسە مەپتۇنكارلىقتۇر .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

قايغۇ ــــ خۇشاللىق كۆلكىلىرى قاچىلانغان قاپ .

«كاككۇكنامە»

ئېھ ، ئىدراك ۋە تەپەككۇر دۇنياسىنى مەپتۇن قىلغان گۈزەل-لىك ! مېنىڭ شېئىرلىرىم سېنىڭ مەڭگۈلۈك سېپىرىڭگە پەقەت بىر قونالغۇلۇق ھەدىيە بولالىسا ئىدى ...

«كاككۇكنامە»

ئۆزلۈك ئەينىكى ــــ كامىل ئىنسان قەلبىدىكى يېشىلگەن ۋەھدەتتۇر .

«سۆزلۈك ئەينەك»

شېئىرىيەت دەۋانى ــــ توزۇمايدىغان كۆل سېۋىتى .

«كاككۇكنامە»

ئىسپىلىك رىجىددىن چىقالماس ھايات ،
مۇتلەقلىق ئىلكىدە سۈكۈتتە جاھان .
ئېيىنىشتېيىن زېھنىدە بۇ ئاددىي ساۋات ،
قاغجىراق توغراقلىق ياساركەن زامان .

«توغراقلىقتىن قايتقاندا»

كۆزۈڭنى سېھىر بىلەن قاماشتۇرۇپ تۇرغان نەرسە ئېگىز قىيا ئۈستىدىكى گۈزەللىك راۋىقى .

گۈزەللىك سېنى سېھىر بىلەن مەپتۇن قىلامدۇ ياكى سەن گۈزەللىكنى سېھىر بىلەن كۆزىتەمسەن؟ بۇ باغرىڭنىڭ ھەسسىبى ھالىغا باغلىق...

«مارجاننامە»

ئۇلۇغ ئەقلىي ئىقتىدار ئۇلۇغ بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ پارلاق قۇياشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

گۈزەللىك ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرى بويىچە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش پرىنسىپلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئېستېتىكا ئىلمىي نەزەرىيە سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ئۇنىڭ مۇھىم تەركىبىدىن ئىبارەت .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

گۈزىلىم !سۇرمە ئىشلەتمىگىن ، قېشىڭنىڭ قارىلىقىنى تونۇپ يەتمىدىڭمۇ؟

پەرىشتەم !گۈل قىسمىغىن ، ھۆسنىڭدىكى چىمەنلەرنى ئىقرار قىلمىدىڭمۇ؟

«كاككۇكنامە»

شائىرنىڭ شېئىرى بولمىسا ، گۈزەللىكنىڭ ئېچىلمىغان ياقۇت خەزىنىسى ۋە ياكى غەرق بولۇپ كەتكەن كېمىنىڭ كەۋدىسى .

سېنىڭ گۈزەللىكىڭ بولمىسا ، شائىرمۇ غۇزىسىز چار كېپىنەك ۋە ياكى سىياھسىز قۇرۇق قەلەم .

«مارجاننامە»

گۈزەللىك ــــ ساداقەت بېغىدا سۇمۇرۇغدەك قايتا تۇغۇلغان گۈزەللىك يېڭى قىياپىتى .

«كاككۇكنامە»

گۈزەللىكنى ئەقىل كۆزى بىلەن ، ئەقىل كۆزىنى دىيانەت قارىچۇقىسى بىلەن ، دىيانەت قارىچۇقىنى نومۇس نۇرى بىلەن ، ئۇنى غۇرۇر روھى بىلەن تولدۇرۇش زۆرۈر .

«مارجاننامە»

تەڭداشسىز گۈزەللىك زىبۇزىننەتكە مايىل بولىدىغانلىقىغا ھەيرانمەن .

«تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»

قەھرىمان ! ئۇلۇغ مەشئەلچى ! توسقۇن بۆسكەن ۋە ئىنسان ھاياتىغا يېڭى سەۋىيە بەخش ئەتكەن زات ئۇمۇمەن قەھرىمان ھې- سابلىنىدۇ .

ئەمما ، قەھرىمانلار ئىككى خىلدۇر : ئۇنىڭ بىرى ، ھېكا- يەتلىك قەھرىمان ، يەنە بىرى ھېكمەتدارلىق قەھرىمان ! ھومېر ئەپسانىلىرىدىكى ئىلاھىي ياكى ئىنسانىي قەھرىمانلاردىن تاكى ھازىرغىچە بولغان تارىخىي قەھرىمان ، تراگېدىيىلىك قەھرىمان ، رېئال قەھرىمانلار ھېكايەتلىك قىممەت پەيدا قىلغان قەھرىمانلار- دۇر . ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسى چىنلىق ياكى ياسالمىلىق ، ئىجا- بىيلىك ياكى سەلبىيلىك جەھەتتە يەنە ئۆزگىچە . ھېكمەتدار ما- قامىدىكى قەھرىمانلار ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلار ، بىلىش ياكى ئېتىقاد



تارىخىدىكى ئۇلۇغۋار تارىخىي شەخسلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆز ـ ئۆزى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ۋە ئىنسانىيەت ئارىسىدىكى مەنىۋى ئىللەتلەرگە قارشى كۈرەشلەردە ئەرزىيەت چەككەن، دارغا ئېسىلغان (سوقرات، ئېپىسا، مەنسۇرھەللاجى، مەشرەپ)، سۈرگۈن قىلىنغان (ئەپلاتون، پەرىدىدىن ئەتتارى، چېرنىشېۋسكىي)، قەست بىلەن قەتل قىلىنغان (فارابى، شەمس تىرمىزى، ئابدۇقادىر ئەزىزى) ۋە ھاقارەتلەنگەنلەردىن ئىبارەت.

ھېكايەتلىك قەھرىمانلارنىڭ ھاكىمىيەت سەلتەنىتى سۈرگەنلىرىمۇ، سۈرەلمىگەنلىرىمۇ، ئايىنغان ۋە ئىزچىل تۇرغانلىرىمۇ نۇرغۇن. ھېكمەتدارلىق قىممىتى ياراتقان قەھرىمانلار ئەل غېمىدە ئۆزىنى ئاتەشكە ئاتقان ۋە ھاكىملىق سەلتەنىتى بىلەن كىبىر توزانلىرىنى ئۆزىگە يولاتمىغان روھىيەت ئەزىمەتلىرى ھېسابلىنىدۇ.

«قەھرىمان»

ئۆز خوجىسىنى ئىتمۇ، مۈشۈكمۇ كۆرىدۇ. ئىنساننىڭ ماھىيەتلىرىنى ۋە بۇ ماھىيەتلەرنىڭ كامالەت دەرىجە ـ مۇقاملىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەينەك كېرەك. ئۇ «ئۆزلۈك ئەينىكى» دۇر.

«سۆزلۈك ئەينەك»

كامالەتتىن خالىي ئىنسان ــــ مۆتىۋەر ياكى گۈزەل، نازاكەتلىك ياكى قەيسەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزلۈكتىن بىخەۋەر بولۇپ، ئۆزى ھەققىدە غەم يېمەيدۇ، بەلكى ئات يېمى غېمىدە پايپېتەك بولىدۇ.

سېنىڭ شېرىن خىياللىرىڭغا يوشۇرۇنغان، پۈتۈن سەن ئۇ-

چۈن جانىجان بولغان نىيەتلىرىڭنى تارتىماي ئۆز ئالدىڭغا تۆ-
كۆپ كۆرچۈ ئىقراپ باق ، ئۇلارنىڭ قانچىسى ئىنسان ماھىيەتلىرى
غېمىدە ۋە قانچىسى ئات بوغىزى غېمىدىكىن !

«ئات بىلەن ئات مىنگەن كىشى»

ئىنسان ئۆمرىنى بالدىق بىلەن قېرىلىق ئارىسىدىكى يېرىم ئەسىرلىك مۇساپە قېرىتىدۇ ھەم قىرقىيدۇ ، پۈچۈلدۈرىدۇ . ئەمما ، ئۇنىڭ بەدىلى ـــ مەنىۋى يېتىلىشتۇر .

«ئات بىلەن ئات مىنگەن كىشى»

ھۆسن گۈزەللىكى بىقارار چېچەك ،
ھۆسن گۈزەللىكى ھەسرەتلىك پاجىئە .
بەخت سازىنى تەگشە .
ئىككى تارىنى بىر ـ بىرىگە مۇجەسسەم قىلغىن .

«كاككۇكنامە»

ھەسەل ـــ چېچەك شىرنىسىنىڭ جەۋھىرى .
شېئىر ـــ گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ كرىستالى .

«كاككۇكنامە»

يۈكسەكلىك ـــ ساداقەت بىلەن گۈزەللىكنىڭ مېنى مەھلىيا قىلغان كارامىتى .

«كاككۇكنامە»

گۈزەللىكنىڭ مەڭگۈلۈك كۈلكىسىدە تەبىئەتنىڭ نىسبەتلىك



مۇزىكىسى تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ . قايغۇ مۇشۇ كۈلكىنىڭ ۋەھمىسى .

«كاككۇكنامە»

سەن گۈزەللەرنىڭ مالائىكىسى ، گۈزەللەرنىڭ نەمۇنىسى ، بۇ سېنىڭ ئەڭ ئېغىر ، ئەڭ قايغۇلۇق قىسمىتىڭ !

«كاككۇكنامە»

بىلىم ، قابىلىيەت ، ۋىجدان ۋە قىسمەتكە ئوخشاشلا ، مۇھەببەت ، گۈزەللىك ، ساداقەت ۋە ئاقىۋەتلەرمۇ بىر - بىرىدىن ئايرىم نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىمدا ، ئۇلارنىڭ رىقابىتىدىن چۆچۈيمەن ، ئۇلارنىڭ مۇجەسسەملىكىنى ئىزدەيمەن .

«كاككۇكنامە»

گۈزەللىك قىچقىرىپ سېتىلىدىغان تاۋار ئەمەس . ئۇ ئالەمنىڭ ۋۇجۇدى .

«كاككۇكنامە»

گۈزەللىك — ئىنسان تولىمۇ مەپتۇن بولىدىغان شەيئى . ئىنسان ئۆز تەسەۋۋۇرىدا ، خىيال ئارزۇسىدا ، رېئال تۇرمۇشىدا ئۆزىنى جەلپ قىلىدىغان ھەرقانداق ئىبارىگە نىسبەتەن «گۈزەللىك» ئىبارىسىگە تولىمۇ ھېرىسمەن ۋە مەھلىيا .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

گۈزەللىك — ئىنسان كامالىتى ۋە بەخت - سائادىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ۋە شەرتى .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»



گۈزەللىك ھادىسە ۋە شەيئى سۈپىتىدە ماددىي دۇنيا ۋە مەنىۋى دۇنيادىكى تولىمۇ زوقلىنارلىق بىر دائىرىنى ھاسىل قىلغان ، ئۇ رېئاللىقتىكى ۋە مۇمكىنلىكتىكى مۇھىم بىر ساھە .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

گۈزەللىك ــــ چەكسىز ، رەڭگارەڭ ، باي دۇنيادىن ئىبارەت .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

گۈزەللىكنى ئىنكار قىلىش ، ئىنساننىڭ گۈزەللىكنى سېزىش ۋە گۈزەللىككە بولغان ھەۋەس ۋە ئىنتىلىشلىرىنى چەكلەش ، گۈزەل شەيئىلەرنى نابۇت قىلىش بارلىق چىرىكەن ئەكسىيەتچى ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ ئىنسانىيەت تەرەققىياتىغا قارشى جىنايى تەبىئىيتى .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**

بارلىق گۈزەللىكلەرنى سۆيۈش ۋە قوغداشمۇ ئىنساننىڭ تەرەققىيپەرۋەر ئۇلۇغ ئىشلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى .

**«قاتلاملىق ئېستېتىكا»**





## 9 ـ باب

# تۆھمەت ، ھەسەت ، پىتنە ـ ئىغۋا

— ※ —

ھەسەت —— بۇ تارىختىن بۇيرى نەتىجە قازانغۇچىلارغا قەبىھ قەلب ئىگىلىرى تەرىپىدىن بىلدۈرۈلگەن «تۆھمەت خاراكتېرلىك ئىقرار» دىن ئىبارەت .

«قاتالاملىق ئېستېتىكا»

ھەسەتخورنىڭ قولىدىن دوزاخ ، تىلىدىن قىيامەت ئاپىرىدە بولىدۇ .

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»

ھەسەت ئانچە كۆڭۈل قويۇپ كەتكۈدەك نەرسە ئەمەس . جامائەت بۇ خۇنۇك ئىللەتنى چۈشەنگەندە ، ئۇ لەنەتكە مەھكۇم بولىدۇ .

«قاتالاملىق ئېستېتىكا»

بەدىئىي ئىجادىيەت ماھىرلىرى ئەقىل ـ پاراسەت ، ئەخلاق ـ پەزىلەت ، ئىرادە ـ جاسارەت ئىگىلىرى سۈپىتىدە بىھۇدە ماختاشلار بىلەن ئورۇنسىز ھاقارەتلەرگە بەرداشلىق بېرىدىغان ئاڭ كامالىتىگە ئېرىشىشى كېرەك .

«قاتالاملىق ئېستېتىكا»

كىشىلەر مەنپەئىتىگە چاڭ سېلىش ، قارا نىيەتلىك ۋە سۇ-




يىقەست خاراكتېرلىك ھەرىكەتلەر جىنايى قىلمىش ھېسابلىنىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

سۇيىقەست ، پىتنە ـ ئىغۋاگەرچىلىك ، تىل بىرىكتۈرۈۋېلىش ؛ پارىخورلۇق ، خۇشامەتچىلىك قاتارلىقلار كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت گۈزەللىكىنى بۇلغايدۇ . ئۇ ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈكنىڭ ھەر خىل مۇناسىۋەتتىكى ئىپادىلىرىدىن ئىبارەت .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ خارابلىشىشى ئافاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئىت ـ غالچىلىرىنىڭ ھەسەتلىرى ، پىتنە ـ ئىغۋالىرى ۋە تۆھمەتلىرىدىن بولغان . بۇ چېكىدىن ئاشقان بۇزغۇنچىلىقنىڭ تۈپ يىلتىزى — ھەسەت .

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»

ھەسەت ۋە ھەسەت گۇرۇھۋازلىقى مىللەتنى نابۇت قىلىدۇ .

«ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»

ھۇرۇنلۇقتىن ئىبارەت بۇ ئاپەت نادانلىق ، گادايلىق ۋە خارلىقنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىيدۇ .

بىكار تەلەپ ھۇرۇنلۇق ئەقىل مەشئىلى ئۆچكەن ۋە قايتا يانمىغان زېمىندىكى سېسىشقا باشلىغان توختام سۇغا بىكار تەلەپ ھۇرۇنلۇقتىن لاپ ئېتىشتىن باشقا ئىپتىخار كۆلى — مەردلىك ۋە قەھرىمانلىق مەيدانىغا چىقمايدۇ .

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»



ھەسەتخورلۇق —— نامەرد ، كۆڭلى قارا ، خىيانەتكار روھ . ھەسەت بىلەن ۋىجدان بىللە بىر قەلبتە ياشىيالمايدۇ .

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»

قارىسىغا سۆزلەش ، باشقىلارنىڭ ئىنغۋالىرى ، قەسەملىرىگە ئالدىنىپ جىنايەت يولىغا مېڭىش ، تەلۋە ـ ئەسەبىيلىككە يۈزلىنىش ، قاپقانغا چۈشۈپ قېلىشلار تەنتەكلىكنىڭ ئالامىتى .

قەھرىمانلىق بىلەن قۇربان بولغانلاردىن كۆرە ، تەنتەكلىك بىلەن دەپنە قىلىنغانلار كۆپ .

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»

چوڭ تەلەپ ۋە ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ يۈرگەن شۆھرەتپەرەس ئاخىردا داغدا قالىدۇ . دەرۋەقە ، ئۆزىگە مۇنار تىكلەش خىيالى ئەخمەقلىقنىڭ بىر تۈرى ، ئەلۋەتتە .

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»

ھاماقەتلىك ئەخمەقلىقتۇر . ئۇ پۈتۈن مەنىۋى جاھالەتنىڭ ساقلىنىشى ، بازار تېپىشى ئۈچۈن سانسىزلىغان قولاقلار پەيدا قىلىدۇ . ھاماقەتلىك —— جاھالەت دەۋرلىرى ئۇچىدىغان يەڭگىل ھاۋا بوشلۇقى .

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»

مەنسەپ —— خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش بەدىلىگە بېرىلگەن ھوقۇق ۋە ئىشەنچ .

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»



زوراۋانلىق كۈچكە تايىنىدۇ ، ئۇ ئىقتىسادىي كۈچ ۋە ھوقۇقدارلىق كۈچىدىن ئىبارەت . دىنىي ۋە ئىلمىي نوپۇزغا تايىنىپ زومىگەرلىك قىلغۇچىلارمۇ بولىدۇ .

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»

مەنسەپ ــ باشقۇرۇش بويىچە ھوقۇق مېخانىزمى بولۇپ ، سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ يالدامىسى . كىشىلەر تېخى مەنسەپدارلىقنى رەت قىلىش باسقۇچىغا يەتمىگەچكە ، خېلى كۆپ كىشىلەردە مەنسەپدارلىقنى رەت قىلماسلىق روھىيىتى ساقلانغان ، بۇ جەمئىيەتتە ھەممە ئادەمدە بولىدىغان روھىيەت بولمىسىمۇ ، بۇ روھىيەت خېلىلا ئاشكارا ئىپادىلىنىدۇ . بۇ بەزىدە ئاشكارا رىقابەت شەكلىنى ، بەزىدە يوشۇرۇن پائالىيەت شەكلىنى ئالىدۇ . سىياسىئونلۇق ھايات ئۈچۈن بۇ نورمال ھادىسە .

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»

تەمەخورلۇق ، خۇشامەتچىلىك ، ئىككى يۈزلىمىلىك ، چېقىمخورلۇق ۋە ساتقۇنلۇق سەلبىي ئىللەتلەر ئارىسىدىكى ئاجىز تىپ بولۇپ ، خۇددى «ئورۇق ئەرۋاھ»قا ئوخشايدۇ .

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»

ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ۋىجدانىنى ، ئاندىن كېيىن دوستلىرىنى ، قىسقىسى ئىلگىرى ئۆزى نەپ ئالغان ، تەلىم ئالغان ، ئۇستاز ۋە تەربىيىچىلىرىنى بىۋاپالىق گىرداۋىغا تاشلاش ئەخلاق نۇقتىسىدىن ساتقۇنلۇق ھېسابلىنىدۇ .

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»



بىۋاپالىق — قېرىنداشلارنى ، ئۇستاز ـ شاگىرتلارنى ، دوست ـ ئاغىنىلەرنى داغدا قالدۇرىدىغان دەھشەتلىك مەنىۋى ساتقۇنلۇق . نامەردلىك ، مەرھەمەتسىزلىك ، ئىچى قوتۇرلۇق ، پىتنە ـ پاساتقا سۈكۈت قىلىش ، ناھەقلىققە قارشى چىقالماسلىق — ساتقۇن روھىيەتنىڭ بىر ئىپادىسى .

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»

چېقىمخورلۇق — تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە چىنلىق ۋە ئادىللىقتىن چەتنىگەن ھالدا سۆزنى بۇرمىلاپ باشقىلارنىڭ غەزەپ يالقۇنىنى قوزغاشقا قارىتىلغان . ئۇ زىيانكەشلىكنىڭ تەركىبىي قىسمى .

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»

ئىككى يۈزلىمىلىك ئائىلىدە يۈز بەرسە ئائىلىنى ، خىزمەتتە يۈز بەرسە يۇقىرى ـ تۆۋەننى ، مىللەتتە يۈز بەرسە زىيالىيلار ۋە خەلق ئارىسىدىكى ھەمدەملىكنى بۇزىدۇ . ئىككى يۈزلىمىلىك بىر خىل مۇغەمبەرلىك ، ئالدامچىلىق بولۇپ ، ئۇ ھەقىقىي ئىنسانلىققا زىت ، ئىشەنچ ـ ئىناۋەتكە زىت .

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»

ئىككى يۈزلىمىلىك — ئاجىز تىپتىكى روھىي ئىللەتلەر جۈملىسىدىكى ھەم ئالدامچى ھەم ساتقۇن خاراكتېردىكى نامەرد جانباقارلىق بولۇپ ، بىلىشنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ ، بىرلىك ـ ھەمدەملىككە دەز كەتكۈزىدۇ . ئۇ بىشەم شەكىلدە مۇناپىقلىق ، سىياسىي شەكىلدە خائىنلىققا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن .

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»

خۇشامەت — قۇلچىلىقنى بەجا قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىنسانىي غۇرۇرىنى ئۆزى دەپسەندە قىلىدىغان بۇ ئىللەت ئۆز مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىن بىردىن يەل كىرگەن شاردەك كۈچلۈك زوراۋانلىقتا — باشقىلارنىڭ ئىنسانىي غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىشقا يۈزلىنىدۇ .

«يېپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»

خۇشامەتچىلىك — ئاجىز ، رەزگى قىياپەتتىكى روھىي تىلەمچىلىكنىڭ ھېلىگەر قۇل - دېدەك شەكلىدىكى ئىپادىسى .

خۇشامەتچىنىڭ نىيىتى تەمە ، پىكرى - خىيالى زوراۋانلىق . ئۇ ئالدىدا ماختاپ ، ئارقىدا نامىدىن پايدىلىنىپ ئىش كۆرىدۇ . ئۇ ساداقەت ۋە ساخاۋەت بىلەن نىقابلىنىۋالغان ، نىقابى ئېچىلمىغان ساتقۇنلۇق ياكى خىيانەتكارلىقتۇر .

«يېپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»

تەمەخورلۇق — ئاجىز ، رەزگى قىياپەتتىكى روھىي دىۋانىلىق — قاباھەتلىك نىيەت بىلەن ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىگەنلىك ئارىسىدىكى بوشلۇقتا «تۇخۇم» تۇغۇپ تۇرغان پەسكەش ئىللەت .

«يېپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»

تەمەخورلۇق بىر خىل ئاچ كۆزلۈك بولۇپ ، ئۇنىڭ مۇقەددىمىسىمۇ ، خاتىمىسىمۇ قوپىقۇرۇقلۇقتىن ئىبارەت . تەمەخورلۇق قانائەتنى بىلمەيدىغان ئەبەدىي روھىي گادايلىقتۇر .

«يېپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»

مىللىتىمىز روھىيىتىدىكى سەلبىي ئىللەتلەر بىر ئۇچۇر ،



ئۇ تارىخىي كەچۈرمىشلىرىمىزنىڭ مەنىۋى لاتقىلىرىدىن خەۋەر بېرىدۇ . بۇ لاتقىلار ئوخشاشمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشاشمايدىغان سېكىل ـ تۈزۈلمىگە ئىگە چۆكمە ھاسىل قىلىدۇ .

سەلبىي ئىللەتلىرىمىزنىڭ ھازىرقى تارىخىي فورماتسىيىسى ــ «يۇرتۋازلىق»نى يادرو قىلغان ھالدا ئۇنى چۆرىدەپ بىر قاتار «ئويمان ـ دۆڭ» ، «يۇقىرى ـ تۆۋەن» ئىللەت تۈركۈملىرىدىن تۆرەلمە ھاسىل قىلغان .

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»

مەنىۋى ئىللەت ھەممىمىزدە ھەر خىل ساقلانغان . «ئۆمۈر يولى يىلان يولى ! » ئۇ تۈز چىۋىق ئەمەس . ھەر كۈن دېيەلمەسەممۇ ھەر يىل ، ھېچ بولمىغاندا بىر مۆچەل بىز ئۆز ـ ئۆزىمىزدىن ئۆزگىرىپ بارىمىز .

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»

يۇرت ــ كىشى قەلبىدە مىللەت ۋە دۆلەت ئېڭىدىن مۇقەددەم يىلتىز تارتقان روھىي تىرەك ۋە ئېتىخار . بۇنى چۈشىنىشكە ، ھۆرمەتلەشكە ئەرزىيدۇ . ئەمما ئۇ ئورخۇن ــ سېلېڭگا ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدەك قاغان چىقىدىغان قەبىلە (ياغلاقار) ۋە ۋەزىر چىقىدىغان قەبىلىگە (ئىدىز) ، ئىچكى ـ تاشقى قەبىلىلەرگە ئايرىلىپ كەتمەسلىكى ، ھەرگىزمۇ يۇرت شەكلىنى ئالغان جامائەت پىكرى ، روھىي ئالاقە ۋە سىياسىي تۈركۈمگە ئايلىنىپ قالماسلىقى لازىم .

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»

ھازىرقى تۈپ مەنىۋى پاجىئە ، باشقىچە ئېيتقاندا ، ھازىرقى



سەلبىي ئەخلاقىي روھىيەت سېكىلىنىڭ مەركىزىي ئوقى ئەنە شۇ بىر پۈتۈن ئېتىنىك روھنىڭ پارچىلىنىپ ، تۆرىدىن چۆرنىگىچە يۇرت پسىخىكىسىنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت ! بۇ ئاددىي تىلدا يۇرتۋازلىق دەپ ئاتىلىدۇ .

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»

ئىللەت — بىرەر ئوق بىلەن ئۆلىدىغان جان ياكى بىرەر ئوكۇل بىلەن قىرىلىپ كېتىدىغان باكتېرىيە ئەمەس .

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»

يىپەك يولى خارابلاشقانلىق ، بېكىنمە ئىگىلىك ، گادايلىق ۋە نادانلىق تۇپەيلى ھاسىل بولغان مەنىۋى ئىللەت خەلقىمىزدىكى پۈتكۈل ئاجىزلىق ، ئوگۇشسىزلىق ۋە كېلىشمەسلىكنىڭ يىلتى-زىدىن ئىبارەت .

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»

ساختا شۆھرەت تىرىكلىكتە ، جامائەتچىلىك ئارىسىدا ، ئۆل-گەندە ئەرۋاھلار قاتارىدا ھەمىشە خورلىنىدىغان روھىي ئىللەت . شان - شەرەپ تەنتەنىلىرىدە مۇنداق پەسكەش روھىيەت باش كۆ-تۈرىدىغان بوشلۇق ، ئاياغ باسىدىغان ئورۇن يوق . ئۇنىڭ تازىلى-نىشى — مىللەتنى لايغەزەللىك ، مەنمەنلىك ، تەييارتاپلىق ، ئالدامچىلىق ، كاززاپلىق ئىللەتلىرىنىڭ چىرىتىشىدىن ساقلاپ ، قابىل - قەيسەر روھىي كامالەتكە ئېرىشتۈرۈشىدە شۇبھە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس .

«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش - مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»



ھۇرۇنلۇق ، ئىرىنچەكلىك ، بىكار تەلەپلىك مىللىتىمىزنىڭ يېپەك يولى خارابلاشقاندىن كېيىنكى مۇھىم بىر روھىي ئىللىتى .

«يېپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»

چوقۇيدۇ ئەقىلنىڭ كۆزىنى ھەۋەس ،
چوقۇلغان ئەقىلنىڭ مەرتىۋىسى پەس .
ئەي دانا نەزەر سال ئەقلىي ئەماغا ،
ئەقىلسىز ھەۋەستىن ئۇنى باسمىش تەس !

**«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش - مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»**

خۇشامەتچىلىك بىلەن تەھدىت سېلىش ساختا شۆھرەت كاززاپلىقىدىكى قوشكېزەك ئىككى ھىيلە . خۇشامەت روھىي قۇللۇق بولسا ، تەھدىت روھىي قاراقچىلىق بولۇپ ، ئۇنىڭ ھەر ئىككىسى ئورۇن ئالماشتۇرالايدىغان ھىيلىگەرلىك ، ئالدامچىلىقتىن ئىبارەت . روشەنكى ، ئالدامچىلىق ساختىلىقنىڭ ماھىيىتى ھېسابلىنىدۇ .

**«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش - مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»**

ئەمەلىيەتتە ، ئەمەلىيەتكە سىغمايدىغان ئالىقاپلىقنىڭ بىر شەكلى بولغان لاپچورلۇق تازىلانمىسا ، ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى سېلىشتۇرۇپ بىلىدىغان ، دۇنياغا نەزەر سالىدىغان يېڭى مىللىي روھىي ئويغىنىش مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس .

**«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش - مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»**

ساختىلىق — پاش بولۇشقا ، ئاشكارىلىنىشقا مەھكۇم بولغان نىقاب ! ئۇ بەرىبىر يىرتىلىپ ، پۇچەكنى قىپيالىڭاچلاپ ، ئاچچىق

كۈلكە پەيدا قىلىدۇ . مەڭگۈ بۇزۇلمايدىغان ساختا نىقاب بۇرۇنمۇ بولمىغان ، كەلگۈسىدىمۇ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس .

**«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»**

دۇنيانى ئوغرىلاپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس . كاززاپلىق پەقەت ئۆز ھالاللىقىنى ئۆزى ئوغرىلىغان ، نابۇت قىلغان ، پۇشايمان ئازابىغا باشلايدىغان ئاچچىق كىچىك سۇ ! ئاقىل كىشىلەر ، ئاقدىل كىشىلەر ، ئادىل كىشىلەر ، قابىل كىشىلەر قانچە «ھاماقەت» كۆرۈنسىمۇ ، ئاقىۋەت بۇ خىل كاززاپلىقنىڭ ھەسرەت زارىنى نەپرەت ۋە مەسخىرە ئىچىدە ئاڭلايدۇ .

**«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»**

ماختانماق ، لاپ ئۇرماق قارا نىيەت بىلەن يالغانچىلىقنىڭ ساختا شۆھرەت ۋەسۋەسىسى ئېھتىياجى بىلەن بىرلىشىش شەكلىدە مەيدانغا كەلگەن . ماختانماق ، لاپ ئۇرماق نادانلىق ئاسارىتىدە تۇرۇۋاتقان كىشىلەردىكى يەنە بىر ئېچىنىشلىق روھىي كېسەللىك .

**«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»**

ھەممە دېڭىزنىڭ چېكى بار ، پەقەت غەيۋەت دېڭىزىنىڭ بىر چېتى يوق !

**«ھەشەمەتچىلىك ۋە ھېرىس ـ ھۇرۇۋالىق»**

ھەشەمەتچىلىك تۇرمۇشتىكى كىچىك ئىش ئەمەس . ئۇ تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە ، مىللەتنىڭ ھەممە ھۈجەيرىلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاڭ قۇرۇلمىسىدىكى بىر خىل مەرەز ئىللەت ! ئۇ ئىنسان قىممىتىنى دەپسەندە قىلىدىغان ، مىللەت قىممىتىنى پۇچەكلەشتۈرىدىغان كېسەل تەگكەن كىشىلىك



قارشىسىنىڭ ئىپادىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

«ھەشەمەتچىلىك ۋە غېرىپ ـ غۇرۋالىق»

ئىنسان قىممىتى ساختا شۆھرەت ۋە ھەشەمەتچىلىك بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ . ئەكسىچە ، ئۇ ئىجادىي ئىقتىدار ۋە ئىجتىمائىي تۆھپە بىلەن ئۆلچىنىدۇ .

«ھەشەمەتچىلىك ۋە غېرىب ـ غۇرۋالىق»

ھەشەمەتچىلىك مىللەتنىڭ ئەنئەنىسىنى ئاياغ ئاستى قىلىدۇ . باشقا مىللەت ۋە باشقا دۆلەت كىشىلىرىنىڭ مەسخىرىسىنى قوزغايدۇ .

«ھەشەمەتچىلىك ۋە غېرىب ـ غۇرۋالىق»

ساختا شۆھرەت ــــ پۇچەك قەلبنىڭ يالتىراق سۆلىتى .

«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»

شۆھرەتپەرەسلىك بىر خىل ھاماقەتلىكتۇر .

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»

ھەشەمەتچىلىك شۆھرەت ئەمەس ، بەلكى نومۇس .

«ھەشەمەتچىلىك ۋە غېرىب ـ غۇرۋالىق»

ھەشەمەتچىلىك ــــ ئامەتتىن ھوسۇل يىغقانلىق ئەمەس ، ئاپەتنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىغانلىق .

ھەشەمەتچىلىك ــــ ئەركىن مۇھەببەتنىڭ كۆشەندىسى .

«ھەشەمەتچىلىك ۋە غېرىب ـ غۇرۋالىق»

ھەشەمەتچىلىك ئومۇمىي ئامرات جەمئىيەتنىڭ ساختا



دەبدەبىسى سۈپىتىدە نامايەندە بولىدۇ .

«ھەشەمەتچىلىك ۋە غېرىب ـ غۇرۋالىق»

يۇرتۋازلىقنى ئۆزىنى كەۋدىلەندۈرۈش قورالى قىلىش ، ئۆزىـ نى مۇھاپىزەت قىلىش قورالى قىلىش ، گۇرۇھ تـوپلاش قـورالى قىلىش ماھىيەتتە ئۆز يۇرتىنى دەپسەندە قىلىپ ، ئۆز يۇرتداشـ لىرىنى ئالداپ ، ئۇلارنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى ھاقارەتلىگەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس .

يۇرتۋازلىق يۇرتتىن ئېرىغدالمىسا يۇرت گۈللەنمەيدۇ . دۇنيا يۈزلىنىۋاتقان ئىنفورماتسىيە ( ئۇچۇر ) دەۋرىدە يۇرتۋازلىق مىلـ لەتنى ھالاكەت ھالقىسىغا ئېلىپ بارىدىغان بىرلەشمە كېسەل .

«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»

دىلى يۇرتۋازلىق زەھىرى ، تىلى يۇرتۋازلىق نەشتىرى ، قەـ لىمى يۇرتۋازلىق خەنجىرى بىلەن گۇناھ قىلغانلار مانا مىللەت ، مانا ۋەتەنگە قانداق تىكىلىپ قارىيالىسۇن؟ !يۇرتـۋازلارغا يـۇرت بېرىش بىزدىكى نادانلىق ئەمەسمۇ؟ !

«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»

قارا نىيەتلىك ۋە قولى يەتمەسلىك ھەسەتخورلۇقنىڭ باشـ لىنىشىدىن ئىبارەت .

«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»

بىلىمنى قەلبى كۆرسى ۋە كامالەت كۆرسىغا يەتكۈزمىگەن ھەسەتخور «ئۆلىما ـ زىيالىي»لار ئۆز مىللىتىدىن ھەقىقىي تەـ



پەككۇر ۋە بىلىم ئىگىلىرىنىڭ چىقىشىنى كۆرەلمەيدۇ .

**«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»**

ھەم قولى قىسقا ناقابىل ھەم قارا نىيەت ھەم غەيۋەتخور بولۇش بىر خىل زىددىيەتچان روھىي كېسەللىك بولۇپ ، ئىبلىس تەسۋىرىگە ئوخشايدۇ .

**«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»**

پەسكەش ۋە ھاماقەت كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان پەرىزات ـــ شۆھرەتپەرەسلىك بىرىنچىدىن ، سەممىيەتنى يەيدۇ ، ئىككىنچىدىن ، شۆھرەتپەرەس تەمكىنلىكتىن ئايرىلىپ مەمەدانە بولىدۇ . ئۈچىنچىدىن ، كۈلپەت كەلتۈرىدۇ .

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»

پىتنە تۇغدۇرۇپ ، تۆھمەت قىلىش يولى بىلەن سېستقۇچىلارنىڭ مۇقەررەر سېسىپ كېتىشى بۇ پاك ۋە ناپاكلىق كۈرىشىدىكى بىر ھەقىقەت . مانا بۇ تارىخنىڭ نۇرانە يۆنىلىشى . ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا تەگرىمۇ بولمىغان ، ھەقىقەتمۇ بولمىغان ، تارىخمۇ بولمىغان ، ئىستىقبالمۇ بولمىغان ، ئىنسانچ ۋە ئالىي ھىممەتمۇ بولمىغان بولاتتى .

**«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»**

ھەسەتخورلۇق شۇنداق كېسەلكى ، بىرىنچىدىن ، ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ ؛ ئىككىنچىدىن ، يۇقتۇرۇۋالغان كىشىلەرنى ھالاك قىلىدۇ ؛ ئۈچىنچىدىن ، مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى تارقاقلاشتۇرۇپ ، روھىي ئۇيۇشتۇرغۇچى ئاقىل كىشىلەرنىڭ



ئابرۇيى ـ نوپۇزىنى داۋاملىق قىرقىپ ، مىللەتنى ھالاك قىلىشنىڭ جەريانىنى تېزلەشتۈرىدۇ .

**«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»**

ھەسەتخورنىڭ تەپەككۇرى ، ھېسسىياتى ، تىلى ، قەلبى خۇنۇكلۇك بىلەن تولغاچقا ، تىنىقى ۋە يۈرەك سوقۇشى ھەمىشە ھەسەت زەھىرى ، بوھتان ئوتى ۋە قورقۇش تەشۋىشىدە تۇرىدۇ ، ئۇنىڭ روھىي كېسەللىكى جىسمانىي ئاجىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . ھەسەتخورلۇقنى يۇقتۇرغان كىشى ئۆزىگە يارىشا «جەڭگاھ» ئېچىۋالغان يەنە بىر ھەسەتخوردۇر .

**«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»**

ھەسەتخورلۇق تەرىپىدىن چىرمىۋېلىنغان مىللەت گەرچە تىل بىرلىكى بىلەن بىرلىشىپ تۇرسىمۇ ، قەلبى پارچىلانغان مىللەتتىن ئىبارەت .

**«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»**

ساختا شۆھرەت ھەقىقىي ئىجتىمائىي شۆھرەت ۋە ھەقىقىي ۋىجدانىي ئىپتىخار بولماستىن ، ئۇنىڭ ئەكسىچە جامائەتچىلىكنىمۇ ، ئۆز ـ ئۆزىنى ئالداپ ، ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بېرىدىغان «كۆلكىلىك ئەينەك» تىكى ساختا كۆرۈنۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس .

**«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»**

قاسساپلىق قۇشخانىغا مەركەزلەشكەندەك ، مەدەنىيەت ھەسەتچىلىكىمۇ نەشر ـ ئەپكار گۈلزارىدىن ئورۇن تۇتۇپ قالماسلىقى كېرەك . بۇ يۈكسەك گۈلزارنىڭ بۇلغىنىشى ئۈمىد شامىنىڭ



بوھرانىدىن دېرەك بېرىدۇ .

«ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك پارچىلار»

بىر كونا گۈمبەزدە قاقىلدار قاغا ،
ئېلىنى يوقاتقان شائىرغا قىياس .
ئەرۋاھتەك يېقىمسىز ئۈندىكى سادا ،
ئۈستىدە ئۆمۈرلۈك ھازىدار لىباس .
ئانا ئەل ئامانىسەن ئىلكىگە غۇرۇر ،
ھازىدار كۆڭلىدىن ساقلىنىشۇن خۇدا .
ئىزالار كۆزۈگىدىن گەر ئۆچۈرسا نۇر ،
شائىرلىق بۇ نەسەب قاغىدۇر گويا .
ۋەيرانە ئۈستىدە قاغا مۈگلىنار ،
سەبىلەر ئاتسىمۇ ئاڭا تىنماي تاش .
ھېكمەت شۇ : ياشاشنى خالىساڭ ئەگەر ،
ئىناقلىق ئىچىدىن ئىزدىگىن قۇياش .

«ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»

قەلەم ئەھلىنىڭ شان ـ شەرىپى ، مەردلىك ۋە ئەركەكلىكى ھەسەتخورلۇقتىن مۇتلەق خالىي بولۇشتا .

«ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»

ھەسەتخورلۇقنى ئەمەلىيەتتە سۆكۈش ، ئەمەلىيەتتە ئېرىنداش ، پەزىلەت مەسىلىسىنى پەزىلەت بىلەن ھەل قىلىش لازىم . جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدا قارا لىباس ، ئىجادىيەت كۈندۈزىدە ئاق يەكتەك كىيىۋالىدىغان كىشىلەرگە تارىخنىڭ قويىنى كەڭ بولۇشى

بىلەن بىللە ، مەسخىرە شەمشىرىمۇ يېتەرلىك ئۆتكۈر !

«ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»

ئەينەككە قاراش ئىككى خىل بولىدۇ : ئۇنىڭ بىرى ، يۇ-يۇپ ـ تارانغاندىن كېيىن ، تاشقى قىياپەتنى كۆزىتىش ئۈچۈن قاراش .

يەنە بىرى ، ئەينەككە تىكىلىپ قاراش ، ئۆز كۆزىگە سىنچىلاپ قاراپ ، ئۆزىنىڭ ئىچكى قىياپىتىنى ئۆزى كۆرۈش ئۈچۈن قاراش . ئاز بولمىغان كىشىلەر تاشقى قىياپەتنى ئوبدان بىلىسىمۇ ، ئۆزىنىڭ كۆزىنىڭ زادى قانداقلىقىنى راسا دېگەندەك بىلمەيدۇ . ئۆز كۆزىگە «ئەۋرەتتىكى كۆگۈلگە تايىن» دېگەندەك سەممىيلىك بىلەن قاراش ئاسان ئەمەس ، ۋەھالەنكى ، مۇنداق ئەينەككە قاراشقا جۈرئەت قىلىش ۋە مۇنداق ئەينەككە قاراشتىن تەربىيەت ئېلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقىدا پەرق تولىمۇ كاتتا . ھەسەتخورلۇقتا تەلۋە ـ تەرسا دەرىجىسىگە يەتكەن بىمارلارنىڭ ئىككىنچى خىل ئەينەككە قارىشى تولىمۇ مۇشكۈل .

«ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»

باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ساغلام ئېستېتىك زوقلىنىش پسىخىكىسىغا زىت ھالدا ئىللەت خاراكتېرىدىكى ھەسەتخورلۇق روھىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان كىشىلەرنىڭ مۇنداق پاك-لىنىش جەريانىنى ئۆتكۈزۈشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ . زوقلىنىش—



ئۇلۇغۋار ئىنسانىي روھىيەت ، ساغلام ھېسسىياتچان ھېسداشلىق قوۋانجى !مۇشۇنداق مەنىۋى مەلىكە ۋە روھىي سائادەتتىن مەھرۇم بولۇش نېمىدېگەن شورى قۇرۇغانلىق – ھە !

تىكەندىن قورقان ئەتىرگۈل بولماس ، ئىتتىن قورقان جاھان كەزدى ! ھەسەتكە يولۇقۇش نومۇس ئەمەس !

«ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»

مىللەتنىڭ روناق تېپىشى ، ھەتتا رىقابەتچان دۇنيادا ساقلىنىپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئىلىم – پەن بىلەن نادانلىقنى تازىلاش ، ئىتتىپاقلىق ، ئىناقلىق ، ھەمجەھەتلىك بىلەن ھەسەتخورلۇقنى تازىلاشتىن باشقا يول يوق !بۇ نۇقتىدا ھەسەتخورلۇق مىللەتنىڭ تەقدىرىگە ئالاقىدار چوڭ مەسىلە .

«ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»

رەشىك – ھەسەت — «روھىي ئازادلىق» ، «ئەركىن – دېموكراتىك روھ» نىڭ دەل ئەكسىچە ، مىللەت روھىيىتىدىكى ، جۈملىدىن ھەسەتخور ۋۇجۇدىدىكى ئەسەبىي ئىللەت . رەشىك – ھەسەت ئەپسانىۋى چۆچەك شەكلىدىكى دوزاخ بولماستىن ، دەل رېئال ، ھەقىقىي جەھەننەم . ئۇنىڭ ئوتلىرى نەپسانىيەت ۋەسۋەسىسى بىلەن يانغان ، ئۇنىڭ ئاپەتلىك يالقۇنلىرى ئۆزىنىڭ ناقابىللىقى ۋە بەختسىزلىكى بىلەن باشقىلارنىڭ ئىقتىدارى ۋە سائادەتمەنلىكىنى دەم يېتىپ سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن دوزاختىن ئىبارەت . بۇ خىل ھەسەت يالقۇنلىرى ئۇنىڭ

ئىقتىدارىنى ۋە بەختىكە ئېرىشىش مۇمكىنلىكلىرىنىڭ باش كو-
زىرى بولغان ئەقىل جەۋھىرىنى كۆل قىلىپ ، ئۇنى تەپەككۇر ،
روھىيەت ، خۇلقى ـ مىجەز ۋە جىسمانىي جەھەتتىن قۇرۇتۇپ ،
خارابىلىق توپىسىغا يېقىنلاشتۇرىدۇ .

«ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»

ھەسەتخور باشقىلارنىڭ سۈرىتىنى تامغا ئېسىپ قويۇپ ، ئۇنىڭ بەدىنىگە چاڭگال سېلىپ ، گۆشىنى ئېتىپ يېگەندەك خىيالىي كۆرۈنۈشتىن ئۆز ـ ئۆزىنى بەزلەپ ، ئەمەلدە ھەر دەقىقە ئۆز ـ ئۆزىگە چاڭگال سېلىپ ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈچىدۇر .

«ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»

ھەسەتخورلۇقنىڭ جىمغۇر بىر شەكلىمۇ بار . ئۇ بولسىمۇ «سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋېلىش شەكلىدىكى ھەسەتخورلۇق» تىن ئىبارەت . ئۇ ئۆز قېرىنداشنى ، ھاقارەتلىنىۋاتقان ، چەتكە قېـ قىلىۋاتقان بىگۇناھ كىشىنى مەلۇم بىر ئېغىز ، بۇرۇن يالىشىش لەززىتى ۋە تاپاۋەتكە دەپسەندە قىلىدىغان ، خار قىلىدىغان ، سا- تىدىغان كىشىلەرنىڭ دەل ئۆز ئەينى ئەمەسمۇ؟

«ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»

يىلىپىرى بىلمەكتىمەن ھالىڭنى خالىق ئۇيغۇرى ،
يادىكار ئەشئالىرىڭدىن يورۇدى قەلبىم نۇرى .
چاپسىمۇ جاللات سېنى ، جاللاتقا يەم قىلغان سېنى ،
سەن بىزار بولغان ئاشۇ ھەسەت ـ خۇشامەتنىڭ شورى !

«ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»



دانىشمەن ، سىرداشقا تەشنا ، روھىي تىرەك مۇئەككەلگە تەشنا ، ھەقىقىي قەلب ساقىيسىغا تەشنا ھالدا ، خاتا ئوبرازلاندۇرۇشلار ، رەشىك ـ ھاقارەتلەر ئىچىدە مەنىۋى تەنھالىق ئازابىنى چېكىدۇ . ئۇ توخۇ فېرمىسىغا كىرىپ قالغاندەك ، ئۆز قولىدىكى ئۈنچە ـ جاۋاھىرلارنى توخۇلارنىڭ تېپىپ ـ تاشلاپ ، سامان پاخاللار ئارىسىدىن دان تاللىشىپ يېيىشىۋاتقان ھالىتىدىن غەمكىن بولىدۇ !

«دانىشمەنلىكنىڭ دەردى»



10 ـ باب

# ئايال ۋە ئايالللىق

— ※ —

شەرم ـ ھايا ، ئېسىل پەزىلەت ئايالللىقنىڭ گۈل تاجىسى .

«ئىزگۇ مالائىكە»

ئىزگۇ مالائىكە مېنى ۋە بالىلىرىمنى ئۆزىنىڭ ئىزگۇ نۇرلىرى بىلەن ئەڭ ئېسىل بەخت قەسرىدە يېڭى ھاياتلىققا مۇيەسسەر قىلدى .

«ئىزگۇ مالائىكە»

ياخشى ئايال ئەرنىڭ بارلىق ئېغىرىنى كۆتۈرىدۇ .

«ئىزگۇ مالائىكە»

سەنئەتكار ئىنسان روھىيىتىنىڭ ئىنژېنېرى ، كەلگۈسى ۋە يېڭى ئەۋلاد مودېلىنىڭ بىۋاستە لايىھىلىگۈچىسى ، ئوبرازلىق غايىۋى تەپەككۇر مۇتەپەككۇرى . شۇنداق ئىكەن ، يازغۇچى ، شائىر ھەر خىل ژانىردىكى سەنئەتكارلار ئۈچۈن ئايالللىق غايەت كاتتا ، ئىنتايىن مۇھىم ۋە پەۋقۇلئاددە ھالقىلىق قىممەتتىكى تېماتىكا ھېسابلىنىشى لازىم .

«بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئايالار تەسۋىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى»

ئايالارنى سۆيۈش مىللەتنى سۆيۈش دېمەكتۇر .

«ئىزگۇ مالائىكە»



ئاياللىق — تەبىئەتنىڭ شاھ ئەسىرى .

ئاياللىق — گۈزەللىك قەسىرىنىڭ مەلىكىسى .

ئاياللىق — جەمئىيەت تۇغۇلمىلىرىنىڭ ئۆرۈش يىپى ۋە ئائىلە ئۇيۇشمىسىنىڭ چارق قازىنى .

ئاياللىق — ئەجداد ۋە ئەۋلاد مەرۋايىتلىرىنى تىزغۇچى رىشتە ، تەربىيە پائالىيىتىنىڭ مۇقەددەس ساھىبى .

ئاياللىق ئىلھام چەشمىسى ، ئارزۇ يەلكىنى ، ئۈمىد چولپىنى ، بەدىئىي ئەسەردىكى يالقۇنلۇق يۈرەك .

«بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئاياللار تەسۋىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى»

ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ تۇنجى ئىلاھىيەت ئوبرازىنى ئايال سىماسىدا ياسىغان . كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ ئالەم بىنا بولۇش توغرىسىدىكى ئەپسانىلىرى ئاياللىق تۇغۇلمىلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان .

«بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئاياللار تەسۋىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى»

بىز رېئال تۇرمۇشتا ۋە بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئاياللىقنىڭ ئالىيجاناب ۋە پەسكەش ئۈلگىلىرىنى دائىم ئۇچرىتىمىز . ئاياللىق بەزىدە ئىجابىي ۋە سەلبىي تەربىيە ۋاستىسى ، بەزىدە تاۋار ماركا ۋاستىسى سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزغا چىقىدۇ . يەنە بەزىدە ھىيلە ـ نەيرەڭ ۋاستىسى ، بەزىدە بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ رەڭ ۋە تەم قوشقۇچى ۋاستىسى سۈپىتىدىمۇ زاھىر بولىدۇ .

«بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئاياللار تەسۋىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى»

ئايال — پۈتكۈل ئايال ـ قىزلارغا قارىتىلغان ئىجتىمائىي ئىبارە . ئاياللىق — مەدەنىيەت ئېتنوگرافىيىسى ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق



نۇقتىسىدىن ئالغاندا ، ئومۇمەن ئىنساننىڭ يېرىمىنى ھاسىل قىلغان مۇھىم تەركىب ، خۇسۇسەن پۈتكۈل ئىنسان تەقدىرىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ مۇھىم تەركىبتىن ئىبارەت .

«بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئاياللار تەسۋىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى»

تارىخ ئومۇمىيلىق جەھەتتە ، بەزى كىشىلەر ئويلىغاندەك ئاياللاردىن چىققان تارىخىي شەخسلەرنىڭ تولىمۇ ئازلىقى بىلەن ئەمەس ، بۇنىڭ ئەكسىچە ، ئاياللارنىڭ تارىخىي شەخسلەرنى ۋە پۈتكۈل بىر دەۋرى يەنە بىر دەۋر كىشىلىرىنى قانداق يېتىشتۈرگەنلىكى بىلەن ئۆز سەھىپىلىرىنى بېزىگەن .

«بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئاياللار تەسۋىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى»

ئانىلىق مەلىكىسى — بىر قىزنىڭ بويىغا يېتىش ۋە پەرزەنت تۇغۇش ئىقتىدارىنى نامايەندە قىلغانلىقى بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئومۇمىي ھايۋاناتقا خاس بۇ ئىقتىداردىن ھالقىغان ، كەلگۈسى كىشىلىرىنى يېتىشتۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت مۇقەددەس خىزمەت بىلەن ئۆلچىنىدۇ .

«بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئاياللار تەسۋىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى»

ئاياللىق — بەدىئىي تەسۋىرنىڭ ھېكايە مەنبەسى ، ۋەقەلىك تۈگۈنى ، قىزىقتۇرغۇچى تەسۋىرىي ۋاستە بولۇش قاتلىمىدىن ئۆزلۈكنى بىلىش . ئۆز تەقدىرىنىڭ پۈتكۈل مىللەت كېلەچىكى بىلەن بولغان سەۋەبىياتلىق مۇناسىۋىتىنى بىلىش ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا پەرداز ئەينىكىدىن سىرت يەنە مىللەتنىڭ كېلەچىكى مودېلى ئەينىكىنى قويۇش ، ئاياللىق تەسۋىرلەنگەن ئېپىزوتلارغا



سەنئەتكار غايىۋى قاراشلىرى ، لىرىكىلىرىنى كۈچەيتىپ بېرىش قاتارلىق ئىجادىيەت مەقسەتدارلىقى قاتلىمىغا كۆتۈرۈلۈشى لازىم.

**«بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئاياللار تەسۋىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى»**

ئاياللار —— ئۆز مىللىتىگە ، ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىگە ، ئۆز ئېتنوگرافىيىسىگە خاس ئەنئەنىۋى ئىزچىللىق رېلىسىدىن چەتنىمەسلىكى لازىم . شۇ چاغدا ئانا ئۆز پەرزەنتلىرى نەزەرىدىكى ، دىلىدىكى ، تىلىدىكى ئۇلۇغۋار سىماغا ، مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە ئۆز پەرزەنتلىرى ئارقىلىق ئۇل تىزغۇچى بىناكارغا ، تۇرمۇش گۈلشىنىنىڭ ھەقىقىي باغۋىنىغا ئايلىنالايدۇ .

**«بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئاياللار تەسۋىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى»**

سەنئەتكار قانچە ئەسەر يازغانلىقى ۋە قانداق دەرىجىدىكى مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكى بىلەن غۇرۇرلىنىش ئورنىغا ، ئۆمۈر بويى تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ، ئەڭ ياخشى ئاياللار تۈركۈمى يېتىشتۈرگەنلىكى بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىق .

**«بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئاياللار تەسۋىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى»**

ئانا تۇپراققا ئوخشايدۇ ، ئۇ ياخشى پەرۋىشكە موھتاج . ئانا ۋەتەنگە ئوخشايدۇ ، ئۇ قوغداشقا ، سۆيۈشكە موھتاج .

«ئىزگۈ مالائىكە»

قىزلىرىمىز —— مىللەتنىڭ غۇنچىلىرى ، ئانا بولغۇچى مۇبارەك كىشىلىرىمىز . ئۇلارنىڭ ئىپپەت سارىيىنى قوغداش بىر پۇ-

تۇن مىللەتنىڭ ئىپپەت غۇرۇرىنى قوغداش دېگەنلىكتۇر .

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»





## 11 ـ باب

# دىن ، ئېتىقاد ، ئىمان ، ئەخلاق

— ※ —

ئەخلاق ئىنسانىنىڭ ئۆزىگە ۋە پۈتۈن جەمئىيەتكە بولغان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ياخشىلىق ياكى يامانلىق ئۆلچەملىرى ۋە باھالىرى توغرىسىدىكى ئاڭ شەكلىدىن ئىبارەت .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

دىن بىر خىل ئىدېئولوگىيە سۈپىتىدە ، گەرچە ساماۋى ئىدېئولوگىيىدەك كۆرۈنسىمۇ ، ئۇ يەنىلا ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىدىن ئىبارەت . شۇنىسى روشەنكى ، ئەزەلدىن ساماۋى ئىدېئولوگىيە بولغان ئەمەس !

«غەربىي يۇرت تاش كېمىر سەنئىتى»

ئەخلاق ھەر بىر كىشىنىڭ ئىنسانىي ساپاسى ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەينەك .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ئەخلاق ھەممىگە قارىتىلغان . ئۇ قەلب قانۇنى ـ ۋىجدان ۋە جامائەت پىكرى ئارقىلىق تىزگىنلىنىدۇ . ۋەھالەنكى ، جامائەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئەربابلىرى سەنئەتكار بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس !

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

دىن ــ رېئاللىقتىكى پانىي ئالەمدىن كېلىپ چىققان باقىي ئالەم توغرىسىدىكى ئەپسانىدىن ئىبارەت .

«غەربىي دىيار تاش كېمىر سەنئىتى»

ئۆزىنى تۇتۇش ــ ئەخلاق ۋە ئەقىلنىڭ مۇجەسسەملىكىدىن ئىبارەت .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

سەنئەتكار ئۆزىگە خۇراپىيلارچە چوقۇنماسلىقى ، باشقىلاردىن ھەتتا ئاۋام خەلقتىن ئۆزىگە چوقۇنۇش كەيپىياتىنى تەلەپ قىلماسلىقى ، شەخسىي ، ساختا شۆھرەتپەرەسلىككە بېرىلمەسلىكى ، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار خىزمىتىنى چاكىنا نام ـ ئاتاق ئۈچۈن قۇربان قىلماسلىقى لازىم . ئۇ ھەمىشە ئۆز سەنئىتىنىڭ خەلققە تەئەللۇقلۇقىنى ئەستە ساقلىشى كېرەك .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

سەنئەتكارنىڭ كەسپىي پائالىيىتى ئۆزگىچە بولغانلىقى ئۈچۈن ، سەنئەتكار ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە بويسۇنۇشتىن تاشقىرى ، يەنە كەسپىي ئەخلاق تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلىشى لازىم .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

كەسپىي ئەخلاق سەنئەتچىدىن ئۆزىنىڭ كەسپىي تەلەپلىرىنى ئىمكانقەدەر تولۇق ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەركىن ـ ئازادە ، تېتىك ۋە پائالىيەتچان بولۇشنى ، شۇنىڭ بىلەن شۇ كەسپىي ئەخلاق يول قويغان دائىرىدىن چىقىپ كەتمەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»



كەسپىي ئەخلاق ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ ئوخشاشمىغان كەسىپتىكى ئىپادىلىنىشى ، مۇئەييەن كەسىپ ئالاھىدىلىكىگە بىنائەن خاس مۇستەقىللىققا ئىگە بولغان تارمىقى ، كەسپىي ئەخلاق يەنىلا ئىجتىمائىي ئەخلاقنى چىقىش نۇقتا ۋە ئاساسىي ئۆلچەم قىلىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ھەر بىر كىشى ئۆز ئەخلاقىغا مەسئۇل بولۇشى لازىم . بۇ ئۇنىڭ خەلققە ، ئۆز ئىستىقبالىغا مەسئۇل بولۇشىنىڭ ئىپكىزى . مۇنداق ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت نومۇس ۋە ئىپتىخار ئارقىلىق باشقۇرۇلىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

بىلىم ۋە ئەخلاق ھەر ئىككىسى ئەقىلنىڭ ئىككى قانىتى .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ئەڭ چوڭ ئەقىل — ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىش ۋە ئۆزىنى تۇتۇشقا ماھىر بولۇشتىن ئىبارەت .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

بىلىم ۋە ئەخلاقنىڭ ئەقىلدىكى بىر پۈتۈنلۈكى ، ئاجرالماسلىقى غەلبىنىڭ ئانىسىدىن ئىبارەت .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

كەچقۇرۇن پېتىۋاتقان قۇياش بىلەن سۈبھى سەھەر كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش بىر قاراشتا ئوخشاش شەپەق چېچىپ ، ئوخشىشىپ



كەتكەندەك كۆرۈنىدۇ . ئەگەر بىز خىراماتلىق ئىلكىدىن قۇتۇلۇپ ، شەرق بىلەن غەربنى ، كېلىشۋاتقان يېڭىلىق بىلەن كېتىشۋاتقان كونىلىقنى پەرق قىلالىساقلا ، بۇنداق «ئوخشىشىپ» كەتكەن ھادىسىدىكى تۈپلۈك پەرقىنى بايقىۋالالايمىز

«ئەنئەنىۋى ئاڭ گۈگۈمىدىكى ئۇيقۇ ۋە زامانىۋى ئاڭ سەھىرىدىكى ئويغىنىش»

ئەخلاقمۇ بىلىم .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ھەقىقىي ئىنسان ئىنساننىڭ ئىنسانىي ماھىيەتلىرىنى ئالدىن چۈشەنگەن ۋە مىللەت ئىچىدە ئۆزلۈك ئاقارتىش ئېلىپ بارغان ھەقىقەت ۋەكىللىرى بولۇپ ، ئۇلار تارىخنىڭ تەپەككۇر سۇمۇرغلىرى ، خەلقنىڭ دانىشمەنلىرىدىن ئىبارەت .

«تەگرى»

قۇيۇچ ياخشى بولمىسا قىلىچ ئۆتكۈر بولماس ، بەدەن قۇۋۋەتلىك بولمىسا جەڭچى پالۋان بولماس ، قەلب يۈكسەك بولمىسا ئادەم ياخشى بولماس .

«كومىراجىۋا»

ئەلۋەتتە نىكاھسىز ئائىلە ، ئائىلىسىز مىللەت ، مىللەتسىز ئىنسانىيەتنىڭ ئەۋلادلىرى بولمايدۇ . ئەۋلادسىز ئېتىقاد ۋە ئېتىقادسىز ئەۋلاد ھەر ئىككىسى بالايىئاپەت !

«كومىراجىۋا»

دىن ـــ بىر خىل مەدەنىيەت مۇجەسسەمىدىن ئىبارەت . دىن ـــ



غەيرىي ماددىي ئىلاھىي ئەقىدىنى يادرو قىلغان ۋە بۇ ئىلاھىي ئەقىدە بويىچە ھەر خىل پەلسەپۋى، ئەخلاقىي، ئىلمىي ۋە بەدىئىي كۆزقاراشلارنى، ئىبتىدائىي ئادەت ۋە يوسۇنلىرىنى تىزگىنلەپ، ئۆزىگە خاس كومپوزىتسىيە ھاسىل قىلغان مەدەنىيەت مۇجەسسەمىدىن ئىبارەت.

«كۈسەن رەسساملىرىدىكى ئېستېتىك ئاڭ»

ئىپتىدائىي ئىنسان ئۆز ئېتىقادىدا ئىپتىدائىي سەنئەتتىن كەڭ بەھرىمەن بولغان. بىر تەگرىلىك دىنلار، جۈملىدىن بۇددىزىممۇ سەنئەت ۋاستىلىرىدىن كەڭ پايدىلانغان.

«كۈسەن رەسساملىرىدىكى ئېستېتىك ئاڭ»

تەڭرى ــــ تەبىئەت قۇدرىتى ۋە تەبىئەت تەرتىپى مەنىسىدە؛ بۇ قۇدرەت ۋە تەرتىپنىڭ روھىي مۇئەككىلى، بىرىنچى سەۋەبى مەنىسىدە؛ ئادەم قىياپەتلىك ئالەم پادىشاھى مەنىسىدە؛ ئىنساننىڭ ئەقىل ۋە كۆڭلىدە گەۋدىلەنگەن ۋەھدەت مەنىسىدە؛ ئىنساننىڭ كامالەتلىك ماھىيىتى ۋە مۇقامى مەنىسىدە ئىستېمال قىلىنىپ كەلدى. ئىلاھىيلىق تېخىمۇ كەڭ مەنىدە، بىرىنچى دەرىجىلىك مۆتىۋەر يۈكسەك خاسىيەتلەر مەنىسىدە؛ ئىنساننىڭ پاك كۆڭلى مەنىسىدىمۇ قوللىنىلدى.

«تەڭرى، ئەلچى، قەھرىمان ۋە ھاكىم توغرۇلۇق سۆز»

تەڭرى ــــ خاسىيەت، ئىقتىدار، ماھىيەت ۋە سۈپەتلەرنىڭ ئەڭ ئىزگۈسى ۋە ئەڭ گۈزىلى. ئىنساننىڭ قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ، ئەقىدە ۋە ئۈمىد چىرىغىنى يورۇتىدىغان ئەڭ نۇرپۇزلۇق

ئىبارە ۋە روھىيەت .

«تەگرى ، ئەلچى ، قەھرىمان ۋە ھاكىم توغرۇلۇق سۆز»

ۋاپا —— ئىنزگۇ كۆڭۈلنىڭ ئىنزگۇ پەزىلىتى ، دانا ئەقىلنىڭ شىرىن مېۋىسى ، ئىنزگۈلۈك ۋە كامالەت مۇقامىغا يەتكەن كىشى ۋاپا بېغىشلىغۇچىدۇر ، ۋاپا تەلەپ قىلغۇچى ئەمەستۇر ؛ كەرەم ئاتا قىلغۇچىدۇر ، تەمەننا قىلغۇچى ئەمەستۇر .

«ۋاپا»

دىنىي مەزھەپ كۈرەشلىرى بىلەن مىللىي ، ئىرقىي ئۇرۇشلار شۇ دەرىجىگە يەتتىكى ، ئۇنى ھەممە قىتئە ۋە مەملىكەتلەردىن تېپىش مۇمكىن . بىر قوشۇندىكى ئىككى دىنىي مەزھەپ ، بىر كوچىدىكى ئىككى مىللىي ، ئىرقىي تۈركۈم پۈتۈن ۋاستىلەر بىلەن شۇنداق ئۇرۇشتىكى ، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشقا پوپلار ، پاپالار ، ئۆلىمالار ، سىياسىئونلار ، سەركەردىلەر ، ناتىقلارمۇ پايلىمىدى . مانا ئالدىمىزدا تۇرغان تېلېۋىزورنى ئېچىڭچۇ ، ئۇنىڭ رەڭدار ئېكرانىدا بۇ « تۆت دائىمىي» دىن باشقا تېماتىك مەزمۇنلار تولىمۇ زەئىپ ۋە ۋىجىك ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرىسىز...

«ھايات دانىشمەن»

ئەڭ چوڭ بەختسىزلىك شۇكى ، ئۇ ئۆز ئەھۋالىنىڭ نې- چوكلىكى توغرىسىدىكى ھەقىقەتلەرنى ئاڭلاشنى خالىمايدۇ . ئۇ



ياخشى ـ يامانلىق ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېلىپ ، نەپسانىيەتتە مايمۇنلۇقتىن ئالۋاستىغا يۈزلەنگەن ؛ ئەخلاقلىق ، ساداقەتمەن كىشىلەرنى ئويۇنچۇق بىلىپ ، بازار تىلسىملىرىدىكى شەيتان ئويۇنىنىڭ رولچىلىرى قىلىۋالغان ؛ ئۇ ، بۇ يولدىكى ئەسەبىيلىكلەرنى كىشىلەردىن ھالقىغان قابىللىق دەپ بىلىپ ، ئۆز ـ ئۆزىنى ھالاك قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرىنى تېپىشنى ئىجادىيەت دەپ قارىغان .

قىسقىسى ، ئۇنىڭ كەسپىي ۋە ئىش ـ ئەملى زېمىن ۋە مۇھىت ، پىكىر ۋە قەلبىنى بۇلغاپ ، ئۆز ـ ئۆزىگە گۆر كولاشتۇر .

«سۆزۈك ئەينەك»

تارىخنىڭ مەسخىرىسى ــ روھىيەت جەھەننىمى .
كەلگۈسىنىڭ بارىكاللىسى ــ مەنىۋىيەت جەننىتى .

«كاككۇكنامە»



## 12 _ باب

# ئانا تىل

— ※ —

تىل — ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئىقتىدارى — تەپەككۇرنىڭ ئاساسىي ماتېرىيالى ۋە ئىپادىلىنىش شەكلىدىن ئىبارەت .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ئىنسانىيەت تىل ۋاستىسى بىلەن ھايۋانات دۇنياسىدىن ئايرىلغانلىقىنى ، يېڭى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تۈرىنى شەكىللەندۈرۈشكە قەدەم قويغانلىقىنى كۆرسەتتى .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

تىل — تەپەككۇر ئېقىمى ، تەپەككۇرنىڭ سىرتىلىشىشى ، تەپەككۇر تىلىنىڭ بۆلىقى ، تىلنىڭ ماھىيىتى ، تىل غايە ، ھېس تۇيغۇ ۋە تەپەككۇرنىڭ ئېسىل قەسرى .

ئۆز تىلىنى ئۆز قەلبى بىلەن بىرلەشتۈرۈش — ئىنسان ئىقتىدارىدىكى مۇھىم كامالەت .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ئېغىزدا بىر خىل ، ئەمەلدە بىر خىل ، ئالدىدا بىر خىل ، كەينىدە بىر خىل بولۇش ، بولۇپمۇ قىزىل كۆزلۈك ، كاززاپلىق ، مۇناپىقلىق قەلبى خۇنۇكلۇكنىڭ ئىپادىسى .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»



تىل — مىللەتنىڭ بايلىقى، تىل — مىللەتنىڭ مۇھىم، ھەتتا ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەر داۋامىدا شەكىللەنگەن، كۆپ باسقۇچلۇق تىل تەرەققىياتى ئارقىلىقلا بېيىغان تۈپ ئالامىتى، مىللىي روھىيەت ۋە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ نوپۇزلۇق قورغىنى ۋە خەزىنىسى.

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

تىل — مىللەتنىڭ ئۆتمۈش ئەجدادلىرى ياراتقان مەدەنىيىتىنى، ھازىرقى كىشىلىرى يارىتىۋاتقان مەدەنىيىتىنى كەلگۈسى ئەۋلادقا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئۇلۇغ ئۇچۇر قانىلى.

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

تىل — مىللەتنىڭ ئالدىنقى بوغۇنلىرى تۇپراققا كىرگەندىمۇ مىللىي مەدەنىيىتىنى ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئاساسلىق مىراس.

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

تىل — ئەسىرلەر داۋامىدا تىرىك پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان مىللەتنىڭ يۈرىكى، قېنى ۋە جېنى.

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

تىل — مىللەت تارىخىنىڭ تىغى، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ راۋان دەرياسى، مىللىي تۇرمۇشنىڭ تىنىقى ۋە يىمىرىلمەس سېپىي.

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»



ھەر مىللەت تىلى خۇددى شۇ مىللەت ياشىغان ئانا زېمىندىن ئۆركەشلەپ ئاقىدىغان دەريادەك شۇ مىللەت ھاياتىنىڭ تەبىئىي مۇھىتى، تارىخىي مەنزىرىسىنىڭ باي ۋە رەڭگارەڭ «مېنېرال»لىرى بىلەن تويۇنغان بولىدۇ.

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

تىل — يېزىقتا ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم.

« ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە »

مىللىي تىل — شۇ مىللەتنىڭ مەنىۋى ۋەتىنى سۈپىتىدە مۇقەددەس.

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

تىل ئۆلگەن جايدا مىللەتنىڭ ھاياتى خازان بولغان بولىدۇ.

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

تىل — مىللەتنىڭ قەلبى.

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

تارىخ تېخى مىللىي تىللاردىن مۇستەسنا بىرەر مەدەنىيەت «ئەلئىبھرامى» ئۇچراتقان ئەمەس! مەيلى ئېغىز - نۇتۇق تىلى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ژانىرلىرىنىڭ تىلى ياكى يازما ئەدەبىيات ۋە شېئىرىيەت تىلى، ھەتتا مۇزىكا تىلى، ئۇسسۇل تىلى بولسۇن، ئۇ ئالدى بىلەن ئۆز مىللىتىگە خاس، يېقىملىق ھەم ئىپتىخارلىق.

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»



تىلنى بىلمەي تۇرۇپ ئېلىنى بىلمەن دېيىشنى ، تىلنى سۆيمەي تۇرۇپ ئېلىنى سۆيۈشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

تىلنىڭ ھاياتى ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشىدە ، ھەرقانداق مىللىي تىلنىڭ ئېغىزدىن قېلىشى ، بولۇپمۇ قىزلار ۋە ئانىلار ، يىگىتلەر ۋە ئاتىلار ئېغىزىدىن قېلىشى : ئوقۇتۇش ۋە يېزىقچىلىقتىن قې- لىشى ۋە ئۇنىڭ ئەجىلىدىن ئىبارەت .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ھەرقانداق باشقا جانلىق شەيئىگە ئوخشاش ، ھەرىكەتتىن توختاش تىلنىڭ ھالاكىتىنى كۆرسىتىدۇ . ۋەھالەنكى ، تىل ھالا- كىتى مىللەتنىڭ ھالاكىتىدۇر .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

مىللىي تىلشۇناس تەپەككۇرلەرگە موھتاج .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

مىللىي تىل ناتىقلارغا ئوقۇتقۇچى ، شائىر ، ئادۋوكات ، يازغۇچى ، سورۇن باشقۇرغۇچىلارغا موھتاج . تىل نەققاشى — نا- تىق يالغۇز سۆزلەش ماھىرلىرىلا ئەمەس ، ئەڭ ئالدى بىلەن ئىلىم ۋە ھېكمەتنى بىلگۈچى دانالار بولۇشى ، ۋەزخانلارلا ئەمەس ، خەلق روھىيىتىنى تەربىيىلەيدىغان مەدەنىيەت جەڭچىلىرى بولۇشى لا- زىم . ئۇلار تىلدا ئۇلگە كۆرسىتىشى كېرەك .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

تىل تەلىم تەربىيىسىنىڭ مۇھىم ۋاستىسى ، شۇنىڭدەك تىلشۇناسلىققا ئائىت ھەر دەرىجىلىك كەسپىي تەربىيە — خەلق مائارىپىنىڭ ، مىللىي مائارىپنىڭ دائىمىي غوللۇق بىر مەزمۇنى .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

تىل — بىلىم مۇقەددىمىسى ، شۇنىڭدەك بىلىم قەسرى .

تىل — ھەر بىر شەخسكە ئىلىم ، مەدەنىيەت ، ئەخلاق ، سەنئەت نۇرىنى بېغىشلايدىغان ئاڭ ، پىكىر مەشئىلى .

تىل — ھېسسىيات ، ھېسداشلىق ، جۇشقۇن روھىيەت يېتىشتۈرىدىغان باغۋەن . تىل بايلىقى ، تىل مەدەنىيىتى ، تىل نوپۇزى ھەر بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى ساپاسى ، تارىخىي ئۇتۇقلار جۇغلانمىسى .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

مىللىي تىل — پۈتكۈل نەشرىيات ـ ئاخبارات ، ئىجتىمائىي، ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھە ، تارماقلىرىدا تەبىئىي ۋە زۆرۈر ئىشلىتىش نوپۇزى ۋە ئىقتىدارىغا مۇيەسسەر بولۇشى لازىم .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

باشقا مىللەت ۋە باشقا دۆلەت تىللىرىنى قانچە ياخشى ۋە قانچە كۆپ بىلسە ، ئۇ خۇددى كۆپ خىل چالغۇ قوراللىرىدىن خەۋەردار بولغان ، ھەر خىل قۇلۇپلاردىن ئېچىشقا لازىملىق ئاچقۇچلىرى بولغان كىشىدەك مەنپەئەتلىك ئىش . كۆپ تىل



بىلىش كۆپ قورالنى ئىگىلەش دېمەكتۇر .

«قاتلاملىق ئىستىتىكا»

ئۆز ئانا تىلىغا مۇھەببەت قانچە كۈچلۈك بولسا ، ئۆز خەلقى ۋە ۋەتىنىگىمۇ سۆيگۈسى كۈچلۈك بولىدۇ .

«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»

تىل — ئىنسان قەلبىنىڭ ئەلچىسى ، ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ شاھىدى . تىلنىڭ بېزىكى — ئەلچى ۋە شاھىدىغا مۇناسىپ روشەنلىكتىن ئىبارەت .

«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»

تىل — ئاۋاز چىقىرىش ئۈچۈنلا ئەمەس ، بەلكى تەپەككۇر ۋە ھېسسىياتنىڭ سۈرىتىنى سىزىش ئۈچۈن ئىجتىمائىي ئالاقىگە كىرگەن . بۇ سۈرەت توغرا تەلەپپۇز ۋە مەنە روشەنلىكى بىلەن دەلمۇدەل ئوتتۇق ئۈچۈرىغا ئايلانغاندىلا ، ئىجتىمائىي ئالاقە قورالى رولىنى جارى قىلالايدۇ . مۇنداق تىل قۇدرەتلىك قوماندانلىق نوپۇزىنى تىكلەپ ، ئاڭ ۋە ھەرىكىتىمىزنى تىزگىنلەيدۇ .

«قاتلاملىق ئىستىتىكا»

تىلنىڭ توغرا تەلەپپۇز قىلىنىشى ۋە مەنىلىك روشەنلىكى تەپەككۇر دەللىلىكى ۋە تەپەككۇر روشەنلىكىدىن ھاسىل بولىدۇ .

«غەربىي يۇرت تاش كېمىر سەنئىتى»

مىللىي تىلنىڭ توغرا تەلەپپۇز قىلىنىشى ۋە روشەنلىكى — تىلشۇناسلىقنىڭ خۇددى تەپەككۇر ئىلمىدىكى «شەكلەن لوگىكا» غا ئوخشاش ئەڭ ئېلېمېنتار ، ئەڭ ئەقەللىي كەسپىي تەلىپى ۋە شەرتى .

«قاتلاملىق ئىستىتىكا»

تىلشۇناسلىقنىڭ پەلسەپىۋى قىممىتى مىللىي تىلنىڭ مەنە ـ تەپەككۇر سالمىقىنى ، ۋەزنىدارلىقىنى ۋە مىللىي تىلنىڭ گۈزەل ئەخلاقىي تەسىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق ، مىللەتنىڭ مەنىۋى ساپاسى ۋە مەنىۋى قىياپىتىنى كامالەتكە داۋاملىق يۈزلەندۈرۈشتە گەۋدىلىنىدۇ .

«قاتلاملىق ئىستىتىكا»

تىلنىڭ ئەزمىلىكى ، يەڭگىللەتەكلىكى ، تېتىقسىزلىقى ، مەنىسىز ، ۋەزنىسىز ، پۇچەكلىكى سۆزلىگۈچىنىڭ ئەقلىي ساپاسىنىڭ تۆۋەن ، تەپەككۇر قابىلىيىتىنىڭ ئىچىلمىغانلىقىدىن ئۇنىڭ ئۆز سۆزى ئارقىلىق ئۇچۇر بېرىدۇ .

«قاتلاملىق ئىستىتىكا»

بىرەر مىللەتنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى تىلىدا ئەرزىمەس ، ئۇششاق ـ چۈششەك مەزمۇنلاردىن باشقا ئىلمىي ، مەدەنىيەت ، سەنئەت تەپەككۇرىنىڭ مەنىلەر دۇردانىلىرى ئاز بولسا ، بۇ مىللەت تېخى زامانىۋى ئاڭ ۋە مەدەنىيەتتىن چەتتە قالغان مىللەت بولۇپ چىقىدۇ .

«قاتلاملىق ئىستىتىكا»

تەپەككۇر دىيارىنىڭ شەھەر قەلئە دەرۋازىسىدىن جاۋاھىر كارۋانلىرىمۇ ، ئەبگاھ دىۋانىمۇ ئۆتىدۇ .

«قاتلاملىق ئىستىتىكا»

تىل تولىمۇ سېھىرلىك كۈچ . ئۇ ئىبارىلەر تەختىدە مەنىلەر



مەلىكىسىنى كۆتۈرۈپ ، كىشىلەر قەلبىنى ھەقىقەت نۇرى بىلەن بېزەيدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

تىلنىڭ مەنە ۋەزىنىدارلىقى دەل تەپەككۇر دىيارىغا كىرگەن جاۋاھىر ئارتقان كارۋانغا ئوخشاش .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

سۆز گۈزەللىكى قەلب گۈزەللىكىنى ئىپادىلەيدىغان بىر ئۇ-چۇر . «سۆز قەلبنىڭ ساداسى» دېگەن سۆز بار . شەخسنىڭ ئىدىيە ھېسسىياتى ، پوزىتسىيە ۋە كەيپىياتى ، مەدەنىيەت سەۋىيىسى سۆز ئارقىلىق ئاڭ شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

تىل — قەلب ئىزھارچىسى ، قەلبلەرنىڭ ئەخلاقىي سۈپەت-لىرى سەۋەبىدىن ئىنسان ئەدەبلىك تىل ۋە ئەدەبسىز تىلنى ئىزھار قىلىشىدۇ . بۇ شۇ شەخسكە بىۋاستە ، شۇ ئىجتىمائىي مۇھىتقا ۋاستىلىك ئالاقىدار بولىدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

تىل — يالغۇز تىل تەلەپپۇزى مەدەنىيىتىنى ، تىل مەنە باي-لىقى — تىلغا يىغىنچاقلانغان ئەقلىي كامالەت مەدەنىيىتىنى ئۆ-زىگە ياندىشتۇرۇپ قالماستىن ، يەنە تىلنىڭ ئەخلاقىي مەدەنىيىتىنى ئۆزىگە شەرت قىلىدۇ . تىل ئەخلاقى ھەر بىر شەخسنىڭ ۋە مىل-لەتنىڭ كامالىتىنى ئىپادىلەيدۇ .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ھەر بىر كىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ تىل ئەقلى ۋە تىل ئەخلاقىنىڭ قانداق بولۇشى ئۇنىڭ ئۈچۈن تەقدىر بېكىتكۈچىدۇر. ئوخشاشلا، تىل بوستانىدا ئەقىل مېۋىلىرى يېتىشتۈرەلىگەن مىللەت بىلەن تىل قوراللىرىدىن يانغىن چاچراتقان مىللەتنىڭ تەقدىر ـ قىسمىتىمۇ تامامەن باشقا ـ باشقىچە بولىدۇ.

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

تىل ئەخلاقى ماھىيەتتە قەلب ئەخلاقىدىن ئىبارەت.

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

پەقەت تىل ئەخلاقى پاك كىشىلەرلا ئۆزىنىڭ پاك قەلبىنى گەۋدىلەندۈرەلەيدۇ. ئادەم خاراكتېرى ئۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىدە ئاشكارىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمەت ۋە نەپرىتىنى قوزغايدۇ.

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

پىكىر مۇنازىرىدىن خالىي ئەمەس. بۇ خىل مۇنازىرە مۇخالىپلار زىددىيىتى بولۇپ قالماسلىقى، بەلكى تەپەككۇر مۇنازىرىسى بولۇشى لازىم.

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

مۇنازىرىدە ئەقىل غەلىبىسى بىلەن ئەخلاق تەنتەنىسى بىرلىككە ئېرىشكەن كىشى ئالىيجاناب ۋە دانا كىشىدۇر.

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

تىل گۈزەللىكى ئۇنىڭ چىنلىقى ۋە ئىزگۈلۈكىنى ئۆز



ئىچكە ئېلىش بىلەن بىللە، يەنە تىلنىڭ بىر قاتار گۈزەللىك ئۆلچەملىرىگە ئۇيغۇن بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

قوپال سۆز — ئەقلىي، ئەخلاقىي، روھىي گادايلىقنىڭ ئىپادىسى.

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

كەپتە ئۇتقانلىق، يىرىك گەپلەر بىلەن بېسىم ئىشلەتكەنلىك غەلىبە ياكى شۆھرەت ئەمەس. ھەقىقىي غەلىبە ھەقىقەتنىڭ غەلىبىسى، گۈزەللىكنىڭ غەلىبىسى، كىشىلەر قەلبىنىڭ غەلىبىسى.

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

تىل — ئىنسانىيەتنىڭ قۇدرەتلىك قورالى، ئۇ ئىنسان ئەقلى ۋە پەزىلىتىنىڭ تەگداشسىز خەزىنىسى.

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ھەرىكەت گۈزەللىكى — سۆز بىلەن ئەمەلىي پائالىيەتنىڭ بىردەكلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئۇ قەلب گۈزەللىكىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىپادىسى ۋە ھەقىقىي ئىسپاتىدىن ئىبارەت.

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئىنسان سۆزلىگەننى ئەمەلدە كۆرسىتىشى، ئەمەلدە كۆرسىتەلەيدىغان سۆزنى سۆزلىشى كېرەك.

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

13 ـ باب

# مىللەت، ئەل ـ يۇرت، ئانا ۋەتەن

— ※ —

مىللەت گەۋدىسىدە چوڭقۇر پىسخىك ئىللەت بولۇپ ساقلىنىپ تۇرغان خۇنۇك خاراكتېر كىر ـ داغلىرىنى تازىلاش مىللەتنى پاكلاشتۇرىدۇ. مىللىي ساغلام روھىيەتنى ئۇرغۇتىدۇ.

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

تاشقى دۇنيادىن داۋاملىق ھالدا قوۋۋەت ـ مەدەت ئېلىپ ئۆزىنى تولۇقلاپ تۇرغاندا، يىلتىزسىز گىياھقا ئوخشاش ھالەتكە چۈشۈپ قالمايدۇ.

«ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش»

ھەقىقىي سەنئەتكار ئالىيجاناب قەلب ئىگىسى بولۇشى لازىم. ئۇ ئىلغار دۇنيا قاراشقا، ئىلغار كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىغا ئىگە بولۇشى، ئۇ ئىنسانپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، ھەققانىيەتپەرۋەر روھقا ئىگە بولۇشى كېرەك.

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

زامانىۋى ئاڭ ھازىرقى زامان ئادىمىنىڭ، مىللىتىنىڭ، دۆلىتىنىڭ ئىنسانىيەت قاتارىدا داۋاملىق روناق تېپىشىنىڭ ئىدىيىۋى شەرتى. مۇنداق ئاڭنىڭ تىكلىنىش ـ تىكلەنمەسلىكى تارىخىي تەقدىرنىڭ قانداق بولۇشىغا بىۋاستە ئۆتكۈر تەسىر



كۆرسىتىدۇ .

«ئەنئەنىۋى ئالغ كۈتكۈمىدىكى ئۇيقۇ ۋە زامانىۋى ئالغ سەھىرىدىكى ئويغىنىش»

زامانىۋى ئالغ سەھىرى ئويغىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ . ئۇ بۇ-
كۈنكى ئىنسانىي قەدىر - قىممەت ، ئىنسانىي ئەرك ، باراۋەرلىك ۋە
ئورتاق گۈللىنىشنىڭ ئەڭگۈشتىرى .

«ئەنئەنىۋى ئالغ كۈتكۈمىدىكى ئۇيقۇ ۋە زامانىۋى ئالغ سەھىرىدىكى ئويغىنىش»

مەن بىر سىقىم تۇپراق ! مەن سېنى زېمىنىدىن ، تۆت ئەت-
راپتىكى تۇپراقلار تۈركۈمىدىن ، بۇ تۇپراقلارنىڭ تارىخىي ھېكا-
يەتلىرى ، چۈشەكەش روھىيەتلىرى ، ئۈمىدۋار شېئىرىيەتلىرى ۋە
ئاجايىپ ھېكمەتلىرىدىن يۇلۇپ ئېلىپ ، شاھانە يوپۇقلار بىلەن
بېزەپ ، ئاخىرومازدا ئىلاھى ياكى مىترا قۇياش مۇئەككىلىدەك
«نۇر» ، «نۇر ئەفشان» ، «نۇر ئوغلى» دېگۈچىلەرگە قوشۇما قې-
شىمنى كۆمۈردەك قارايتىپ ، مۇشتلىرىمنى تاغدەك تۈگۈپ ھىمە-
يىدىغان تۇپراقمەن .

«تۇپراقنىڭ مونولوگى»

بەدىنىم پەي زىنىتلىرى بىلەن ياشناپ تۇرسىمۇ ، سەرگۈ-
زەشتلىرىم سىڭگەدىن ئارتۇق . ئىلھامىنىڭ ھەقىقىي مەبۇدىسى
مۇسىي ① ئەمەس ، بەلكى قەپەس .

«كاككۇكنامە»

ياشلارنىڭ ، ياش ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى قىياپىتى ۋە مەنىۋى
قىممىتى بىۋاسىتە مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ يېقىن كەلگۈسى

---

① مۇسىي — گرېك ئەپسانىلىرىدىكى ھۈنەر - سەنئەت مۇئەككىلى .

ئىستىقبالىغا تۇتاشقان بولىدۇ.

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ياشلىق — ئۆزىنىڭ سېھىرلىكلىكى ۋە گۈزەللىكى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ كېلەچىكى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۈمىدلىك، ئىستىقباللىق ۋە قىممەتلىك.

مەن بىر سىقىم تۇپراق! گاھىدا قىلىچ پارچىسى، گاھىدا دېپتەر سەھىپىسى، گاھىدا شاھ تاجىسى ۋە گاھىدا دەرۋىش ھاسىسىنىڭ، مەيخور كاسىسىنىڭ ئۇچىغا بىنا بولۇپ، ھايات تانا-سىپلىرى بىلەن مامات نىسبەتلىرىدىن ئالجەبرى تۈزۈپ يۈرگەن تۇزانىمەن.

«تۇپراقنىڭ مونولوگى»

مەن — بىر سىقىم تۇپراق! گۈزەلنىڭ يۈزىگە لاك بولۇپ سۈركەلگىنىمدە، ساھىبجامالنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىغا تاراق بولۇپ تېرەنلەپ كىرگىنىمدە، ئاشىقنىڭ بىتاقەت لېۋى ۋە مەشۇقنىڭ ئىنتىزار كالپۇكى قىياپىتىگە كىرىپ، ئۆزۈمنى ئۆزۈم سۆيگۈنىمدە خۇددى بىر - بىرىنى يوقىتىپ، تۇنجى ھىجران ھېكايىسىنى يا-راتقان ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىدەك ئۆز - ئۆزۈمنى تېپىۋالغاندەك روھلىنىمەن.

«تۇپراقنىڭ مونولوگى»

جان بىلەن تەن قوشۇلمىسى تەگلىمىدە «ھايات» تىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ مەن ئۈچۈن ۋە ئۆزىنى «مەن» دېيىدىغان ھەممە تۇپراقداشلىرىم ئۈچۈن «ئىنسان» مۇقامىدىكى «ھايات» تىن ئىبارەت...

«تۇپراقنىڭ مونولوگى»



ماھىيەت —— «ھايات» بىلەن «ئىنسان» نىڭ ، «ئىنسانىي» ھاياتنىڭ ھەقىقىي پەرقى ! مەن دەل مۇشۇ «ماھىيەت» ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى يوقاتقان خاك توزىنى ، جاننىڭ ئالىيسى تەنگە قايتا قوشۇلماق بولغاندەك ، مېنىڭ مۇناجىتىم يوقاتقان ئىنسانىي ماھىيەتلىرىمگە مۇيەسسەر بولماق .

«تۇپراقنىڭ مونولوگى»

مالائىكىلەر تۇپراققا ، قۇياش زېمىنگە ، تاغ چوققىلىرى ئېرەن جىلغىلارغا تەزىم قىلىدىغان زامانلاردىلا ئىنسانىيەت ئۆز ماھىيەتلىرىگە مۇيەسسەر بولۇشى مۇمكىن .

«تۇپراقنىڭ مونولوگى»

ھايات دېمەك —— ئىزلەنمەك دېمەك .

«ھايات»

تۇغۇلغىنىمدىن بېرى تۇپراقنى كۆرۈپ ، تۇپراق بىلەن ھەمپىلىشىپ كېلىۋاتىمەن . دەرسلىرىممۇ تۇپراق ، شېئىرلىرىممۇ تۇپراق ...خىياللىرىم تۇپراق ئىلتىجاسى !

«تۇپراقنىڭ مونولوگى»

مەن بىر سىقىم تۇپراق ! مېنى كۆپتۈرۈپ تۇرغان نەرسە سۇ ، ھاۋا بىلەن مەئىشەت .

مەن بىر سىقىم تۇپراق ! مېنى يالتىرىتىپ تۇرغان نەرسە ئەتراپىمدىكى تۇپراقلاردىن چۈشكەن نۇر قايتىمىسى بىلەن تۇپراقنىڭ ھېكمەتلىك يارالمىش تارىخى .

«تۇپراقنىڭ مونولوگى»

تۇپراق جانسىزنىڭ جانغا ئايلىنىشى ۋە جانىنىڭ جانسىزغا ئۆزگىرىشىنىڭ تۈمەن يىللىق ئاجايىپ ھېكايەتلىرى بىلەن «خېمىر» نى تاۋلىغان .

«تۇپراقنىڭ مونولوگى»

مەن — بىر سىقىم تۇپراق ! گاھىدا ھەسرەت كۆز ياشلىرىدىن لايغا ئايلىنىمەن . بەزىدە جاسارەت ئۇچقۇنلىرىدىن گاگدەك قاتىمەن ، بۇ كۆز ياشلار ، بۇ ئۇچقۇنلار مېنىڭ تارىخىم . مەن بىر قانىتى نەۋقىران ، بىر قانىتى سۇنغان بۈركۈتنىڭ پەرزەنتى .

«تۇپراقنىڭ مونولوگى»

مىللەت ھالى بىلەن كارى بولماسلىق ، مىللىي مەدەنىيەت يېڭىلىقلىرىنى ئېغىزغا ئېلىشنى ھار كۆرۈش ، باشقىلار گۈللىرىنىڭ گۈزەل ۋە خۇش پۇرىقىنى ئىنكار قىلىش ، كۆز يۇمۇۋېلىش ، سۆكۈتتە تۇرۇۋېلىش ، ئۇنى قارىلاش كاۋىكىنى مارىلاپ يېتىش ، ئۇنىڭغا بوھتان چاپلانسا يايراپ كېتىش — بىزدە ئۇچراپ تۇرىدىغان مەنىۋى ئىللەت . بۇ ئىللەت ساقلىنىپ تۇرسا ، ئۇنىڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈرمىگەن ۋىجدان ئاللىقاچان ئۆز ھاياتىدىن ئايرىلغان «ۋىجدان» دىن ئىبارەت .

«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى گۈللەندۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسى»

بىر مىللەتنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇنىڭ ئىجادىيەت كۈچى ۋە بۇ كۈچنى داۋاملىق ئىجاد قىلىپ تۇرۇش بىلەن ساقلىنىدۇ ، راۋاجلىنىدۇ .

«ھەشەمەتچىلىك ۋە غېرىب ـ غۇرۋالىق»



پۈتۈن دۇنيا مىللەتلىرى يېڭى تۇرمۇش سەۋىيىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ھەم شەخسىي ئىقتىدار بوشلۇقىنى ئېچىش ، ھەم مىللەتنى كۈللەندۈرۈش يولىغا قاراپ تېز ئىلگىرىلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە شۇنچە نادانلىق ، غېرىب - غۇرۋالىق ، قالاقلىق ، كېسەللىك بوپىسىنى يۇتۇپ تۇرغان بىزدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ ھەشەمەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشى ئېچىنىشلىق ئەمەسمۇ ؟

«ھەشەمەتچىلىك ۋە غېرىب - غۇرۋالىق»

ئانامۇ ، يارىممۇ ، بەختىم ھەم كۆلكەم ،
ئۆزۈڭسەن مۇقەددەس ئى ئالتۇن دىيار .
سەن بىلەن كۆڭۈل توق ، ھاياتىم كۆركەم ،
سەن بىلەن سېزىمەن غۇرۇر - ئىپتىخار .

«ئالتۇن تۇپراق»

مىللىي ئادەت ۋە يوسۇن مىللىي تۇرمۇش شەكلىدىن ئىبارەت . مىللىي تۇرمۇش شەكلى بىر تەرەپتىن تارىخىي مۇنەۋۋەر ئەنئەنىچىلىكنىڭ ئېتىنىك كۆرۈنۈشى بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ كەلگۈسكە يۈزلىنىدىغان مىليونلىغان ئەۋلادلارنى تەربىيىلەيدىغان ئائىلە ۋە جامائەتچىلىك مەكتىپى .

«ھەشەمەتچىلىك ۋە غېرىب - غۇرۋالىق»

قىزىل قان بەرگەن قۇربانلار ،
چوڭ چىلىشنىڭ مەرد شۇڭقارلىرى .
سىلەر بىلەن ئىپتىخارلىنار ،
پەخىرلىنەر تۇغقان ئانىلار .

«ئۇنتۇلماس قۇربانلارغا»



مەرىپەت — ئىقبال گۈلشىنىنىڭ شەرتىدۇر،
ئىلىم ـ مەرىپەت قۇدرەت ۋە نىجاتلىق يولىدۇر.

«يوللار»

ۋەتەن ئەڭ ئۇلۇغ ئانىدۇر. پەقەت قەيسەر ئوغۇللا ۋەتەننى ھەقىقىي سۆيەلەيدۇ.

«يوللار»

پاك مۇھەببەت مۇشكۈللەردىن غالىب كېلىدۇ.

«قەلب ئۇنچىلىرى»

ئىجتىمائىي مەدەنىيەت زىبۇزىننەت، ياسىداق سۆلەت ۋە ھەشەمەت بىلەن تىكلەنمەيدۇ، ئەكسىچە، يۇقىرى ئەقلىي تەپەككۇر ۋە مول ئۇنۇم بىلەن روياپقا چىقىدۇ.

«ھەشەمەتچىلىك ۋە غېرىب ـ غۇرۋالىق»

قىزغىن مېھماندوستلۇق مىللىتىمىزدىكى ئەنئەنىۋى پەزىلەت، ئاقىلانە مەدەنىيەتنىڭ بىر خىل ئىپادىسى.

«ھەشەمەتچىلىك ۋە غېرىب ـ غۇرۋالىق»

مىللەتنىڭ بىرلىك ـ ھەمدەملىكى ئۇنىڭ مەقسەتكە يېتىش كۆۋرۈكى.

«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»

مىللەتمۇ مەركەزگە ئىنتىلگۈچى، ئۇيۇشتۇرغۇچى كۈچتىن تەشكىل تاپقان تارىخىي، ئېتنىك قۇرۇلما. قۇرۇلملا بولىدىكەن، ئۇنىڭدا ئۇيۇشتۇرغۇچى كۈچ ۋە ئۇنىڭ قانچىلىك كۈچ دەرىجىدە



تۇرغانلىقى مەسىلىسى بولىدۇ .

«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»

خەلقنى پارچىلاش ، مىللەتنى خانىۋەيران قىلىش ھەسەتخورلۇقنىڭ ھەرىكەت نىشانىسى ۋە تارىخىي جىنايىتىدىن ئىبارەت .

«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»

ئىچكى بىرلىك ـ ھەمدەملىكى بولمىغان مىللەت ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان ئاگاھدىن — سۇبيېكتىپ ئاگاھدىن مەھرۇم مىللەت ، ئۆز ئىللەتلىرىنى ئۆزلۈكىدىن تازىلاپ ، تارىخ سەھنىسىدە تېز ئىلگىرىلەش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم مىللەت ، رىقابەتكە تولغان يېڭى زاماندا زامانغا لايىق جاسارەتتىن مەھرۇم مىللەت .

«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»

ئائىلە ، مەھەللە ، يۇرت ، روھىي يېتەكچىلەر (كاھىنلار ، مۇتەپەككۇرلار) ، سىياسىي ئەربابلار ، مىللىي قەھرىمانلار ، غايىۋى ئوبرازلار ، سودا ـ سانائەتچىلەر ، تەلىم ـ تەربىيىچىلەر ، ئەدىبلەر مىللەتنى ئۇيۇشتۇرىدىغان ئاساسىي مەنبە ، ئېقىم ، تارماق ۋە ئامىللار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇلارنىڭ قايسى بىرىدە مىللەتنى پارچىلايدىغان ، مىللەتنى روھىي جەھەتتە توزۇتىدىغان ، پۇچۇلدۇرىدىغان ئىللەت تۇغۇلسا ، ئۇ ئۆز رولىنى تەتۈر ئويناشقا باشلىغان ، بۇزۇلغان بولىدۇ .

«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»

مىللەت ئۆزىگە خاس بىرلىك ئالامەتلىرى ئاساسىدا تارىخىي يوسۇندا كونا ئەۋلاد ئورنىغا يېڭى ئەۋلاد ، كونا مەدەنىيەت ئورنىغا يېڭى مەدەنىيەت ، كونا تۇرمۇش ئورنىغا يېڭى تۇرمۇشنى داۋاملىق

ئالماشتۇرۇش ھەرىكىتى جەريانىدا تۇرىدۇ. بۇ ماھىيەتتە ئۈزلۈكسىز يېڭى تەركىبلەر بويىچە قايتا ئۇيۇشۇش جەريانىدىن ئىبارەت.

«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»

مىللەتنى تىل، تېررىتورىيە، ئىقتىسادىي ئېتنىك تۇرمۇش ۋە روھىي بىرلىك ئامىللىرى بىر گەۋدە قىلىپ تۇرىدۇ.

«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»

بىرلىك ـ ھەممەملىك مىللەتنىڭ ھاياتلىق ئالامىتىدىن ئىبارەت. جانلىق تەبىئەت شۇنى كۆرسەتتىكى، غەيرىي ئالىي ئىلكىدىكى ئىنستىنكتلىق (ئىقتىدارلىق) تۈركۈم تۈزۈلمىسى بىرقەدەر يۇقىرى دەرىجىدە تۇرىدىغان ھايۋانلار ھاياتىدىمۇ مۇھىم ھادىسە ھېسابلىنىدىكەن، ئۆز تۈركۈمىدىن ئايرىلىش ھالاكەت!

«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»

خەلقنىڭ پارچىلىنىشى ھەممىدە ئۆز مەنپەئىتىنى ئويلاشتىن پەيدا بولىدۇ.

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»

ھازىرقى بايلىقنى ئېچىش، كۆپ قىرلىق قۇرۇلۇش، ئىختىساسلىشىش، بېيىش، ئەقىل ئىقتىدارىنى ئېچىش رىقابەت ھارارىتىگە كۆتۈرۈلگەن زاماندا ھۇرۇن ـ بىكار تەلەپلىك ئۆز ـ ئۆزىنى خورلاشتىن، تېز ئېقىمدىن چەتتە قېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.
بىكار تەلەپلىك ئۆزىگە ۋە مىللەتكە ھالاكەت تىلەپ ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇشتۇر.

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»



سودا ـ سانائەتچى ياشلىرىمىزنىڭ مىللەتنىڭ يېڭى كەۋدىسى ۋە مىللىي ئىپپەت سارىيىنىڭ غول تۈۋرۈكلىرىدىن بولۇشى تارىخىمىزنىڭ ئۇلاردىن كۈتىدىغان تەلىپى .

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»

مىللەتنى يالغۇز توپ ـ زەمبىرەكلا ئەمەس ، چېكىملىك نەيچىسى ، ئىچىملىك رومكىسى بىلەن بۇزۇقچىلىقمۇ زەبۇن قىلالايدۇ !

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»

ئويغانماي خەلقنى سۆيىمەن دېمەكلىك بىر قۇرۇق داۋراڭدىن ئىبارەت .

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»

ئەقىل ئىنساننىڭ غەيرىي ھايۋانىي ئەۋزەللىكى ۋە ئىنسانىي تاكامۇللىشىش مۇمكىنلىكىنى تەشكىل قىلغان . ئەقىلنى رەت قىلغان ، نادانلىقتا چۆكۈپ كېتىۋەرگەن مىللەتنىڭ ئارقىدا قېلىشى ، پارچىلىنىشى ، توزۇپ كېتىشىدىن ئىبارەت «ھالاكەت تىراگېدىيىسى»نىڭ ھەر بىر باسقۇچىغا ھەسەتخورلۇق روھىي كېسەللىكى سىڭگەن .

«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»

گۈللەنگەن مىللەتلەرنىڭ ھايات يولى ئىسپاتلىدىكى ، مىللەتكە يېمەك ـ ئىچمەك ، ئۆي ـ ماكاندىن باشقا مۇھىمى مىللىي روھىيەت لازىم . بۇ مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچ مەنبەسى بولغان روھىي ئېتىقاد ، مىللىي ئەنئەنە ، يېڭىلىقتا ئىنتىلىش ، مەنىۋى يېتەكچىلىك نوپۇزى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»



نوپۇز — ئىجتىمائىي ھادىسە . يالغان نوپۇز بولمىسىلا ، ئارقىغا سۈرمىدىغان نوپۇز بولمىسىلا ، ئەكسىيەتچى نوپۇز بولمىسىلا ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئەقلى ، ۋىجدانى ، شان ـ شەرىپىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىپتىخار مۆجىزىسى ھېسابلىنىدۇ . ھەقىقىي ھالال ۋە ئىلغار تەپەككۇر نوپۇزى مىللەتنىڭ نۇرانە چىراغلىرى بولۇپ ، ئۇنىڭ بولغانلىقى بىلەن بولمىغانلىقىنىڭ پەرقى چوڭ .

«ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»

ئۇ دەرغەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى : مۇناپىق !

بۇ پۇتكۇل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق قارغىشى ئىدى . ئۆز خەلقىگە ۋاپا قىلمىغان ئىنساننىڭ باشقا خەلققە قىلچە ۋاپا قىلمايدىغانلىقى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم ئىدى .

«تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»

خەلقتىن بىر قەدەم چەتنەپ تۇرۇپ ، ئادالەتتىن بىر ئېغىز سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ .

ئادالەت باشقا نەرسە ئەمەس ، ئۇ خەلقنىڭ تارىخى ، كۆڭۈلىنىڭ مەنتىقىسى ۋە بېجىرىم ھېساب ـ كىتابى .

«تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»

بىز يۈزلىگەن مىللەت خەلقىگە رەھمەت ئېيتىشىمىز كېرەك . ئىنسانىيەتنىڭ رەڭگارەڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتى مۇشۇ ھەر خىل مىللەت خەلقىنىڭ تارىخىي تۆھپىسى . ئەگەر ئەلمىساق بىرلا مىللەتتىن يارالغان بولسا ، كىشىلىك شەھىرى بىرلا ماگىزىندەك ، ئىنسانىيەت سەپىرى بىرلا دۇكانلىق ئۆتەڭدەك زېرىكەرلىك بولغان بولاتتى . پۈتۈن ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرۇۋاتقان نەرسە ، ھەر خىل



ماگىزىن ۋە كارخانىلىرى بولغان شەھەر ھاياتىدەك ، ھەر خىل مىللەتكە تولغان ئىنسانىيەت دۇنياسىدىن ئىبارەت .

مىللەتلەرنى كەمسىتىش پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ھاقارەتلەشتۇر .

«تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»

ئەل - يۇرت ۋەيرانچىلىقتا تولدى ئىنسانىنى پەقەت بىرلا يول — ئەقىل - پاراسەت يولى بىرلىككە كەلتۈرەلەيدۇ . ئەقىل - پاراسەت ، پىكىر - مۇھاكىمە بىرلىككە كەلمىسە ، ئۇرۇش - يېغىلىق ، جەڭ - جېدەل توختىمايدۇ .

«كومىراجىۋا»

ئانا يۇرت ئىشقى ، خەلق پىراقى ھاياتلىقتىكى ئەڭ ئېغىر قايغۇ - ھەسرەتتۇر .

«كومىراجىۋا»

دەريانىڭ ھەر تامچە سۈيى دەريانى سۆيگەندەك سۆيىمەن سېنى دەريايىم .

ياش قوزا سۆيگەندەك ئانا باغرىنى ،
سۆيىمەن باغرىڭنى ئېھ كەڭ دىيارىم .

«ئالتۇن تۇپراق»



## 14 ـ باب

# ۋاقىت

— ※ —

مېنىڭ قەلبىمدە بارلىق زورلۇقلارنىڭ شاھەنشاھى بولغان ۋاقىت قۇدرىتىنى يېڭەلىگەن كىچىككىنە قەھرىمانىنىڭ مەيخانىسى تۇرۇپتۇ. ئۇ ھاپىزنىڭ خانىقاسى، تەرسانىڭ ئېھرامى ئەمەس. بۇ پەرۋانىدەك قەيسەر ۋە پەرۋانە ئۇۋىسىدەك كىچىككىنە يۈرەك.

«كاككۇكنامە»

ۋاقىت —قۇدرەتلىك نوپۇز.

ۋاقىت —رەھىمسىز زوراۋان. يۈز يىللاپ ياشىغان ھېيلىگەر تۈلكە ۋاقىت سەييارى ئالدىدا ئاجىز ئەسىرگە ئايلىنىدۇ. نوھنىڭ كېمىسى، پىرئەۋننىڭ مومىياسى، ساكيامۇنىنىڭ جەسەت ساندۇقى، ئىبراھىمنىڭ غارى ۋاقىت ئالدىدا زەئىپ.

«كاككۇكنامە»

ۋاقىت —ھاياتلىق ئورمىنىنى ئورىدىغان ئورغاق، گۈزەللىك يايلىقىدا جەۋلان قىلىپ يۈرگەن ئۆتكۈر چالغا.

«كاككۇكنامە»

ۋاقىتنىڭ ئەجدىھاسىدىن غالىب چىقىش ئۈچۈن شۇنداق گۈزەللىك چوققىسىغا چىققىنىكى، كەلگۈسىدە جىسمىڭ تەبىئەت قوينىغا، روھىڭ خەلق قەلبىگە كۆمۈلىدىغان بولسۇن.

«كاككۇكنامە»



ۋاقىت زومىگەرى سېنىڭ ھۆسنىڭدىكى گۈزەللىك خەزىنى-
سىگە چاڭ سالىدۇ . ھەسرەت زېمىستانى قۇندۇز چېچىڭغا قىرو
تاشلايدۇ . ھەۋەس كۆزلىرى خېرىدارلىق زوقىنى بىۋاپالىق بىلەن
كۈكۈمدىن تاشقا يۆتكەيدۇ .

«كاككۇكنامە»

ۋاقىت ــ ئاددىيلا دەقىقىلەر دەرياسى ئەمەس ، ئۇ ئاددىيلا
كېئومېتىرىك سىزىق ئەمەس ! ۋاقىت ــ ئۆتكۈ . ئۇ ئۆز ھالىتى ،
ۋەزنى ، ساپاسى ، ماھىيىتى ۋە قۇدرىتىنى تىنىمسىز ئۆزگەرتىپ
تۇرىدىغان تېرىگونومېتىرىيىلىك ئۆركەش . ئۇ تامچە بولۇپ ،
ئارقىدىنلا بۇلاق بولۇپ ، ئارقىدىنلا دەريا بولۇپ ، ئارقىدىنلا دې-
ڭىز ـ ئوكيان بولۇپ ھەسسىلەپ قىممەت يارىتىدىغان تىلسىم . ئۇ
يوللار روجەكلىرىنى ، پىكىر ئۇچقۇنلىرىنى ، سەنئەت نەفاسەتلى-
رىنى ، بىلىش سىستېمىلىرىنى ، ئىنسان ئەۋلادلىرىنى ، مىللەت
ساپاسىنى ، ئىنسانىيەت ئىقتىدارىنى ھەر قېتىم تېرىگونومېترىك
يۈكسەلدۈرۈپ ئىلگىرىلەيدىغان مۆجىزىلىك ئېقىم .

«ۋاقىت ، ساڭا ئالدانمايدۇ»

ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلىش ئۆزىنىڭ قىممىتىنى قىلىش
دېگەنلىكتۇر .

«ئائىلە ۋە جەمئىيەت»

ۋاقىت يول ئاچىدۇ ، تاۋلايدۇ ، ھەممىنى ھازىرلايدۇ ، سىگنال
تارقىتىدۇ ، ئۆزى ھەققىدە ئاكتىپورلۇق قىلىدىغان شەخسلەرنى يا-
رىتىدۇ . ئۇ مۆجىزىدار ياراتقۇچى جۇغلانما ۋە بىۋاپا ، شەپقەتسىز
ھالاك قىلغۇچى مېۋە !

«ۋاقىت ، ساڭا ئالدانمايدۇ»

ۋاقىت ھىدايەتكار سېخىي! ئۇ بىكار تەلەپكە مەنىسىز، ئۈمىدسىز ۋاقىت ئاتا قىلغان. ئۇ ھەتتا مەغرۇر، كاززاپ ۋە ھاماقەتكىمۇ كەڭ كۆشادە ۋاقىت ئاتا قىلىدۇ. ۋاقىتنىڭ سېخىيلىق تاناۋىنىڭ قانچىلىك ئۇزۇنلۇقىنى ئۇنىڭ تەنتەك سۇيىقەست پىلانلىغۇچىغا بەرگەن مۇمكىنلىكلىرىدىن بايقا. ۋاقىت ئۇلارغا «نېمە قىلىمەن دېسەم، شۇنى قىلىمەن» دېگەن كالتا ھەمدە ئەسەبىي مۇددىئاغا پۇرسەت ئاتا قىلىدۇ. ئەمما، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى، ھەتتا ئۆز - ئۆزىنى ئالداپ ئۆز - ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرەلمەيدۇ.

«ۋاقىت، ساڭا ئالدانمايدۇ»

ۋاقىت خەسىس رەشىكچى! ئۇ ھەممىنىڭ يولىنى تورايدۇ. ھەممىگە ئۆمۈر چېكى ۋە ئېزگۈلۈك ئۆلچىمى بىلەن قاتتىق قوللۇق قىلىدۇ.

«ۋاقىت، ساڭا ئالدانمايدۇ»

ۋاقىت ئۇ مىليون - مىليون كىشىلىك قوشۇن، مىليون - مىليون قامۇسنامە بىلەن ئون يىللاپ، خەرىتىلەپ ھەتتا ئەسىرلەپ «تونى پىچىلىپ كەتكەن» بەرقارارلىقنىمۇ قايتىدىن چۇۋۇپ، ئۆز ئۆلچەملىرى بويىچە ھەقىقىي تارىخ قەسرىگە ئۆتكۈزىدۇ ياكى رەت قىلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر شۇ نەرسىنى بىلمەيدۇكى، ۋاقىت ھەقىقىي قىممەتلىك، ھەقىقىي مۇقەددەس، مەڭگۈ تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئۆلمەس نەرسىلەرنىلا، يەكۈنلەرنىلا تارىخ قاتلاملىرىغا ئۆتكۈزىدۇ. ۋاقىت ھىيلىگەرنىڭ شېرىكى، ئوغرىنىڭ قازناقچىسى، سۇيىقەستنىڭ ھامىيسى ئەمەس. ۋاقىت قىلنى قىرىق



يارىدىغان ئادىل سودىيە . ئۇ ئۆلۈكنى تىقىپ قويىدىغان قار دۆۋى-
سى ئەمەس .

«ۋاقىت ، ساڭا ئالدانمايدۇ»

ۋاقىت يېتىلدۈرۈش دېمەكتۇر ؛ ئۇ يېتىلدۈرىدۇ ، يېتىلىدۇ . ئالغا قاراپ ، يورۇقلۇققا قاراپ ، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئەركىن تەبىئى-
يىتى ، ئەركىن روھىيىتى ، ئەركىن كامالىتىگە قاراپ ئىلگىرىلەش —
« ۋاقىتنىڭ ئىرادىسى » ۋە « تۆمۈر قانۇنى » ئەنە شۇ !

«ۋاقىت ، ساڭا ئالدانمايدۇ»

ھايات دەرىخىدە يېتىشكەن ئەقىل – ئىدراك مېۋىسىنى ، ۋا-
قىت داۋىنىدا ھاسىل بولغان ھېكمەت – پاراسەت خەزىنىسىنى ئې-
كىلەش ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆز – ئۆزىنى كامالەتكە ئېرىشتۈرۈش-
نىڭ زۆرۈر ئۆتكەلىدۇر .

«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»



## 15 ـ باب

# كىشىلىك ھايات

— ※ —

بېغىمىنىڭ باراقسان مېۋىلىرى ئالدىمدا تۇرسىمۇ ئۇنى كۆرەلمەيمەن، ئۇنىڭ شېرىن ھىدىنى سېزىمەن، ئۇنى تۇتالمايمەن، بۇ مەھكۇملۇق...

«كاككۇكنامە»

ئېھ! گۈل مېنىڭ شېئىرلىرىمنى قوبۇل قىلغىن. مېنىڭ ھاياتىم شېئىرلىرىمدا. ئۇ مېنىڭ ئاچلىق ئەرزنامەم، بۇ سېنىڭ گۈزەللىكىڭ ھەققىدىكى ئىقرارىم، بۇ مېنىڭ ساڭا ئاتىغان مەرۋايىت خەزىنەم.

«كاككۇكنامە»

ئاي ھۆسنىنى يۈزۈڭگە بەردىڭ، نېمە ئۈچۈن؟
تۈن رەڭگىنى چېچىڭغا بەردىڭ، نېمە ئۈچۈن؟
مېنى ئىشقىڭ تۈپەيلى ھايات ۋە مامات ئارىسىدا شەرمىسار قىلىش ئۈچۈنمۇ!

گۈللىرىڭگە زوقلىنىمەن، يوپۇرماقلىرىڭغا ئېھتىرام بىلدۈرىمەن. چېچەكلىرىڭ خېرىدارلىق تاپقاندا تەمەننا قىلمىغىن، سېنىڭ قەدىرىڭنى ئاشۇرغىنى قەدىردان ۋە ۋاپادار يوپۇرماق.

«كاككۇكنامە»



ئۆلۈم ۋەسۋەسىنى يېڭىپ ، ھاياتنىڭ نۇرانە تەبەسسۇمىدىن زوقلىنىمەن .

«كاككۇكنامە»

ئۆلۈم —ھاياتنىڭ قەرزىنى قىستاپ يۈرگەن سۈتخور ، يۈرەكسىز مۇھەببەتنىڭ ئاشىقى ، مۇزلىغان ۋۇجۇدنىڭ مۇرەببىي .

«كاككۇكنامە»

ھايات —ئۆلۈم دېڭىزىدا نۇر چېچىپ كېلىۋاتقان ماياكلىق كېمە .

«كاككۇكنامە»

ئاي يورۇقى يېقىملىق يېرىم قاراڭغۇلۇق ،
مەي تەسىرى نازۇك يېرىم ھاياتلىق .
سەن بىلەن سەيلە قىلىپ كۆزلىرىڭگە يېنىپ قارىماق ،
ۋىنوسىزمۇ مەست قىلىدىغان شېرىن ئىچىملىك...

«كاككۇكنامە»

ئىنساننىڭ دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك قاراشنى تىكلىمەي تۇرۇپ ، كونكرېت شەيئىي ۋە ھادىسىلەرگە قاراتقان پوزىتسىيە سىستېمىسىنى تىكلىيەلىشى مۇمكىن ئەمەس .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

گۈزەللىك قارىشى ئىنساننىڭ ئېستېتىك قارىشى ۋە كىشىلىك قارىشىدىن ئىبارەت .

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»

ھېكمەت دەستۇرىنىڭ جۇملىسى جاھان ،
غاپىللىق ، تەرسالىق ، تارلىق ـ نادانلىق .
كەڭ نەزەر قۇياشقا ھەتتا كەڭ ماكان ،
تار لەھەت ئىچىدە نە شان ، نە تارىخ !

«يوللار»

بۇلاقلارنىڭ ئېقىنلىرىدىن دەريالار ھاسىل بولىدۇ .
ئەۋلادلارنىڭ ئەجىر ـ ئەمگەكلىرىدىن ئورمانلار ئەھيا بولىدۇ .

«قەلب ئۈنچىلىرى»

ھەممە يەردە يول بار . دېڭىزدا ، زېمىندا ، كۆكتە ، قەلبتە ، رىشتىدە ، پەقەت ساپ كۆڭۈللەرلا ياخشى يولغا مۇيەسسەر بولالايدۇ .

«يوللار»

قەھرىمانلارنىڭ جەسەتلىرى لەھەتتە جانسىز بولغىنى بىلەن ، ئۇلارنىڭ روھى تىللاردا ۋە قەلبلەردە مەڭگۈ تەرىپلىنىدۇ ۋە ساقلىنىدۇ .

«قەلب ئۈنچىلىرى»

توغرا يول ھەمىشە ئۇدۇل كۆرۈنمەس .

«يوللار»

ئۈمىد يوللىرىمۇ يوللاردەك ئەگرى .

«يوللار»



ئېرپان يوللىرى جاپالىق ۋە مۈشكۈل يولدۇر .

«يوللار»

زېمىن — بىر توم كىتاب .

«پرومېتې ۋە ئادەم»

يوللار — قەلبلەردىن كائىناتقا تۇتىشىدۇ . تېلېسكوپ ، مىكروسكوپ ئىچىدىمۇ يول بار . ئىنسان ئىستىكى ۋە ئىقبالى ئۆز يولىنى تاللايدۇ .

«يوللار»

يىلتىز بولماي تۇرۇپ چېچەك ئېچىلمايدۇ ، ھاياتلىق سەپىرىدە يوللارنى بايقىماق ئەۋزەل ، بىلىش ۋە تىلسىملارنىڭ چىرىغى — ئەقىل ۋە ئىدراكتۇر .

«يوللار»

يۈكسەك مۇھەببەت ئىچىدە پىتنە ۋە ھىيلىلەرگە پەرۋا قىلمايمەن .

سۆيگۈ رىشتىنى ئۆلۈمدىن باشقىسى كېسەلمەيدۇ .

«قەلب ئۈنچىلىرى»

## تۈزگۈچىدىن

ئۆزىنىڭ ھاياتىدا ئۇنتۇلماس ۋە قىممەتلىك ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئادەملەرلا خەلق قەلبىدە ئەبەدىي يادلىنىدۇ . ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەنە شۇنداق ئۆز ھاياتىنى ئىلىمگە ئاتىغان ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتكۈل يۈرەك قېنىنى سەرپ ئەتكەن ئادەم .

ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تەتقىقاتى ساھەسىدىكى تولدۇرۇۋالغۇسىز ئورنىغا مەيلى ئۆتمۈش ياكى بۈگۈن ۋە ياكى كېلەچەك نۇقتىسىدىن قارايلى ، ئالىمنىڭ سەمەرىلىك ئەمگىكىنىڭ ھەققەتەن سۆزسىز يوسۇندا كۆپ خىل پەنلەر ئارىلىشىپ كەتكەن مۇكەممەل ، سىستېمىلىق ۋە ئۇلۇغ ئەقلىي بايلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمىز .

ئۇنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە روياپقا چىققان «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ، «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ، «غەربىي يۇرت تاش كېمىر سەنئىتى» ، «قاتلاملىق ئېستېتىكا» ، «ئومۇمىي ئېستېتىكا» ، «قۇتادغۇ بىلىك» خەزىنىسى» ، «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» ، «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» ،«چۇغلۇق» ، « تۇران تارىخى » ، «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە» ۋە «رۇبائىيات» قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىلمىي ۋە ئەدەبىي كىتابلىرى بىزنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ، تارىخى ، جەمئىيەتشۇناسلىق ، تۈركولوگىيە ، ئارخېئولوگىيە ، ئېتنوگرافىيە ، دىن ، مائارىپ ، ئېتىكا ، فولكلور ۋە ناخشا ـ مۇزىكا قاتارلىق كۆپ قاتلاملىق ۋە پەندىن ھالقىغان ئىلمىي تەتقىقاتىمىزغا چەكسىز مۇمكىنچىلىك ، چوڭقۇرلۇق ۋە يۈكسىلىش ئاتا قىلدى . پەقەت



ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىنلا ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسى تەتقىقاتىغا ھەقىقىي باشلىنىش ۋە كۆرۈنەرلىك يۈكسىلىش ئاتا قىلدى . دېمەك ئالىمنىڭ ئىلىم ئۈچۈن سەرپ قىلغان ھاياتى ۋە قان - تەرىنى ئەڭ ئەھمىيەتلىك ياشاش ۋە ئەڭ قىممەتلىك بېغىشلاش روھى دېيىشكە بولىدۇ .

خەلق — دۇنيادىكى پۈتكۈل يارىتىلغان قىممەتلەرنى رېئاللاشتۇرغۇچى ۋە بۇلاردىن خۇلاسە چىقارغۇچى ، خەلقنىڭ قىممەت قارىشى ۋە خۇلاسىسى ئەلۋەتتە تارىخنىڭ ئەڭ شەپقەتسىز تاللاشلىرىدىن ئۆتىدۇ ۋە مەڭگۈلۈك بولۇپ قالىدۇ . ئالىمنىڭ 62 يىللىق شانلىق ھاياتىدىن رېئاللىقىمىزغا نەزەر سالغىنىمىزدا شۇنى سۈكۈت ئىچىدە بايقايمىزكى ، ئالىم قالدۇرۇپ كەتكەن ئىلىم جەھەتتىكى بوشلۇق بارغانسېرى بىلىنىۋاتىدۇ !

مەنمۇ مىليون خەلقنىڭ قاتارى بۇ پەخىرلىك ئالىمىمىزغا ھۆرمەت بىلدۈرىمەن . بىرنەچچە قېتىملىق ئۇنتۇلغۇسىز ئىلمىي سۆھبەتلەر بىزنىڭ رىشتىمىزنى بىر يىپقا باغلاپ قويدى . شۇنىڭدىن بېرى ئۇ مېنىڭ سۆيۈملۈك ئۇستازىم بولۇپ قالدى . مەرھۇم ئالىم بىزدىن بىمەھەل ئايرىلغان بولسىمۇ ، ئۇ ھېلىھەم بىزنىڭ قاتارىمىزدا ياشىماقتا ، بىز بىلەن مەڭگۈ تەتقىق قىلىپ ئاخىرلاشتۇرغىلى بولمايدىغان ھەم چېكىگە يەتكىلى بولمايدىغان ئىلىم ھەققىدە سۆھبەتلەشمەكتە . قولىڭىزدىكى ئالىمنىڭ ھاياتلىق رىسالىسى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسى بولمىش «ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ھېكمەتلىرى» ئۇنىڭ ئارىمىزدا ، قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات ئىكەنلىكىنىڭ روشەن دەلىلى .

مەن 1997 - يىلدىن بېرى قولىڭىزدىكى بۇ كىتابنى تۈزۈشكە باشلاپ ، ئاخىر 2000 - يىلىنىڭ بېشىدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا



تاپشۇردۇم . شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ، بۇ كىتابنى تۈزۈشكە ھەر جەھەتتىن قىزغىن ياردەمدە بولغان مەرھۇم ئالىمنىڭ ئايالى رەنا مەخسۇت ۋە پەرزەنتلىرىگە چوڭقۇر تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرىمەن . كىتابنى قولىمىزغا ئېلىپ بەتمۇبەت ئوقۇۋاتقىنىمىزدا ھاياتىنى ۋە پۈتكۈل بارلىقىنى ئىلىم ئۈچۈن ئۈن ـ تىنسىز ، داغدۇغىسىز ۋە تەمەننادىن خالىي سەرپ ئەتكەن ئۇستازىمىز ، ئالىمىمىز ۋە ئىس-تېداتلىق شائىرىمىز مەرھۇم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ مۇ-بارەك نامىنى چوڭقۇر سېغىنىش ۋە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىمىز .

ئىبراھىم ئالپ تېكىن

2000 ـ يىل يانۋار ، ئۈرۈمچى

**ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ھېكمەتلىرى**

ئىبراھىم ئالپ تېكىن تۈزگەن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى

( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)

شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى : 850×1168 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى : 7.875 قىستۇرما ۋارىقى : 2

2000 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

2000 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

تىراژى : 1— 3,000

ISBN7—228—05757—0/H · 164

باھاسى : 15.00 يۈەن

مەسئۇل مۇھەررىر : مەمتىمىن ئەلا
مەسئۇل كوررېكتور : ئادالەت مەخسۇت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئابلىمىت رۇزى




ISBN 7-228-05757-0
9 787228 057573 >

ISBN 7- 228- 05757- 0
H · 164（民文） 定价: 15.00 元